


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سىكانىرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

پۈتۈن كۈنلۈك ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# فىزىكا

1 ـ قىسىم



WULI

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

Scanned by CamScanner





1 -رەسىم قۇياشنىڭ سىرتقى يۈزى ئەگمە شەكىللىك قىسمى قۇياش قۇلىقى، قارا قىسمى قۇياش دېغى

2 -رەسىم موللاقچى پويىز



3- رەسىم ئاندرومېدا يۇلتۇزلار تۈركۈمى تۇمانلىقى

Scanned by CamScanner

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ............ 1


## مېخانىكا


**بىرىنچى باب . كۈچ ............ 2**

§ 1 . كۈچ ............ 3

§ 2 . ئېغىرلىق كۈچى ............ 4

§ 3 . ئېلاستىك كۈچ ............ 6

§ 4 . سۈركىلىش كۈچى ............ 9

ئوقۇش ماتېرىيالى : ئاقار جىسىملارنىڭ قارشىلىقى ............ 12

§ 5 . كۈچلەرنى قوشۇش ............ 14

§ 6 . كۈچنى ئاجرىتىش ............ 16

**ئىككىنچى باب . تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت ............ 21**

§ 1 . بىرنەچچە ئاساسىي ئۇقۇم ............ 22

§ 2 . يۆتكىلىش بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتى ............ 26

§ 3 . ھەرىكەتنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى تەسۋىرلەش ۋە تېزلىك ............ 28

ئوقۇش ماتېرىيالى : پەيتلىك تېزلىكنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ ............ 29

§ 4 . تېزلىك بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتى ............ 31

§ 5 . تېزلىك ئۆزگىرىشىنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى تەسۋىرلەش ۋە تېزلىنىش ............ 34

§ 6 . تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ قانۇنىيىتى ............ 36

ئوقۇش ماتېرىيالى : يۆتكىلىش فورمۇلىسىنىڭ ئىككىنچى بىرخىل كەلتۈرۈپ چىقىرىلىشى ............ 38

§ 7 . تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قانۇنىيىتىنىڭ قوللىنىلىشى ............ 39

§ 8 . جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى ............ 41

ئوقۇش ماتېرىيالى : گالىلېينىڭ جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىشى ............ 44

**ئۈچىنچى باب . نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى ............ 50**

§ 1 . نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى ............ 51

ئوقۇش ماتېرىيالى : ئېينىشتېيننىڭ گالىلېينىڭ تۆھپىلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ............ 53

§ 2 . جىسىملارنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ............ 55

§ 3 . نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى ............ 56

§ 4 . نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنى ............ 60

§ 5 . مېخانىكا بىرلىكلەر سىستېمىسى ............ 62

§ 6 . نيۇتون ھەرىكەت قانۇنلىرىنىڭ قوللىنىلىشى ............ 64

ئوقۇش ماتېرىيالى : دىنامىكا ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ماسسىنى ئۆلچەش ............ 66




Scanned by CamScanner

§ 7 . ئېغىرلىق ئېشىپ كېتىش ۋە ئېغىرلىق يوقىتىش ...... 67

ئوقۇش ماتېرىيالى : ئېغىرلىق يوقىتىش ۋە ئالەمنى ئېچىش ...... 69

§ 8* . ئىنېرتسىيىلىك سىستېما ۋە غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېما ...... 71

§ 9 . نيۇتون ھەرىكەت قانۇنلىرىنىڭ مۇۋاپىق كېلىش دائىرىسى ...... 74

## تۆتىنچى باب . جىسىملارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ...... 77

§ 1 . ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەر تەسىرىدىكى جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ...... 78

§ 2 . ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىنىڭ قوللىنىلىشى ...... 79

§ 3* . مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ...... 81

§ 4* . كۈچ مومېنتلىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىنىڭ قوللىنىلىشى ...... 83

ئوقۇش ماتېرىيالى : تەڭپۇڭلۇقنىڭ تۈرلىرى ۋە تۇرغۇنلۇق ...... 85

## بەشىنچى باب . ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت ...... 88

§ 1 . ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت ...... 89

§ 2 . ھەرىكەتلەرنى قوشۇش ۋە ئاجرىتىش ...... 92

§ 3 . گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەرىكىتى ...... 95

§ 4 . چەمبەر بويىلما تەكشى ھەرىكەت ...... 100

§ 5 . مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ ۋە مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىش ...... 103

ئوقۇش ماتېرىيالى : مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنىڭ فورمۇلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ...... 105

§ 6 . چەمبەر بويىلما تەكشى ھەرىكەتكە دائىر ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ...... 107

§ 7 . مەركەزدىن قېچىش ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ...... 110

## ئالتىنچى باب . ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنى ...... 114

§ 1 . سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتى ...... 115

§ 2 . ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنى ...... 116

§ 3 . ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقىنى ئۆلچەش ...... 119

§ 4 . ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنىڭ ئاسترونومىيىدىكى قوللىنىلىشى ...... 121

§ 5 . يەر شارىنىڭ سۈنئىي ھەمراھى ۋە ئالەم تېزلىكى ...... 122

ئوقۇش ماتېرىيالى : قارا ئۆڭكۈر ...... 123

§ 6* . سەييارە ، تۇرغۇن يۇلتۇز ، يۇلتۇزلار سىستېمىسى ۋە ئالەم ...... 125

## يەتتىنچى باب . مېخانىك ئېنېرگىيە ...... 130

§ 1 . ئىش ...... 131

ئوقۇش ماتېرىيالى : ئۆزگىرىشچان كۈچلەرنىڭ ئىشلىگەن ئىشى ...... 133

§ 2 . قۇۋۋەت ...... 134

§ 3 . ئىش ۋە ئېنېرگىيە ...... 136

§ 4 . ھەرىكەت ئېنېرگىيە ۋە ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسى ...... 137

§ 5 . ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى ...... 141

§ 6 . مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى ...... 144

§ 7 . مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنىڭ قوللىنىلىشى ...... 147




Scanned by CamScanner

ئوقۇغۇچىلار تەجرىبىسى ..........

I ئۆز ۋىتلۇقنى ئۆلچەش ..........
II كۆچلەرنىڭ پاراللېل ئۆت تەرەپلىك قائىدىسىنى ئىسپاتلاش ..........
III چېكىتچى تايمېرنى ئىشلىتىشنى مەشىق قىلىش ..........
IV ئۆز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنى تەتقىق قىلىش ..........
V گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىش ..........
VI مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى ئىسپاتلاش ..........
VII ئېلاستىك كۈچ بىلەن پۇرژىنا سوزۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ..........

تېما تەتقىقاتى ..........

1 . تەجرىبە : سىيرىلما سۈركىلىش كۈچىگە تەسىر قىلىدىغان ئامىللارنى تەتقىق قىلىش ...
2 . تەتقىقات دوكلاتى : قىڭراقتىكى مېخانىكىغا دائىر بىلىملەر ..........
3 . تېخنىكىلىق ياساش : سۇ «راكېتا»نى تەتقىق قىلىپ ياساش ..........
4 . تەتقىقات دوكلاتى : تورمۇز بېرىلگەن چاغدىكى چاقنىڭ ھەرىكەتلەنمەي قېلىشىنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلىرى ..........

قوشۇمچە : ..........

خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسى (SI) ..........
بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچە - ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى ..........

## §1 . كۈچ

**كۈچ ۋە كۈچنى گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەش** . كۈچ بولسا جىسىملار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىردىن ئىبارەت . بىر جىسىم كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىسا ، بۇ خىل تەسىرنى چوقۇم ئىككىنچى بىر جىسىم چۈشۈرگەن بولىدۇ . ئالدىنقىسى كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچى جىسىم ، كېيىنكىسى كۈچ چۈشۈرگۈچى جىسىم بولىدۇ . پەقەت كۈچ بولىدىكەن ، چوقۇم كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچى جىسىم بىلەن كۈچ چۈشۈرگۈچى جىسىم بولىدۇ . بەزىدە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ، كۈچ چۈشۈرگۈچى جىسىمنى دېمەستىنلا ، پەقەت جىسىم كۈچكە ئۇچرىدى دەپ قويىمىز ، لېكىن ئەمەلىيەتتە كۈچ چۈشۈرگۈچى جىسىم چوقۇم مەۋجۇت بولىدۇ .

كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى دىنامومېتىر (پۇرژىنىلىق تارازا) ئارقىلىق ئۆلچەشكە بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەنىدۇق . خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا كۈچنىڭ بىرلىكى نيۇتون ، بەلگىسى N . كۈچ چوڭ-كىچىكلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، يەنە يۆنىلىشكىمۇ ئىگە . جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچى ۋېرتىكال (تىك) تۆۋەنگە قارىتا بولىدۇ ، جىسىمنىڭ سۇيۇقلۇقتا ئۇچرىغان لەيلىتىش كۈچى ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا بولىدۇ . كۈچنىڭ يۆنىلىشى ئوخشاش بولمىسا ، ئۇنىڭ تەسىر قىلىش ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . ئەگەر ھەرىكەتتىكى جىسىمغا تەسىر قىلغان كۈچنىڭ يۆنىلىشى ھەرىكەت يۆنىلىشىگە ئوخشاش بولسا ، بۇ جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىدۇ ؛ ئەگەر كۈچنىڭ يۆنىلىشى ھەرىكەت يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى بولسا ، بۇ جىسىمنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ . دېمەك ، بىر كۈچنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن ، كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىدىن باشقا ، يەنە كۈچنىڭ يۆنىلىشىنىمۇ كۆرسىتىش كېرەك .

كۈچنى بىر تال ئىستىرېلكىلىق كېسىك ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ . كېسىك بەلگىلىك نىسبەت (ئۆلچەم) بويىچە سىزىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يۆنىلىشى كۈچنىڭ يۆنىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ ، ئىستىرېلكىنىڭ بېشى ياكى قۇيرۇقى كۈچنىڭ تەسىر قىلىش نۇقتىسىنى ئىپادىلەيدۇ ، كۈچنىڭ يۆنىلىشىنى بويلىغان تۈز سىزىق كۈچنىڭ تەسىر قىلىش سىزىقى دەپ ئاتىلىدۇ . كۈچنى بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى كۈچنى گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەش دەپ ئاتىلىدۇ .




1.1-رەسىم. كۈچنى گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەش (رەسىمدىكى ئۇزۇك سىزىق كۈچنىڭ تەسىر قىلىش سىزىقىنى ئىپادىلەيدۇ)

1 .1-رەسىمدىكى كۈچنىڭ گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كىچىك ھارۋىغا تەسىر قىلغان كۈچنىڭ 100 N ، يۆنىلىشىنىڭ گورىزونتال سولغا قارىتا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . بەزىدە كۈچنىڭ سخېمىسىنىلا سىزىشقا توغرا كېلىدۇ ، يەنى رەسىمدە كۈچنىڭ يۆنىلىشىنى سىزىپ ، جىسىمنىڭ بۇ يۆنىلىشتە كۈچكە ئۇچرىغانلىقىنى ئىپادىلىسە بولىدۇ .

**كۈچلەرنىڭ تۈرلىرى** كۈچلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن قارىغاندا ، مېخانىكىدا ئېغىرلىق كۈچى ، ئېلاستىك كۈچ ، سۈركىلىش كۈچى قاتارلىقلار كۆپ ئۇچرايدۇ . بىز يەنە تارتىش كۈچى ، بېسىم كۈچى ، تىرەش كۈچى ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ، قارشىلىق كۈچى قاتارلىقلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە كۈچنىڭ ئۈنۈمىگە قاراپ نام بېرىلگەن . ئۈنۈمى ئوخشاش بولمىغان كۈچلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى



Scanned by CamScanner

ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن . مەسىلەن ، بېسىم كۈچى بىلەن تىرەش كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى ئېلاستىك كۈچ بولۇپ ، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۈنۈمىلا ئوخشاش ئەمەس . خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغان كۈچلەرنىڭ ئۈنۈمى ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن . مەسىلەن ، مەيلى قانداق خۇسۇسىيەتلىك كۈچ بولسۇن ، پەقەت ئۈنۈمى جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلەتسىلا ، بۇ كۈچنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ دەپ ئاتىساق بولىدۇ ؛ ئۈنۈمى جىسىمنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان كۈچنى قارشىلىق كۈچى دەپ ئاتىساق بولىدۇ ، كېيىن بىز يەنە ئۈنۈمگە قاراپ نام بېرىلگەن باشقا كۈچلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز .

## § 2 . ئېغىرلىق كۈچى

**ئېغىرلىق كۈچى** يەر شارىدىكى بارلىق جىسىملار يەر شارىنىڭ تارتىشىغا ئۇچرايدۇ . يەر شارىنىڭ تارتىشى تۈپەيلىدىن جىسىم ئۇچرىغان بۇ خىل كۈچ ئېغىرلىق كۈچى دەپ ئاتىلىدۇ . بىر جىسىم 10N ئېغىرلىق كۈچىگە ئۇچرىسا ، بۇ جىسىمنىڭ ئېغىرلىقىنى 10N دېيىشكە بولىدۇ .

ئېغىرلىق كۈچى چوڭ-كىچىكلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، يەنە يۆنىلىشكىمۇ ئىگە . جىسىمنى ئېسىپ قويغان تانا تىنچ تۇرغاندا ھامان ۋېرتىكال تۈۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ ، تىنچ ھالەتتىن يەر يۈزىگە چۈشكەن جىسىم ھامان ۋېرتىكال تۈۋەنگە چۈشىدۇ ، دېمەك ، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ يۆنىلىشى ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا بولىدۇ .

ئېغىرلىق كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى پۇرژىنىلىق تارازا ئارقىلىق ئۆلچەشكە بولىدۇ . جىسىمنىڭ تىنچ تۇرغاندىكى پۇرژىنىلىق تارازىغا بولغان تارتىش كۈچى (1 .2-رەسىم $A$ ) ياكى ئۇنى بېسىش كۈچى (1 .2-رەسىم $B$ )نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ بولىدۇ . تانىغا ئېسىپ قويۇلغان تىنچ تۇرغان جىسىم ياكى تىنچ ھالەتتىكى گورىزونتال تىرىگۈچى جىسىم تىرەپ تۇرغان جىسىمنىڭ ۋېرتىكال ھالەتتىكى تانىنى تارتىش كۈچى ياكى گورىزونتال تىرىگۈچى جىسىمنى بېسىش كۈچى شۇ جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ بولىدۇ .

جىسىمنىڭ ماسسىسى بېرىلگەن ئەھۋالدا ، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئېغىرلىق كۈچى $G$ بىلەن ماسسا $m$ نىڭ ئوڭ تاناسىپ بولۇش مۇناسىۋەت ئىپادىسى $G=mg$ غا ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ . ئىپادىدىكى $g=9.8N/kg$ بولۇپ ، ماسسىسى 1kg بولغان جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىنىڭ 9.8N ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ .




2.1-رەسىم. پۇرژىنىلىق تارازا ئارقىلىق جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىنى ئۆلچەشكە بولىدۇ



3.1-رەسىم. بىر تەكشى جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئورنى

**ئېغىرلىق مەركىزى** جىسىمنىڭ ھەممە قىسىملىرى ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . ئۈنۈم جەھەتتىن قارىغاندا ، جىسىمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچلىرىنىڭ تەسىرىنى بىر



Scanned by CamScanner

نۇقتىغا يىغىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ ، بۇ نۇقتا جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى دەپ ئاتىلىدۇ .

ماسسىسى تەكشى جايلاشقان جىسىم (تەكشى جىسىم )نىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئورنى پەقەت جىسىمنىڭ شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . تەرتىپلىك شەكىلگە ئىگە تەكشى جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى ئۇنىڭ گېئومېترىيىلىك مەركىزىدە بولىدۇ . مەسىلەن ، تەكشى ھەم ئىنچىكە تۈز تاياقنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى ئۇنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسىدا بولىدۇ ، تەكشى شار جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى شار مەركىزىدە بولىدۇ . تەكشى سىلىندىرنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى ئۇنىڭ ئوق سىزىقىنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسىدا بولىدۇ (1 .3ـ رەسىم ) .

ماسسىسىنىڭ جايلىشىشى تەكشى بولمىغان جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئورنى جىسىمنىڭ شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن تاشقىرى ، يەنە جىسىمنىڭ ئىچىدىكى ماسسىلىرىنىڭ جايلىشىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى ئاپتوموبىلغا بېسىلغان يۈكنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ۋە يۈكنىڭ قويۇلۇش ئورنىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ (1 .4ـ رەسىم ) . كراننىڭ ئېغىرلىق مەركىزى كۆتۈرۈلگەن جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئېگىزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ .




4.1ـ رەسىم

**تەجرىبە**




5.1ـ رەسىم. ئېسىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ نېپىز تاختىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى تېپىش

نېپىز تاختىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئېسىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تېپىشقا بولىدۇ (5.1ـ رەسىم). ئالدى بىلەن $A$ نۇقتىغا جىسىمنى ئېسىپ قويىمىز، جىسىم تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرغاندا، ئىككى كۈچنىڭ تەڭپۇڭ بولۇش شەرتىدىن مەلۇمكى، جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچى بىلەن ئېسىلغان تانىنىڭ تارتىش كۈچى ئوخشاش بىر تۈز سىزىقتا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى چوقۇم $A$ نۇقتىدىن ئۆتكەن ۋېرتىكال سىزىق $AB$ ئۈستىدە بولىدۇ. ئاندىن كېيىن جىسىمنى $D$ نۇقتىغا ئېسىپ قويۇپ، ئوخشاشلا شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى چوقۇم $D$ نۇقتىدىن ئۆتكەن ۋېرتىكال سىزىق $DE$ ئۈستىدە بولىدۇ. $AB$ بىلەن $DE$ نىڭ كېسىشىش نۇقتىسى $C$ نېپىز تاختىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئورنى بولىدۇ.

## 1 ـ مەشىق

(1) بىرنەچچە ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق كۈچنىڭ جىسىملار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ .

(2) تۆۋەندىكى بىرنەچچە كۈچنى گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەڭ ھەم كۈچكە ئۇچرىغۇچى جىسىم بىلەن كۈچ چۈشۈرگۈ-



Scanned by CamScanner

چى جىسمنى كۆرسىتىڭ.
① ئادەمنىڭ ھارۋىنى گورىزونتال ئوڭغا قارىتا تارتقاندىكى تارتىش كۈچى 250 N ،
② بولقىنىڭ مىخنى ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا ئۇرۇش كۈچى 400 N ،
③ سۇنىڭ كېمىنى ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا لەيلىتىش كۈچى $3.5\times10^{5}$N ،
(3) تۆۋەندىكى بىرنەچچە جىسمنىڭ ئېغىرلىق كۈچىگە ئۇچرىشىنى گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىقىڭ .



1.6-رەسىم

① گورىزونتال ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان ماسسىسى $m=0.05$ kg بولغان سىياھ قۇتىسى ،
② ۋېرتىكال يۇقىرىغا قاراپ ئۇچقان ماسسىسى $m=2\times10^{4}$kg كېلىۋاتقان راكېتا ،
③ سىيرىلغۇچتىن تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشكەن ماسسىسى $m=20$ kg كېلىۋاتقان كىچىك بالا ،
④ ئېتىلغاندىن كېيىن بوشلۇقتا ئۇچقان ماسسىسى $m=4$ kg بولغان چويۇن توپ ،
(4) ئېغىرلىقى 12 N ، ماسسىسى تەكشى جايلاشقان تەك قېلىنلىقتىكى مۇنتىزىم ئۈچبۇلۇڭلۇق تۆمۈر تاختا بىر تال ئىنچىكە تانا ئارقىلىق ئېسىپ قويۇلۇپ تىنچ تۇرغان (1.6-رەسىم) بولسا ، تۆمۈر تاختا ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئورنىنى ئىپادىلەڭ . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئىككى كۈچنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىگە ئاساسەن ، تانىنىڭ تۆمۈر تاختىغا بولغان تەسىر كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە يۆنىلىشىنى تېپىڭ ھەم تۆمۈر تاختىنىڭ كۈچكە ئۇچرىشىنى گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەڭ .

## § 3 . ئېلاستىك كۈچ

سوزۇلغان ياكى قىسىلغان پۇرژىنا ئۆزىنىڭ ئۇچىغا تېگىشىپ تۇرغان كىچىك ھارۋىغا كۈچ تەسىرى بېرىپ ، كىچىك ھارۋىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ (1.7-رەسىم) . بېسىش ئارقىلىق ئېگىلگەن ئىنچىكە تاياقچە ياكى ئىنچىكە بامبۇك تاياقچە ئۆزىگە تېگىشىپ تۇرغان دۆگىلەك ياغاچقا كۈچ تەسىرى ھاسىل قىلىپ ، ئۇنى دومىلىتىدۇ (1.8-رەسىم) . ئېگىلگەن سەكرەش تاختىسى ئۆزىگە تېگىشىپ تۇرغان تەنھەرىكەتچىگە قارىتا كۈچ تەسىرى ھاسىل قىلىپ ، تەنھەرىكەتچىنى قاڭقىتىپ چىقىرىدۇ (1.9-رەسىم) . جىسىملارنىڭ سوزۇلۇشى ، قىسقىرىشى ، ئېگىلىشى قاتارلىقلار ، ئومۇمەن جىسىملارنىڭ شەكلى ياكى ھەجمىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ ، دېفورماتسىيە (شەكىل ئۆزگىرىشى) دەپ ئاتىلىدۇ . يۇقىرىدىكى مىساللار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، دېفورماتسىيە يۈز بەرگەن جىسىم ئەسلىگە كېلىش تۈپەيلىدىن ئۆزىگە تېگىشىپ تۇرغان جىسىمغا قارىتا كۈچ تەسىرى ھاسىل قىلىدۇ ، بۇ خىل كۈچ ئېلاستىك كۈچ دەپ ئاتىلىدۇ . ئەگەر



1.8-رەسىم. ئېگىلگەن ئىنچىكە تاياقچىنىڭ دۆگىلەك ياغاچنى دومىلىتىشى



$A$: سوزۇلغان پۇرژىنىنىڭ كىچىك ھارۋىنى ئوڭغا قارىتا ھەرىكەت قىلدۇرۇشى

$B$: سىقىلغان پۇرژىنىنىڭ كىچىك ھارۋىنى سولغا قارىتا ھەرىكەت قىلدۇرۇشى

1.7-رەسىم

دېفورماتسىيىلىنىش بەك چوڭ بولۇپ كېتىپ ، بەلگىلىك چەكتىن ئېشىپ كەتسە ، جىسىمنىڭ دېفورماتسىيىسى تولۇق ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ . بۇ چەك ئېلاستىك چېكى دەپ ئاتىلىدۇ . يەر شارىنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئېغىرلىق كۈچى ھاسىل قىلىشىدا يەر شارى بىلەن جىسىمنىڭ بىۋاسىتە تېگىشىپ تۇرۇشى



Scanned by CamScanner

ھاجەتسىز . ئېلاستىك كۈچ بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ . ئېلاستىك كۈچ بىۋاسىتە تېگىشىپ تۇرىدىغان ھەم دېفورماتسىيە ھاسىل قىلغان جىسىملار ئارىسىدا ھاسىل بولىدۇ .



9.1ـ رەسىم. دېفورماتسىيە ھاسىل قىلغان سەكرەش تاختىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىنى قاڭقىتىشى

ئىنچىكە تاياقچە ، پۇرژىنا قاتارلىقلارلا دېفورماتسىيە ھاسىل قىلىپ قالماستىن ، ھەرقانداق جىسىم دېفورماتسىيە ھاسىل قىلالايدۇ ، يەنى دېـ فورماتسىيە ھاسىل قىلالمايدىغان جىسىم مەۋجۇت ئەمەس . بىراق بەزى دېفورماتسىيىلەر روشەن بولغاچقا ، ئۇنى بىۋاسىتە كۆرگىلى بولىدۇ ، بەزى دېفورماتسىيىلەر ئىنتايىن كىچىك بولغاچقا ، ئۇنى ئەسۋابلار ئارقىلىقلا گەۋدىلەندۈرۈپ چىقىشقا بولىدۇ . جىسىمنى پۇرژىنىغا ئېسىپ قويغاندا پۇرژىنا سوزۇلۇپ ، ئۇنىڭغا ئېسىپ قويۇلغان جىسىمغا نىسبەتەن يۇقىرىغا قارىتا ئېلاستىك كۈچ ھاسىل قىلىدۇ . جىسىمنى يىپقا ئېسىپ قويغاندا يىپمۇ سوزۇلۇپ ، ئۆزىگە ئېسىلغان جىسىمغا نىسبەتەن يۇقىرىغا قارىتا ئېلاستىك كۈچ ھاسىل قىلىدۇ ، پەقەت يىپنىڭ سوزۇلۇشى ناھايىتى كىچىك بولىدىغانلىقتىن ، ئۇنى بىۋاسىتە كۆزەتكىلى بولمايدۇ .

## تەجرىبە




10.1ـ رەسىم. ئىنتايىن كىچىك دېفورماتسىيىنى كۆرسىتىپ بېرىش قۇرۇلمىسى

10.1ـ رەسىمدە ئىنتايىن كىچىك دېفورماتسىيىلىنىشنى كۆرسىتىدىغان بىر خىل قۇرۇلما كۆرسىتىلگەن، ئۇ ئىنتايىن كىچىك دېفورماتسىيىنى بىۋاسىتە كۆرگىلى بولىدىغان قىلىپ «چوڭايتىدۇ». بىر ئۈستەل ئۈستىگە $M$ بىلەن $N$ دىن ئىبارەت ئىككى تەكشى ئەينەك قويۇلغان، بىر دەستە يورۇقلۇق نۇۋەت بىلەن بۇ ئىككى ئەينەكتىن قايتۇرۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا شكاللىق گەزگە چۈشۈ- رۈلۈپ، بىر يورۇقلۇق نۇقتىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئۈستەل يۈزىنى كۈچەپ باسقاندا، ئەينەكلەر ئىسترېلكىدا كۆرسىتىلگەن يۆنىلىش بويىچە قىڭغىيىدۇ. ئىككى ئەينەك ئارىسىدىكى ئارىلىق چوڭراق بولغانلىقتىن، يورۇقلۇق نۇقتىسى شكاللىق گەزدە روشەن ھالدا يۆتكىلىپ، ئۈستەل يۈزىنىڭ دېفورماتسىيىلە- نىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئېلاستىك كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى دېفورماتسىيىلىنىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . ئېلاستىكلىق چېكى دائىرىسىدە ، دېفورماتسىيە چوڭ بولسا ، ئېلاستىك كۈچمۇ چوڭ بولىدۇ ، دېفورماتسىيە يوقالسا ، ئېلاستىك كۈچ بۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ . **سوزۇلۇش دېفورماتسىيىسى** (ياكى **قىسقىرىش دېفورماتسىيىسى** )گە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، سوزۇلغان (ياكى قىسقارغان ) ئۇزۇنلۇق قانچە چوڭ بولسا ، ھاسىل قىلغان ئېلاستىك كۈچمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ . مەسىلەن ، پۇرژىنىنىڭ سوزۇلۇش ياكى قىسقىرىش ئۇزۇنلۇقى قانچە چوڭ بولسا ، ئېلاستىك كۈچمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ . **ئېگىلىش دېفورماتسىيىسى**گە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئېگىلىشى قانچە چوڭ بولسا ، ھاسىل قىلغان ئېلاستىك كۈچى شۇنچە چوڭ بولىدۇ . يا قانچە تولۇق تارتىلسا ، ئوقيا شۇنچە يىراققا ئېتىلىپ بارىدۇ . توغرا دەستىنى كۈچەپ تولغاش ئارقىلىق ، مېتال سىمنىڭ **تولغىنىش دېفورماتسىيىسى**نى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ . (11.1 ـ رەسىم ) . تولغىنىش قانچە چوڭ بولسا ، ھاسىل قىلغان ئېلاستىك كۈچى شۇنچە چوڭ بولىدۇ .




11.1ـ رەسىم. مېتال سىمنىڭ تولغىنىش دېفورماتسىيىسى

**【1ـ مىسال】** گورىزونتال ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان كىتاب ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۈستەل



Scanned by CamScanner




12.1ـ رەسىم

يۈزىنى بېسىپ، كىتاب بىلەن ئۈستەل يۈزىدە بىرلا ۋاقىتتا ناھايىتى كىچىك دېفورماتسىيە ھاسىل قىلىدۇ. كىتاب ناھايىتى كىچىك دېفورماتسىيە ھاسىل قىلىش تۈپەيلىدىن، ئۈستەل يۈزىگە نىسبەتەن ئۈستەل يۈزىگە تىك تۆۋەنگە قارىتا بولغان ئېلاستىك كۈچ $F_1$ نى ھاسىل قىلىدۇ. مانا بۇ كىتابنىڭ ئۈستەل يۈزىگە بولغان بېسىم كۈچىدىن ئىبارەت. ئۈستەل يۈزى ناھايىتى كىچىك دېفورماتسىيە ھاسىل قىلىش تۈپەيلىدىن، كىتابقا نىسبەتەن كىتاب يۈزىگە تىك يۇقىرىغا قارىتا بولغان ئېلاستىك كۈچ $F_2$ نى ھاسىل قىلىدۇ. مانا بۇ ئۈستەل يۈزىنىڭ كىتابقا قارىتا تىرەش كۈچىدىن ئىبارەت (12.1ـ رەسىم).

يانتۇ ياغاچ تاختا ئۈستىگە تىنچ قويۇلغان كىتاب ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ياغاچ تاختىنى بېسىپ، ئۇلاردا ناھايىتى كىچىك دېفورماتسىيە ھاسىل بولۇپ، كىتابنىڭ ياغاچ تاختىغا نىسبەتەن ياغاچ تاختىغا تىك قىيا تۆۋەنگە قارىتا بولغان بېسىم كۈچى $F_1$ مەۋجۇت بولىدۇ. ياغاچ تاختىنىڭ كىتابقا نىسبەتەن كىتاب يۈزىگە تىك قىيا يۇقىرىغا قارىتا بولغان تىرەش كۈچى $F_2$ مەۋجۇت بولىدۇ (13.1ـ رەسىم).




13.1ـ رەسىم

دېمەك، ئادەتتە ئېيتىلىدىغان بېسىم كۈچى ۋە تىرەش كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى ئېلاستىك كۈچ بولىدۇ. بېسىم كۈچىنىڭ يۆنىلىشى تىرەش يۈزىگە تىك بولۇپ بېسىلغان جىسىمغا قارىتا بولىدۇ، تىرەش كۈچىنىڭ يۆنىلىشى تىرەش يۈزىگە تىك بولۇپ تىرەلگەن جىسىمغا قارىتا بولىدۇ.

【2ـ مىسال】 توك سىمىغا ئېسىلغان لامپۆچكا ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە توك سىمىنى چىڭ تارتىدىغانلىقىنى. لامپۆچكا بىلەن توك سىمىدا بىرلا ۋاقىتتا ناھايىتى كىچىك دېفورماتسىيە ھاسىل بولىدۇ. لامپۆچكا ناھايىتى كىچىك دېفورماتسىيە ھاسىل قىلىش تۈپەيلىدىن، توك سىمىغا نىسبەتەن ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا ئېلاستىك كۈچ $F_1$ نى ھاسىل قىلىدۇ، مانا بۇ لامپۆچكىنىڭ توك سىمىنى تارتىش كۈچىدىن ئىبارەت؛ توك سىمى ناھايىتى كىچىك دېفورماتسىيە ھاسىل قىلىش تۈپەيلىدىن، لامپۆچكىغا نىسبەتەن ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا ئېلاستىك كۈچ $F_2$ نى ھاسىل قىلىدۇ، مانا بۇ توك سىمىنىڭ لامپۆچكىنى تارتىش كۈچىدىن ئىبارەت (14.1ـ رەسىم).



15.1ـ رەسىم




14.1ـ رەسىم

دېمەك، ئادەتتە ئېيتىلىدىغان تارتىش كۈچىمۇ ئېلاستىك كۈچتىن ئىبارەت. تانىنىڭ تارتىش كۈچى تانىنىڭ تارتىلغۇچى جىسىمغا نىسبەتەن ئېلاستىك كۈچىدىن ئىبارەت بولۇپ، يۆنىلىشى ھامان تانىنى بويلاپ تانىنىڭ كىرىشىش (قىسقىرىش) يۆنىلىشىگە قارىتا بولىدۇ.



Scanned by CamScanner

## ناھايىتى كىچىك دېفورماتسىيىنى كۆرسىتىش

ئاددىي قۇرۇلما ئارقىلىق ناھايىتى كىچىك دېفورماتسىيىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. چوڭراق بىر سۇلياۋ بوتۇلكىغا سۇ توشقۇزۇپ، بوتۇلكا ئېغىزىنى ئوتتۇرىسىغا ئىنچىكە نەيچە ساپلانغان پۇرۇپكا بىلەن ئېتىمىز (1.15-رەسىم). بوتۇلكىنى قولىمىز بىلەن قىساق، ئىنچىكە نەيچىدىكى سۇ يۈزى يۇقىرى ئۆرلەيدۇ؛ قولىمىزنى بوشاتساق، نەيچىدىكى سۇ يۈزى يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ، سۇلياۋ بوتۇلكىنى قىسقاندا ئۇنىڭدا دېفورماتسىيە يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 2- مەشىق

(1) گورىزونتال ئۈستەل ئۈستىدىكى ئىككى شارچە بىر-بىرىگە تەگكۈزۈپ قويۇلغان، لېكىن بىر-بىرىنى قىسىشمىغان بولسا، ئۇلار ئارىسىدا ئۆزئارا تەسىرلىشىدىغان ئېلاستىك كۈچ مەۋجۇت بولامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

(2) يەر يۈزىگە قويۇلغان ۋاسكېتبول نەچچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ كۈچ چۈشۈرگۈچى جىسىملار قايسىلار؟ ھەرقايسىسى قانداق خۇسۇسىيەتلىك كۈچلەر؟ ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ يۆنىلىشلىرى قانداق بولىدۇ؟ جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش سخېمىسىنى سىزىپ چىقىڭ.



17.1-رەسىم



16.1-رەسىم

(3) بىر ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمى ئىككى تال تانا ئارقىلىق ئېسىپ قويۇلغان (1.16-رەسىم) بولسا، بۇ ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمى قانچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ قايسى جىسىملار ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ ھەرقايسىسى قانداق خۇسۇسىيەتلىك كۈچلەر؟ ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ يۆنىلىشلىرى قانداق بولىدۇ؟ كۈچكە ئۇچراش سخېمىسىنى سىزىپ چىقىڭ.

(4) ماسسىسى تەكشى بولغان پولات تۈرۈبىنىڭ بىر ئۇچى يەر يۈزىگە تىرىلىپ تۇرغان، يەنە بىر ئۇچى بىر تال تىك ئارغامچىغا ئېسىپ قويۇلغان (1.17-رەسىم) بولسا، پولات تۈرۈبا نەچچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ قايسى جىسىملار ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ ھەرقايسىسى قانداق خۇسۇسىيەتلىك كۈچلەردىن ئىبارەت؟ ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ يۆنىلىشلىرى قانداق بولىدۇ؟ پولات تۈرۈبىنىڭ كۈچكە ئۇچراش سخېمىسىنى سىزىڭ.

(5) ئېغىرلىقى $G=10\text{N}$ بولغان بىر جىسىم يانتۇ تەكشىلىككە تىنچ قويۇلغان، يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭى (يانتۇ تەكشىلىك بىلەن گورىزونتال تەكشىلىك ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ) $45°$، يانتۇ تەكشىلىكنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن تىرەش كۈچى $F=7\text{N}$ بولسا، بېرىلگەن ئەھۋالنىڭ سخېمىسىنى سىزىپ چىقىڭ ھەم مۇئەييەن ئۆلچەمنى تاللىۋېلىپ، ئېغىرلىق كۈچى $G$ بىلەن تىرەش كۈچى $F$نى گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىقىڭ.




## §4. سۈركىلىش كۈچى

سىيرىلما سۈركىلىش سۈركىلىش كۈچىمۇ بىر-بىرىگە تېگىشىپ تۇرغان ئىككى جىسىم ئارىسىدا



Scanned by CamScanner

ھاسىل بولىدۇ . بىر جىسىم يەنە بىر جىسىمنىڭ يۈزىدە يەنە بىر جىسىمغا نىسبەتەن سىيرىلما ھەرىكەت قىلغاندا ، يەنە بىر جىسىمنىڭ ئۇنىڭ نىسبىي سىيرىلما ھەرىكەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش كۈچىگە ئۇچرايدۇ . بۇ خىل كۈچ سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى دەپ ئاتىلىدۇ . سىيرىلما سۈركىلىش كۈچىنىڭ يۆنىلىشى ھامان تېگىشىش يۈزىگە ئۇرۇنىدۇ ھەم جىسىمنىڭ نىسبىي ھەرىكەت يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى بولىدۇ (1.18-رەسىم) . تەجرىبە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى : سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى بىلەن بېسىم كۈچى ئوڭ تاناسىپ ، يەنى بىر جىسىمنىڭ يەنە بىر جىسىمنىڭ يۈزىگە بولغان تىك تەسىر كۈچى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ . ئەگەر سىيرىلما سۈركىلىش كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى $F$ بىلەن ، بېسىم كۈچىنى $F_N$ بىلەن ئىپادىلىسەك ، مۇنداق بولىدۇ :




1.18-رەسىم. جىسىم A ئۇچرىغان سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى f نىڭ يۆنىلىشى (سۈركىلىش كۈچىنى ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، بۇ رەسىمدە ئۈزۈلارا تېگىشىپ تۇرغان ئىككى جىسىم ئايرىۋېتىپ سىزىلغان)

$$F=\mu F_N$$

بۇنىڭدىكى $\mu$[1] تۇراقلىق سان بولۇپ ، ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ سانلىق قىممىتى تېگىشىپ تۇرغان ئىككى جىسىمنىڭ ماتېرىيالىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . ماتېرىيالى ئوخشاش بولمىسا ، ئىككى جىسىم ئارىسىدىكى ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى يەنە تېگىشىش يۈزىنىڭ ئەھۋالى (مەسىلەن ، يىرىكلىك دەرىجىسى) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . بېسىم كۈچى ئوخشاش بولغاندا ، ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى قانچە چوڭ بولسا ، سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى شۇنچە چوڭ بولىدۇ . ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى ئىككى كۈچنىڭ نىسبەت قىممىتى بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرلىكى يوق .

سىيرىلما سۈركىلىشتىن باشقا يەنە دومىلىما سۈركىلىشمۇ بار . دومىلىما سۈركىلىش بىر جىسىم يەنە بىر جىسىمنىڭ يۈزىدە دومىلىغاندا ھاسىل بولىدىغان سۈركىلىشتىن ئىبارەت . دومىلىما سۈركىلىش سىيرىلما سۈركىلىشتىن كۆپ كىچىك بولىدۇ ، دومىلىما ئوق قاپان دومىلىما سۈركىلىشنىڭ كىچىك بولۇشىدەك پاكىتتىن پايدىلىنىش ئاساسىدا ياسالغان .

بىرنەچچە خىل ماتېرىيال ئارىسىدىكى ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى

| ماتېرىياللار | ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى |
|---|---|
| پولات—پولات | 0.25 |
| ياغاچ—ياغاچ | 0.30 |
| ياغاچ—مېتال | 0.20 |
| تېرە—چويۈن | 0.28 |
| پولات—مۇز | 0.02 |
| ياغاچ—مۇز | 0.03 |
| رېزىنكە بالون—يول يۈزى (قۇرغاق) | 0.71 |

**【مىسال】** شەرقىي شىمالدا قىش پەسلى دەرەخ كېسىش ئىشلىرىدا، كېسىپ چىقىرىلغان نۇرغۇن ياغاچ ماتېرىياللار چانىلارغا بېسىلىدۇ، چانىلار ئاتلار ئارقىلىق مۇز يوللاردا سۆرەپ تارتىلىپ، ياغاچ ماتېرىياللار توشۇلىدۇ (1.19-رەسىم). پولات تاختىدىن ياسالغان بىر چانىغا ئومۇمىي ئېغىرلىقى $4.9\times10^4$N كېلىدىغان ياغاچ ماتېرىيالى بېسىلغان بولۇپ، گورىزونتال

① $\mu$ : گرېك ھەرپى بولۇپ ، مىيۇ (miu) دەپ ئوقۇلىدۇ .



Scanned by CamScanner

مۇز يولدا ئات گورىزونتال يۆنىلىشتە قانچىلىك كۈچ ئىشلەتسە، ئاندىن بۇ چاننى تارتىپ تەكشى ئىلگىرىلىيەلەيدۇ؟

**تەھلىل** چانا (ياغاچ ماتېرىيالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گورىزونتال يۆنىلىشتە مۇنداق ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ: بىرى، ئاتنىڭ چاننى تارتىش كۈچى $F_1$، يەنە بىرى، مۇز يولنىڭ چانىغا نىسبەتەن سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى $F_2$ (چاننىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالى تەھلىل قىلىنىدۇ).



19.1‐رەسىم

بۇ ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىدە چانا تەكشى ئىلگىرىلەيدۇ (چاننىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى ئېنىقلىنىدۇ).

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئىككى كۈچنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ھەققىدىكى بىلىملەردىن مەلۇمكى، $F_1$ بىلەن $F_2$ ئۆزئارا تەڭ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى، يەنى $F_1 = F_2$ بولىدۇ. سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى $F_2$ نىڭ چوڭ‐كىچىكلىكىنى $F_2=\mu F_N$ ئارقىلىق تېپىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىكى $F_N$ چاننىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى $G$ غا تەڭ، يەنى $F_N = G$، پولات بىلەن مۇز ئارىسىدىكى ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى $\mu$ نىڭ سانلىق قىممىتىنى تېكىستتىكى جەدۋەلدىن تەكشۈرۈپ تېپىشقا بولىدۇ، يەنى $\mu=0.02$ . ئېغىرلىق $G$ بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن $F_2$ نى تېپىشقا بولىدۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تارتىش كۈچى $F_1$ نى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ (ئۆگەنگەن بىلىملەردىن پايدىلىنىپ تېپىلىدىغان مىقدار بىلەن بېرىلگەن مىقدارلارنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك).

**يېشىش** $G=4.9\times10^4N$، $\mu=0.02$ لەر بېرىلگەن، تارتىش كۈچى $F_1$ نى تاپايلى.

$$F_1=F_2=\mu F_N=\mu G$$

سانلىق قىممەتلەرنى ئورنىغا قويساق تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ:

$$F_1=0.02\times4.9\times10^4N$$
$$=980N$$

ئات گورىزونتال يۆنىلىشتە 980N كۈچ ئىشلەتكەندىلا ئاندىن چاننى تارتىپ تەكشى تېزلىكتە ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.




20.1‐رەسىم. تىنچ سۈركىلىش كۈچى $F$ نىڭ يۆنىلىشى جىسىمنىڭ نىسپىي ھەرىكەت قىلىشقا يۈزلىنىش يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى بولىدۇ (تىنچ سۈركىلىش كۈچىنى ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، بۇ رەسىمدىمۇ ئىككى جىسىم ئايرىپ سىزىلغان.)

$0<f<f_{max}$,

**تىنچ سۈركىلىش** سىيرىلما سۈركىلىش بىر جىسىم يەنە بىر جىسىمنىڭ يۈزىدە نىسپىي سىيرىلگەندە ھاسىل بولىدۇ، بىر‐بىرىگە تېگىشىپ تۇرغان ئىككى جىسىم نىسپىي تىنچ تۇرغاندىمۇ سۈركىلىش ھاسىل بولامدۇ؟ ئانچە چوڭ بولمىغان گورىزونتال يۆنىلىشتىكى كۈچ بىلەن گورىزونتال پول ئۈستىدە ساندۇقنى ئىتتىرسەك، ساندۇق پولغا نىسبەتەن ھەرىكەت قىلىشقا يۈزلەنسىمۇ، ئەمما ساندۇق قوزغالمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ساندۇق بىلەن پول ئارىسىدا سۈركىلىش مەۋجۇت بولغانلىقىدا. بۇ سۈركىلىش كۈچى بىلەن ئىتتىرىش كۈچى ساندۇققا تەسىر قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چوڭ‐كىچىكلىكى ئۆزئارا تەڭ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولۇپ، بىر‐بىرى بىلەن تەڭپۇڭ بولىدۇ، شۇڭا ساندۇق قوزغالمايدۇ. بۇ چاغدا ھاسىل بولغان سۈركىلىش تىنچ سۈركىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. تىنچ سۈركىلىش كۈچىنىڭ يۆنىلىشى ھامان تېگىشىش يۈزىگە ئۇرۇنىدۇ ھەم جىسىمنىڭ نىسپىي ھەرىكەت قىلىشقا يۈزلىنىش يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى بولىدۇ (20.1‐رەسىم).

ساندۇقنى ئىتتىرىش كۈچىنى تەدرىجىي چوڭايتقاندا، ئەگەر ئىتتىرىش كۈچى يېتەرلىك بولمىسا، ساندۇق يەنىلا قوزغالمايدۇ. شۇڭا تىنچ سۈركىلىش كۈچى يەنىلا ئىتتىرىش كۈچى بىلەن ئۆزئارا تەڭپۇڭ بولىدۇ. دېمەك، تىنچ سۈركىلىش كۈچى ئىتتىرىش كۈچىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ چوڭىيىدۇ. ئەمما تىنچ سۈركىلىش كۈچىنىڭ چوڭىيىشىنىڭ مەلۇم چېكى بولىدۇ، تىنچ سۈركىلىش كۈچىنىڭ ئەڭ چوڭ



Scanned by CamScanner

قىممىتى ئەڭ چوڭ تىنچ سۈركىلىش كۈچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىتتىرىش كۈچى ئەڭ چوڭ تىنچ سۈركىلىش كۈچىدىن ئېشىپ كەتكەندە، ساندۇق ئىتتىرىلىپ قوزغىلىدۇ. ئەڭ چوڭ تىنچ سۈركىلىش كۈچى ساندۇقنى ئەمدىلا ھەرىكەتلەندۈرگەندىكى ئىتتىرىش كۈچىگە تەڭ بولىدۇ. ئىككى جىسىم ئارىسىدىكى ئەمەلىي يۈز بېرىدىغان تىنچ سۈركىلىش كۈچى نۆل بىلەن ئەڭ چوڭ تىنچ سۈركىلىش كۈچى ئارىلىقىدا بولىدۇ.



21.1-رەسىم. تاسمىلىق ئۆزىتىش ماشىنىسى

تىنچ سۈركىلىش كۈچى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرغان بوتۇلكا ۋە يۇڭ قەلەملەرنىڭ سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمەسلىكى تىنچ سۈركىلىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. يىپلار ئارىسىدا تىنچ سۈركىلىش كۈچى مەۋجۇت بولغانلىقى سەۋەبىدىن، يىپلاردىن رەخت توقۇغىلى ۋە رەختتىن كىيىم تىككىلى بولىدۇ. تىنچ سۈركىلىش كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدا ئىشلىتىلىدىغان ئورنىمۇ ناھايىتى كۆپ. تاسمىلىق ئۆزىتىش ماشىنىسى (21.1-رەسىم) يۈك بىلەن ئۆزاتقۇچى تاسما ئارىسىدىكى تىنچ سۈركىلىش كۈچىگە تايىنىپ يۈكنى ئېگىز ئورۇنغا يۆتكەيدۇ.

سۈركىلىش ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتى چۈشىنىشتۈرۈش، تور دىن www.0-100.com.cn/4/21/1/0441.htm غا قاراڭ

## سۈركىلىش كۈچى ھەققىدە



ئۈستەل ئۈستىگە تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك جىسىملار (مەسىلەن، ئىلغۇچ مىخ، كىچىك مىخ قاتارلىقلار)نى قويۇپ، ماگنىتنى ئۇلارغا ئاستا-ئاستا يېقىنلاشتۇرغاندا، گەرچە ماگنىتنىڭ ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىش كۈچى تەدرىجىي ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا قوزغالماي تىنچ تۇرىدۇ. ماگنىت يېقىنلاشتۇرۇلۇپ مەلۇم دەرىجىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ توساتتىن ماگنىتقا ئىنتىلگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ تەجرىبىنى ئىشلەپ، كۆرگەن ھادىسىنى چۈشەندۈرۈڭ.

## ئاقار جىسىملارنىڭ قارشىلىقى




گازلار ۋە سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئېقىشچانلىققا ئىگە بولغاچقا، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاقار جىسىملار دېيىلىدۇ. جىسىملار ئاقار جىسىملاردا ھەرىكەت قىلغاندا، ئاقار جىسىملارنىڭ قارشىلىق كۈچىگە ئۇچرايدۇ، قارشىلىق كۈچىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن جىسىمنىڭ ئاقار جىسىمغا نىسبەتەن ھەرىكەت يۆنىلىشى قارىمۇقارشى بولىدۇ. ئاپتوموبىل، پويىز، ئايروپىلان قاتارلىق قاتناش قوراللىرى ھاۋادا ھەرىكەت قىلغاندا ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ۋېلسىپىتتە تېز ماڭساق، ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىنى ھېس قىلالايمىز. پاراخوت، سۇ ئاستى پاراخوتلىرى سۇ يۈزىدە ياكى سۇ ئاستىدا يۈرگەندە سۇنىڭ قارشىلىق كۈچىگە ئۇچرايدۇ. بېلىق سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن، ئادەملەر سۇ ئۈزگەندىمۇ سۇنىڭ قارشىلىق كۈچىگە ئۇچرايدۇ.

ئاقار جىسىمنىڭ قارشىلىق كۈچى جىسىمنىڭ ئاقار جىسىمغا نىسبەتەن بولغان تېزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، تېزلىكى قانچە چوڭ بولسا، قارشىلىق كۈچىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. يامغۇر تامچىلىرى ھاۋادىن تۆۋەنگە چۈشكەندە تېزلىكى بارغانسېرى چوڭىيىدىغان بولغاچقا، ئۇچرايدىغان ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىمۇ بارغانسېرى چوڭىيىدۇ. قارشىلىق كۈچى ئېشىپ يامغۇر تامچىلىرى ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ بولغاندا، ئىككى كۈچ تەڭپۇڭ بولۇپ، يامغۇر تامچىلىرى تۆۋەنگە تەكشى تېزلىكتە چۈشۈشكە باشلايدۇ. قاتتىق يامغۇر تامچىلىرى نىسبەتەن ئېغىر بولغاچقا، بۇلارنىڭ ئېغىرلىق كۈچى بىلەن تەڭپۇڭ بولىدىغان ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىمۇ نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ، يامغۇر تامچىلىرىنىڭ تېزلىكى چوڭراق بولغاندىلا ئاندىن تەڭپۇڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قاتتىق يامغۇر تامچىلىرىنىڭ يەرگە چۈشكەندىكى تېزلىكى چوڭراق بولىدۇ. كىچىك يامغۇر تامچىلىرى لەيلىمە ھالەتتە ئاستا-ئاستا يەر يۈزىگە چۈشىدۇ.

ئاقار جىسىملارنىڭ قارشىلىق كۈچى جىسىملارنىڭ توغرا كەسمە يۈزىگە مۇناسىۋەتلىك، يەنى توغرا كەسمە يۈزى قانچە چوڭ بولسا، قارشىلىق كۈچىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. پاراشوتچى بوشلۇقتا پاراشوتنى ئېچىپ، پاراشوتنىڭ چوڭراق كەسمە يۈزىگە تايىنىپ، ھاۋانىڭ چوڭراق قارشىلىق كۈچىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئاستا-ئاستا تۆۋەنلەيدۇ (22.1-رەسىم). ئالىم ئۇچۇش ئايروپىلانى يەرگە قونغاندىن كېيىن، ئايروپىلاننىڭ كەينىدە پاراشوتقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قۇرۇلما ئېچىلىپ، قارشىلىق كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېزراق توختاشقا



22.1ــ رەسىم



23.1ــ رەسىم. ئالەم ئۇچقۇش ئايروپىلانىنىڭ يەرگە قونۇشى

ئاسانلىق يارىتىلىدۇ (23.1ــ رەسىم).

ئاقار جىسىملارنىڭ قارشىلىق كۈچى يەنە جىسىمنىڭ شەكلى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بېشى يۇمىلاق، قۇيرۇقى ئۇچلۇق جىسىملار ئۇچرايدىغان قارشىلىق كۈچى كىچىكرەك بولىدۇ. بۇ خىل شەكىل ئادەتتە سۈيۈر شەكىل دەپ ئاتىلىدۇ. بېلىقلارنىڭ شەكلى سۈيۈر شەكىللىك بولىدۇ. قارشىلىق كۈچىنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن، پىكاپ، مۇسابىقە ماشىنىلىرى، ئايروپىلان، سۇ ئاستى پاراخوتى ۋە پاراخوتلارنىڭ سۇ ئاستى قىسمىنىڭ سىرتقى شەكلى ئۈچۈن سۈيۈر شەكىل قوللىنىلىدۇ (24.1ــ رەسىم).



پىكاپ بېلىق پاراخوت

24.1ــ رەسىم.ھەرخىل سۈيۈر شەكىللەر

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى سۇيۇقلۇقلارنىڭ قارشىلىق كۈچى ۋە قاتتىق جىسىملار ئارىسىدىكى سۈركىلىش كۈچلىرىدىن كىچىك بولىدۇ. يەل تاپان كېمە كېمىنىڭ ئاستىدىن پۈركۈلۈپ چىققان گازغا تايىنىپ سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قارشىلىق كۈچى كىچىكلىتىلىپ، تېزلىكى ئاشۇرۇلىدۇ (25.1ــ رەسىم). ماگنىتلىق لەيلىمە پويىزدا ئېلېكترو ماگنىتنىڭ كۈچى ئارقىلىق پويىز رېلىس ئۈستىدە لەيلىتىپ ماڭغۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭ تېزلىكى 500km/h قا يېتىدۇ.



25.1ــ رەسىم. يەل تاپان كېمە

## 3 - مەشىق

(1) قولىمىزنى ئۈستەل يۈزىگە بېسىپ تۇرۇپ ئالغا سۈرسەك ، بىر قارشىلىق كۈچنىڭ قولىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز . قولىمىزنىڭ ئۈستەل يۈزىگە چۈشۈرگەن بېسىم كۈچى قانچە چوڭ بولسا ، قارشىلىق كۈچىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . سىناپ كۆرۈڭ ھەم پرىنسىپىنى چۈشەندۈرۈڭ .

(2) ئېغىرلىقى 100N كېلىدىغان ياغاچ ساندۇق گورىزونتال پولغا قويۇلغان ، ئاز دېگەندە 40N گورىزونتال ئىتتىرىش كۈچى ئىشلەتكەندىلا ئاندىن ئۇنى ئەسلى ئورنىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بولىدۇ . ياغاچ ساندۇق بىلەن پول ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ تىنچ سۈركىلىش كۈچى $F_{max}=$ 40N .

ياغاچ ساندۇق ئەسلى ئورنىدىن يۆتكەلگەندىن كېيىن ، 38N گورىزونتال ئىتتىرىش كۈچى ئىشلىتىلسىلا ، ياغاچ ساندۇقنى داۋاملىق تەكشى تېزلىكتە ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولىدۇ . بۇ چاغدا ياغاچ ساندۇق ئۇچرىغان سىيرىلما سۈركىلىش



Scanned by CamScanner

كۈچى ____ $F=$ ، ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى ____ $\mu=$ .

(3) يۇقىرىقى مىسالدا ، ئەگەر 20N گورىزونتال ئىتتىرىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ياغاچ ساندۇقنى ئىتتەرگەندە ، ياغاچ ساندۇق ئەسلى ئورنىدىن يۆتكىلەلەمدۇ ؟ نىسپىي ھەرىكەت قىلىشقا يۈزلىنەمدۇ-يوق ؟ ئۇچرىغان تىنچ سۈركىلىش كۈچى ____ $F=$ .

80N گورىزونتال ئىتتىرىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ياغاچ ساندۇقنى ئىتتىرىپ ھەرىكەتلەندۈرگەندە ، ياغاچ ساندۇق ئۇچرىغان سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى ____ .

(4) 20N گورىزونتال كۈچ بىلەن ئېغىرلىقى 40N كېلىدىغان خىشنى تارتىپ ، ئۇنى گورىزونتال يەر يۈزىدە تەكشى تېزلىكتە سىيرىلدۇرغىلى بولىدۇ . خىش بىلەن يەر يۈزى ئارىسىدىكى ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتىنى تېپىڭ .

## § 5 . كۈچلەرنى قوشۇش

تەڭ ئۈنۈملۈكنى ئورنىغا دەسسىتىش فىزىكىدا دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل .

كۆپلىگەن ئەمەلىي مەسىلىلەردە جىسىملار بىرلا كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ، بەلكى بىرلا ۋاقىتتا نەچچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . بىر جىسىم بىرنەچچە كۈچنىڭ ئورتاق تەسىرىگە ئۇچرىغان چاغدا ، بىز دائىم شۇنداق بىر كۈچنى تاپالايمىزكى ، بۇ كۈچنىڭ ھاسىل قىلغان ئۈنۈمى ئەسلىدىكى بىرنەچچە كۈچنىڭ ئورتاق ھاسىل قىلغان ئۈنۈمگە ئوخشاش بولىدۇ . بۇ كۈچ ئەنە شۇ بىرنەچچە كۈچنىڭ يىغىندى كۈچى دەپ ئاتىلىدۇ . بىرنەچچە كۈچنىڭ يىغىندى كۈچىنى تېپىش كۈچلەرنى قوشۇش دەپ ئاتىلىدۇ .

بىرنەچچە كۈچنىڭ ھەممىسى جىسىمنىڭ ئوخشاش بىر نۇقتىسىغا تەسىر قىلسا ياكى ئۇلارنىڭ تەسىر قىلىش سىزىقى ئوخشاش بىر نۇقتىدا كېسىشسە ، بۇ بىرنەچچە كۈچ ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەر دەپ ئاتىلىدۇ . تۆۋەندە تەجرىبە ئارقىلىق ئورتاق نۇقتىلىق ئىككى كۈچنى قوشۇشنى مۇھاكىمە قىلىمىز .

### تەجرىبە




26.1–رەسىم

26.1–رەسىم A رېزىنكە لېنتا $GE$نىڭ ئىككى كۈچنىڭ ئورتاق تەسىرىدە $GC$ تۈز سىزىقنى بويلاپ $EO$ ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. 26.1–رەسىم B دا كۈچ $F_1$بىلەن $F_2$ئېلىۋېتىلىپ، بىر $F$ كۈچ رېزىنكە لېنتىغا تەسىر قىلدۇرۇلۇپ، رېزىنكە لېنتا ئوخشاش تۈز سىزىق بويىچە ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغانلىقى ئىپادىلەنگەن. كۈچ $F$نىڭ رېزىنكە لېنتىغا نىسبەتەن ھاسىل قىلغان ئۈنۈمى كۈچ $F_1$بىلەن $F_2$لەرنىڭ ئورتاق ھاسىل قىلغان ئۈنۈمگە ئوخشاش، شۇنىڭ ئۈچۈن $F$ كۈچ $F_1$بىلەن $F_2$نىڭ يىغىندى كۈچىگە تەڭ.

يىغىندى كۈچ $F$ بىلەن كۈچ $F_1$ ، $F_2$لەرنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ كۈچ $F_1$بىلەن $F_2$نىڭ يۆنىلىشىدە $OA$ ۋە $OB$ كېسىكنى سىزىپ، بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئايرىم-ئايرىم كۈچ $F_1$بىلەن $F_2$نىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئىپادىلەيدىغان قىلىمىز (26.1–رەسىم C) . $OA$ بىلەن $OB$ نى قوشنا تەرەپلەر قىلىپ پاراللېل تۆت تەرەپلىك $OACB$ نى سىزىپ چىقىمىز. ئاندىن بۇ پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ دىئاگونالى $OC$ نىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەپ چىقساق، ئوخشاش ئۆلچەمگە ئاساسەن، يىغىندى كۈچ $F$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن يۆنىلىشىنى دىئاگونال $OC$ ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

كۈچ $F_1$بىلەن $F_2$نىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ۋە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرىدىكى تەجرىبىنى قايتا ئىشلىسەك، يەنە ئوخشاش خۇلاسىگە ئېرىشىمىز.

تەجرىبە شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، ئورتاق نۇقتىلىق ئىككى كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$نى ئىپادىلەيدىغان كېسىكلەرنى قوشنا تەرەپ قىلىپ پاراللېل تۆت تەرەپلىك سىزغاندا، يىغىندى كۈچ $F$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن يۆنىلىشىنى ئىككى قوشنا تەرەپ ئارىسىدىكى دىئاگونال ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بۇ كۈچلەرنىڭ پاراللېل تۆت تەرەپلىك قائىدىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر ئىككىدىن ئارتۇق ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەر جىسىمغا تەسىر قىلغان بولسا، بۇنىڭدىمۇ پاراللېل تۆت تەرەپلىك قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ يىغىندى كۈچىنى تېپىشقا بولىدۇ: ئالدى بىلەن خالىغان ئىككى كۈچنىڭ يىغىندى كۈچىنى تېپىپ، ئاندىن بۇ يىغىندى كۈچ بىلەن ئۈچىنچى بىر كۈچنىڭ يىغىندى كۈچىنى تېپىپ، تاكى بارلىق كۈچلەر قوشۇلۇپ بولغۇچە مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرۇلسا، ئەڭ ئاخىرىدا كېلىپ چىققان نەتىجە بۇ كۈچلەرنىڭ يىغىندى كۈچى بولىدۇ.

كۈچلەرنىڭ پاراللېل تۆت تەرەپلىك قائىدىسى بويىچە گرافىك سىزساق شۇنى كۆرەلەيمىزكى، كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$ نىڭ يىغىندى كۈچى $F$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە يۆنىلىشى $F_1$ بىلەن $F_2$ نىڭ ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئارا بۇلۇڭ $0°$ قا تەڭ بولغاندا، كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$ ئوخشاش بىر تۈز سىزىقتا ياتىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ يۆنىلىشلىرى ئوخشاش بولىدۇ، يەنى $F=F_1+F_2$ بولۇپ، يىغىندى كۈچ ئىككى كۈچنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولىدۇ ھەم يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشى ئىككى كۈچنىڭ يۆنىلىشىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئارا بۇلۇڭ $180°$ قا تەڭ بولغاندا، كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$ ئوخشاش بىر تۈز سىزىقتا ياتىدۇ، ئەمما يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولىدۇ، يەنى $F=F_1-F_2$ بولۇپ، يىغىندى كۈچ ئىككى كۈچنىڭ ئايرىمىسىغا تەڭ بولىدۇ ھەم يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشى ئىككى كۈچ ئىچىدىكى چوڭراق ئاشۇ كۈچنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

كۈچ ھەم چوڭ-كىچىكلىككە، ھەم يۆنىلىشكە ئىگە، كۈچلەرنى قوشۇش پاراللېل تۆت تەرەپلىك قائىدىسىگە بويسۇنىدۇ. فىزىكىدا مۇشۇنداق فىزىكىلىق مىقدارلار ۋېكتور دەپ ئاتىلىدۇ. كۈچ ۋېكتوردىن ئىبارەت، بىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگەنگەن تېزلىكمۇ ۋېكتور بولىدۇ. ئۇزۇنلۇق، ماسسا، ۋاقىت، تېمپېراتۇرا، ئېنېرگىيە قاتارلىق فىزىكىلىق مىقدارلار پەقەت چوڭ-كىچىكلىككە ئىگە بولۇپ، يۆنىلىشكە ئىگە ئەمەس، شۇڭا بۇلار فىزىكىدا سكالىيار دەپ ئاتىلىدۇ.



27.1–رەسىم

【مىسال】 كۈچ $F_1=45N$ بولۇپ، يۆنىلىشى گورىزونتال ئوڭغا يۆنەلگەن. كۈچ $F_2=60N$ بولۇپ، يۆنىلىشى ۋېرتىكال يۇقىرىغا يۆنەلگەن بولسا، بۇ ئىككى كۈچنىڭ يىغىندى كۈچى $F$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن يۆنىلىشىنى تاپايلى.

**يېشىش** بۇنى گرافىك سىزىش ئارقىلىق يېشىشكە بولىدۇ. مەلۇم بىر ئۆلچەمنى تاللايمىز، مەسىلەن، 6mm ئۇزۇنلۇقتىكى كېسىك ئارقىلىق 15N كۈچنى ئىپادىلەپ، 27.1–رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك كۈچلەرنىڭ پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكلىنى سىزىپ چىقىمىز. كۈچ $F_1$نى ئىپادىلەيدىغان كېسىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18mm، كۈچ $F_2$نى ئىپادىلەيدىغان كېسىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24mm بولىدۇ.

شكاللىق گەز ئارقىلىق يىغىندى كۈچ $F$ نى ئىپادىلەيدىغان دىئاگونالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30mm بولىدىغانلىقىنى ئۆلچەپ چىقساق، يىغىندى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى مۇنداق بولىدۇ:

$$F=15N\times\frac{30}{6}=75N$$

بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ ئارقىلىق يىغىندى كۈچ $F$ بىلەن كۈچ $F_1$نىڭ ئارا بۇلۇڭىنىڭ $53°$ بولىدىغانلىقىنى ئۆلچەپ چىقىمىز.

(1) $F_1, F_2$ $\theta=0°$ 同向 $F=F_1+F_2$ $F_1-F_2\leq F\leq F_1+F_2$

(2) $F_1>F_2$ $\theta=180°$ 反 $F=F_1-F_2$

(3) $F_1, F_2$ $\theta=90°$ 垂直 $F=\sqrt{F_1^2+F_2^2}$

(4) $F_1, F_2$ $\theta=?$ $F=\sqrt{F_1^2+F_2^2+2F_1F_2\cos\theta}$



Scanned by CamScanner

## مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە

$F_1$ بىلەن $F_2$دىن ئىبارەت ئىككى كۈچ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆزۈڭلار بەلگىلەڭلار، گرافىك سىزىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇلار ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ $\theta=0°$، $\theta=60°$، $\theta=90°$، $\theta=150°$، $\theta=180°$ بولغاندىكى يىغىندى كۈچ $F$نىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى تېپىڭلار.

ئىشلىگەن گرافىكىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىڭلار:

(1) $\theta$ بۇلۇڭ $0°$ تىن چوڭىيىپ $180°$ قا يېتىش جەريانىدا، يىغىندى كۈچ $F$نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى قانداق ئۆزگىرىدۇ؟

(2) قانداق ئەھۋالدا يىغىندى كۈچ ئەڭ چوڭ بولىدۇ؟ ئەڭ چوڭ قىممىتى قانچىكە تەڭ بولىدۇ؟ قانداق ئەھۋالدا يىغىندى كۈچ ئەڭ كىچىك بولىدۇ؟ ئەڭ كىچىك قىممىتى قانچىكە تەڭ بولىدۇ؟

(3) يىغىندى كۈچ $F$ ھامان ئەسلىدىكى ئىككى كۈچ $F_1$ ۋە $F_2$ دىن چوڭ بولامدۇ؟

## 4 - مەشىق

(1) ئىككى كۈچ بار بولۇپ، بىرى 8N ، يەنە بىرى 12N بولسا، يىغىندى كۈچنىڭ ئەڭ چوڭ قىممىتى 20N گە تەڭ بولىدۇ، ئەڭ كىچىك قىممىتى 4N گە تەڭ بولىدۇ.

(2) ئىككى كۈچ بار بولۇپ، بىرى 10N ، يەنە بىرى 2N بولسا، بۇلارنىڭ يىغىندى كۈچى 5N ، 10N ، 15N لارغا تەڭ بولامدۇ؟

(3) ئىككى تال پۇختا ئارغامچا ئارقىلىق پاتقاققا پېتىپ قالغان بىر ھارۋىنى ئارتقاندا، ئىككى تال ئارغامچىنىڭ ھارۋىنى تارتىش كۈچى ئوخشاشلا 2000N ، ئىككى ئارغامچىنىڭ ھاسىل قىلغان بۇلۇڭى 45° بولسا، گرافىك سىزىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يىغىندى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن يۆنىلىشىنى تېپىڭ.

(4) ئىككى كۈچ ئۆز ئارا 30° بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى ئايرىم-ئايرىم 90N ۋە 120N بولسا، گرافىك سىزىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يىغىندى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە يۆنىلىشىنى تېپىڭ.

ئەگەر بۇ ئىككى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزگەرمەي، ئىككى كۈچ ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ ئۆزگىرىپ 150° بولغان بولسا، گرافىك سىزىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يىغىندى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ۋە يۆنىلىشىنى تېپىڭ.

## § 6 . كۈچنى ئاجرىتىش

جىسىمغا تەسىر قىلغان كۈچ كۆپ ھاللاردا بىرنەچچە ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. تراكتور ئارقىلىق يەرگە سۆرەم سالغاندا، تراكتورنىڭ سۆرەمنى تارتىش كۈچى $F$ يانتۇ يۇقىرىغا قارىتا بولۇپ، بۇ كۈچ مۇنداق ئىككى ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ: يەنى سۆرەمنى داڭگاللارنىڭ قارشىلىق كۈچىنى يېڭىپ ئىلگىرىلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سۆرەمنى يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ. بۇ ئىككى ئۈنۈم ئىككى كۈچنىڭ ھاسىل قىلغىنىغا توغرا كېلىدۇ (28.1 - رەسىم)، يەنە بىر گورىزونتال كۈچ $F_1$ سۆرەمنى ئىلگىرىلىتىدۇ، ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا بولغان يەنە بىر كۈچ $F_2$ سۆرەمنى يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ. دېمەك، $F$ كۈچنىڭ ئورنىغا كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$نى دەسسىتىشكە بولىدۇ، كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$ كۈچ $F$ نىڭ تارماق كۈچلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بېرىلگەن بىر كۈچنىڭ تارماق كۈچلىرىنى تېپىش كۈچنى ئاجرىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.



Scanned by CamScanner




28.1ـ رەسىم

تارماق كۈچلەرنىڭ يىغىندى كۈچى ئەسلىدىكى ئاجرىتىلغان ئاشۇ كۈچ بولغانلىقتىن ، كۈچنى ئاجرى-تىش كۈچلەرنى قوشۇشنىڭ تەتۈر ئەمىلى بولۇپ ، ئوخشاشلا پاراللىل تۆت تەرەپلىك قائىدىسىگە بويسۇنى-دۇ . بېرىلگەن كۈچ $F$نى پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ دىئاگونالى قىلساق ، ئۇ ھالدا كۈچ $F$ بىلەن ئورتاق نۇقتىلىق بولغان پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ ئىككى قوشنا تەرىپى كۈچ $F$نىڭ ئىككى تارماق كۈچىنى ئىپادىلەيدۇ . 1 .28ـ رەسىمدىكى $F_1$ بىلەن $F_2$ كۈچ $F$ نىڭ ئىككى تارماق كۈچىدىن ئىبارەت .

بىزگە مەلۇم ، ئەگەر باشقا چەكلىمە بولمىسا ، ئوخشاش بىر دىئاگونالغا نىسبە-تەن ، ئوخشىمىغان سانسىز پاراللېل تۆت تەرەپلىكنى سىزغىلى بولىدۇ (1 .29ـ رە-سىم ) ، يەنى ئوخشاش بىر كۈچ $F$ نى چوڭ-كىچىكلىكى ، يۆنىلىشى ئوخشاش بولمىغان سانسىز تارماق كۈچلەرگە ئاجرىتىشقا بولىدۇ . بېرىلگەن بىر كۈچنى زادى قانداق ئاجرىتىش كېرەكلىكىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بەلگىلەش كېرەك . تۆۋەندە بۇنىڭغا دائىر ئىككى ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز .




29.1ـ رەسىم

【1ـ مىسال】 گورىزونتال تەكشىلىككە قويۇلغان جىسىم يانتۇ يۇقىرىغا قارىتا بولغان بىر تارتىش كۈچى $F$ نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بۇ كۈچ گورىزونتال يۆنىلىش بىلەن $\theta$ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ (1.30ـ رەسىم). بۇ كۈچ مۇنداق ئىككى ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ، يەنى گورىزونتال ئالدىغا قارىتا جىسىمنى تارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا جىسىمنى يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا كۈچ $F$نى گورىزونتال يۆنىلىشنى بويلىغان تارماق كۈچ $F_1$ بىلەن ۋېرتىكال يۆنىلىشنى بويلىغان تارماق كۈچ $F_2$گە ئاجرىتىشقا بولىدۇ. كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى مۇنداق بولىدۇ:

$$F_1 = F\cos\theta \ , \qquad F_2 = F\sin\theta$$




31.1ـ رەسىم




30.1ـ رەسىم

【2ـ مىسال】 بىر جىسىمنى يانتۇ تەكشىلىككە قويغاندا جىسىم ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا بولغان ئېغىرلىق كۈچىگە ئۇچرايدۇ، ئەمما ئۇ ۋېرتىكال ھالدا تۆۋەنگە چۈشمەستىن، بەلكى يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ تۆۋەنگە سىيرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يانتۇ تەكشىلىكنى بېسىم كۈچىگە ئۇچرىتىدۇ. بۇ چاغدا ئېغىرلىق كۈچى تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ، يەنى جىسىمنى يانتۇ تەكشىلىكنى بويلىتىپ تۆۋەنگە سىيرىلدۇرىدۇ ھەم جىسىمنى يانتۇ تەكشىلىككە چىڭ باسىدۇ. شۇڭا ئېغىرلىق كۈچى $G$ نى يانتۇ تەكشىلىككە پاراللېل بولغان ھەم جىسىمنى تۆۋەنگە سىيرىلدۇرىدىغان تارماق كۈچ $F_1$ بىلەن يانتۇ تەكشىلىككە تىك بولغان، ھەم جىسىمنى يانتۇ تەكشىلىككە چىڭ باسىدىغان تارماق كۈچ $F_2$ دىن



Scanned by CamScanner

ئىبارەت ئىككى تارماق كۈچكە ئاجرىتىشقا بولىدۇ (31.1-رەسىم).

ئەگەر يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭى $\theta$ بېرىلسە، تارماق كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى تېپىشقا بولىدۇ. نىڭ بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ $ABC$ بىلەن $OQN$ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

$$F_1=G\sin\theta\ ,\qquad F_2=G\cos\theta$$

$F_1$ بىلەن $F_2$ نىڭ ھەر ئىككىسى يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭى چوڭايغاندا، $F_1$ چوڭىيىپ، $F_2$ كىچىكلەيدۇ. ئاپتوموبىل كۆۋرۈككە چىققاندا، تارماق كۈچ $F_1$ ئاپتوموبىلنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؛ ئاپتوموبىل كۆۋرۈكتىن چۈشكەندە، تارماق كۈچ $F_1$ ئاپتوموبىلنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىۋېتىدۇ. ئاپتوموبىللارنىڭ يۈرۈشىگە قولاي ۋە بىخەتەر بولۇشى ئۈچۈن، ئېگىز ھەم چوڭ كۆۋرۈكلەرنىڭ كۆۋرۈك باشلىمىنى ئۇزۇن ياساش ئارقىلىق يول يۈزىنىڭ يانتۇلۇقى كىچىكلىتىلىدۇ.



33.1-رەسىم




32.1-رەسىم

## 5- مەشىق

(1) 32.1-رەسىم $A$ دا كۈچ $F$ بىلەن ئۇنىڭ بىر تارماق كۈچى $F_1$ بېرىلگەن، 32.1-رەسىم $B$ دا كۈچ $F$ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى تارماق كۈچىنىڭ يۆنىلىشى بېرىلگەن، 32.1-رەسىم $C$ دا كۈچ $F$ بىلەن ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاشلا $F$ بولغان تارماق كۈچى بېرىلگەن. گرافىك سىزىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئايرىم-ئايرىم ھالدا نامەلۇم تارماق كۈچلەرنى سىزىپ چىقىڭ.

(2) ئېغىرلىقى 20N بولغان بىر جىسىم بىر يانتۇ تەكشىلىككە قويۇلغان، يانتۇ تەكشىلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ نىسبىتى 5:3 بولسا، ئېغىرلىق كۈچىنى ئاجرىتىپ، يانتۇ تەكشىلىككە پاراللېل بولغان ھەم جىسىمنى تۆۋەنگە سىيرىلدۇرىدىغان تارماق كۈچ بىلەن يانتۇ تەكشىلىككە تىك بولغان، ھەم جىسىمنى يانتۇ تەكشىلىككە چىڭ بېسىپ تۇرىدىغان تارماق كۈچنى تېپىڭ.

(3) ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا بولغان 180N كۈچ ئىككى تارماق كۈچكە ئاجرىتىلغان، يەنى بىر تارماق كۈچ گورىزونتال يۆنىلىشتە ھەمدە 240N غا تەڭ بولسا، يەنە بىر تارماق كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن يۆنىلىشىنى تېپىڭ.

(4) 33.1-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك يەلكەنگە تىك تەسىر قىلىدىغان شامال كۈچى $F=2\times10^4$N بولۇپ، $F$ نىڭ كېمە گەۋدىسىنى بويلىغان يۆنىلىشتىكى تارماق كۈچ $F_1$ يەلكەنلىك كېمىنى ئىلگىرىلىتىدۇ، كېمە گەۋدىسىگە تىك يۆنىلىشتىكى تارماق كۈچ $F_2$ كېمە گەۋدىسىنى يانغا قىڭغايتىدۇ. ئەگەر $F$ بىلەن كېمە گەۋدىسىنىڭ يۆنىلىشى 45° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلسا، تارماق كۈچ $F_1=$ ______، تارماق كۈچ $F_2=$ ______.



Scanned by CamScanner

## بۇ بابنىڭ قىسقىچە خۇلاسە

بۇ بابتا كۈچكە ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگەندۇق. بۇ بابتىكى مەزمۇنلارنى چوقۇم توغرا چۈشىنىپ، كېيىن كۈچ ھەققىدىكى باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاساس سېلىشىمىز لازىم.

(1) كۈچ دېگەن نېمە؟ كۈچنى گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەشنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ كۈچلەرنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، مېخانىكىدا دائىم ئۇچرايدىغان كۈچلەردىن قايسىلىرى بار؟ قايسى كۈچلەرگە كۈچنىڭ ئۈنۈمىگە ئاساسەن نام بېرىلگەن؟

(2) ئېغىرلىق كۈچى قانداق ھاسىل بولىدۇ؟ ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە يۆنىلىشى قانداق بولىدۇ؟ ئېغىرلىق مەركىزى دېگەن نېمە؟ تەرتىپلىك شەكىلگە ئىگە تەكشى جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئورنى قانداق بولىدۇ؟

(3) ئېلاستىك كۈچ قانداق شەرت ئاستىدا ھاسىل بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن تارتىش كۈچى، بېسىم كۈچى ۋە تىرەش كۈچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلاستىك كۈچ دەيمىز؟ ئۇلارنىڭ يۆنىلىشلىرى قانداق بولىدۇ؟

(4) سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى قانداق ئەھۋالدا ھاسىل بولىدۇ؟ ئۇنىڭ يۆنىلىشى قانداق بولىدۇ؟ سىيرىلما سۈركىلىش كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى قايسى ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك؟ سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى بىلەن تېگىشىش يۈزى ئارىسىدىكى بېسىم كۈچىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

(5) تىنچ سۈركىلىش كۈچى قانداق ئەھۋالدا ھاسىل بولىدۇ؟ ئۇنىڭ يۆنىلىشى قانداق بولىدۇ؟ ئەڭ چوڭ تىنچ سۈركىلىش كۈچى دېگەن نېمە؟ ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىدىغان تىنچ سۈركىلىش كۈچى قانداق دائىرە ئىچىدە بولىدۇ؟

(6) كۈچلەرنى قوشۇش قايسى قائىدە بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ؟ بۇ قائىدىنىڭ مەزمۇنى نېمىدىن ئىبارەت؟

(7) نېمە ئۈچۈن كۈچنى ئاجرىتىش بىلەن كۈچلەرنى قوشۇش ئوخشاش قائىدىگە بويسۇنىدۇ؟ ئەگەر بىر كۈچنىڭ بىر تارمىق كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن يۆنىلىشى بېرىلسە ياكى ئىككى تارمىق كۈچنىڭ يۆنىلىشى بېرىلسە، بۇ كۈچنى ئاجرىتىشتا ئېنىق جاۋابقا ئېرىشكىلى بولامدۇ؟

## كۆنۈكمە

(1) گورىزونتال ئېتىلغان يا ئوقى، ياتقۇ يۇقىرىغا ئېتىلغان ۋاسكېتبول، قىيا ئۇۋۇغا سوقۇلغان تېننىس توپ (1.34-رەسىم) قاتارلىقلارنىڭ ھەرقايسىسى قانچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ كۈچ تەسىرىگە ئۇچراش گرافىكىنى سىزىڭ (ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ).



1.34-رەسىم

(2) گورىزونتال سىلىق مۇز يۈزى ئۈستىگە قويۇلغان ياغاچ پارچىسى ياتقۇ يۇقىرىغا بولغان تارتىش كۈچى $F$نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مۇز يۈزىنى بويلاپ ئوڭغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ (1.35-رەسىم). ياغاچ پارچىسىنىڭ كۈچكە ئۇچراش گرافىكىنى سىزىپ كۆرسىتىڭ.



Scanned by CamScanner

سىلىق دېگىنىمىز ياغاچ پارچىسى بىلەن مۇز يۈزى ئارىسىدىكى سۈركىلىش كۈچى كىچىك بولۇپ، ئېتىبارغا ئېلىنمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.



35.1–رەسىم

(3) 1 .36–رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، بىر شار ئىككى پارچە سىلىق قىسقۇچ تاختا $a$ بىلەن $b$ ئارىسىدا توختىتىپ قويۇلغان بولسا، بۇ شار نەچچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ كۈچكە ئۇچراش گرافىكىنى سىزىڭ.

(4) ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا بولغان 150N لۇق كۈچ $F$ ئىككى تارماق كۈچكە ئاجرىتىلغان، تارماق كۈچ $F_1$ نىڭ يۆنىلىشى گورىزونتال شەرققە قارىتا، تارماق كۈچ $F_2$ نىڭ يۆنىلىشى ۋېرتىكال يۆنىلىش بىلەن 30° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان بولسا، كۈچنى ئاجرىتىش گرافىكىنى سىزىڭ ھەم گرافىك سىزىش ئۇسۇلى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلىدىن ئايرىم–ئايرىم ھالدا پايدىلىنىپ بۇ ئىككى تارماق كۈچنىڭ چوڭ–كىچىكلىكىنى تېپىڭ.

(5) بىر پىۋا بوتۇلكىسى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا سۈركىلىش كۈچىگە ئۇچرامدۇ؟ ئەگەر ئۇچرىسا، سۈركىلىش كۈچىنىڭ يۆنىلىشى قانداق بولىدۇ؟

① پىۋا بوتۇلكىسى يۈزى يىرىك بولغان گورىزونتال ئۈستەل ئۈستىدە تىنچ تۇرىدۇ.

② پىۋا بوتۇلكىسى يانتۇ تۇرغان ئۈستەل ئۈستىدە تىنچ تۇرىدۇ.

③ بىرەيلەن پىۋا بوتۇلكىسىنى ئېغىزىنى يۇقىرىغا قارىتىپ قولدا تۇتۇپ تۇرغان.

④ بىرەيلەن پىۋا بوتۇلكىسى ئارقىلىق بىر ۋاراق قەغەزنى باستۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن پىۋا بوتۇلكىسىنى تۇسۇپ تۇرۇپ قەغەزنى تارتىپ چىقىرىۋالغان.

(6) 1 .37–رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، سىم تاناب تۈۋرۈكنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دائىم ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى سىممېترىك ھالدا پولات ئارغامچا بىلەن تارتىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئىككى پولات ئارغامچا ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ 60°، ئىككى پولات ئارغامچىنىڭ تارتىش كۈچلىرى ئوخشاشلا 300N بولسا، ئىككى پولات ئارغامچىنىڭ سىم تاناب تۈۋرۈككە تەسىر قىلغان يىغىندى كۈچىنى تېپىڭ.



1 .38–رەسىم



1 .37–رەسىم





36.1–رەسىم

(7) ئىككى ئادەم بىرلىكتە بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرگەن (1 .38–رەسىم)، ئىككى ئادەمنىڭ بىلەكلىرى ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ چوڭراق بولسا كۈچتىن ئۇتقىلى بولامدۇ ياكى كىچىكرەك بولسا كۈچتىن ئۇتقىلى بولامدۇ؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ ھەم رېزىنكە بوغقۇچتىن پايدىلىنىپ ئاددىي تەجرىبە ئىشلەپ خۇلاسىڭىزنى ئىسپاتلاڭ.



Scanned by CamScanner

ئەتراپىمىزدىكى ھەممە جايدا جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرەلەيمىز. دەريا سۇلىرىنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىشى، قۇشلارنىڭ پەرۋاز قىلىشى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرۇشى، ئاپتوموبىللارنىڭ مېڭىشى، ماشىنىلارنىڭ ئايلىنىشى قاتارلىقلار ..... تەبىئەتتىكى بارلىق جىسىملارنىڭ ھەممىسى توختىماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە قوزغالمايدۇ دەپ قارىلىدىغان جىسىملار، مەسىلەن، ئۆي، كۆۋرۈك، تاغ قاتارلىقلارمۇ يەر شارى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. قۇياشمۇ سامانيولى سىستېمىسىدا توختىماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان قوزغالماي تۇرغان كىتابنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مولېكۇلا، ئاتوملارمۇ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەر، چوڭ ئاسمان جىسىملىرى، كىچىك مولېكۇلا، ئاتوملارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرىدۇ.

جىسىمنىڭ باشقا جىسىملارغا نىسبەتەن ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى **مېخانىك ھەرىكەت**، قىسقىچە ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ. جىسىملارنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن پەرقلىق بولىدۇ، بۇ بابتا ئەڭ ئاددىي ھەم ئەڭ ئاساسىي بولغان تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتتىن قول سېلىپ تەتقىقاتىمىزنى باشلايمىز.

## § 1 . بىرنەچچە ئاساسىي ئۇقۇم

**پايدىلىنىش سىستېمىسى** ئادەتتە بىز دەرەخلەر، ئۆيلەرنى تىنچ تۇرىدۇ، كېتىۋاتقان ئاپتوموبىلنى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، دېگىنىمىزدە يەر يۈزىنى ئۆلچەم قىلغان بولىمىز. پويىز ۋاگونىدا ئولتۇرغان يولۇچى ئۆزىنى تىنچ تۇرۇۋاتىمەن، ۋاگوندا مېڭىپ يۈرگەن خىزمەتچى خادىمنى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئۇ يەنە يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرنى كەينىگە چېكىنىۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇ پويىز ۋاگونىنى ئۆلچەم قىلغان. بىر جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلىگەندە ئۆلچەم قىلىپ تاللىۋېلىنغان ئىككىنچى بىر جىسىم **پايدىلىنىش سىستېمىسى** دەپ ئاتىلىدۇ.




1.2ـ رەسىم

ئوخشىمىغان پايدىلىنىش سىستېمىلىرىنى تاللاپ ئوخشاش بىر ھەرىكەتنى كۆزەتكەندە، كۆزىتىش نەتىجىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. كېتىۋاتقان پويىز ۋاگونىدا ئولتۇرغان يولۇچى ۋاگوننى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ ئالسا، ئۇ تىنچ تۇرغان بولىدۇ؛ ئەگەر يەر يۈزىنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ ئالسا، ئۇ ۋاگون بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولىدۇ. تەكشى تېزلىكتە ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاندىن يەر يۈزىگە ماددىي ئەشيالارنى تاشلىغاندا، ئايروپىلاندىكى ئادەم ئايروپىلاننى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلغانلىقتىن، تاشلانغان نەرسىلەر ئۇنىڭغا تۈز سىزىق بويلاپ ۋېرتىكال تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان بولۇپ كۆرۈنىدۇ (1.2ـ رەسىم A)، يەر يۈزىدىكى ئادەملەر يەر يۈزىنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلغانلىقتىن، نەرسىلەر ئۇلارغا ئەگرى سىزىق بويىچە تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان بولۇپ كۆرۈنىدۇ (1.2ـ رەسىم B).

بىر جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلىگەندە، پايدىلىنىش سىستېمىسىنى خالىغانچە تاللاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم دەريادا سۇ ئۈزگەندە، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشتە دەريادا كېتىۋاتقان كېمىنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىشقا بولىدۇ، قىرغاقنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىشتا يەر شارىنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىشقا بولىدۇ، قۇياشنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئوخشىمىغان پايدىلىنىش سىستېمىلىرىدا جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەشلەرنىڭ مۇرەككەپ-ئاددىيلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، يەر



Scanned by CamScanner

يۈزىدىكى جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئەگەر يەر يۈزى ياكى يەر يۈزىگە نىسبەتەن قوزغالمايدىغان ئۆي-ئىمارەت، دەرەخلەرنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلغاندا ئىنتايىن قولايلىق بولىدۇ؛ يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلغاندا، قۇياشنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ ئالسا، بۇ، يەر شارىنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ ئالغانغا قارىغاندا كۆپ ياخشى بولىدۇ.

**ماددىي نۇقتا** جىسىملارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك چوڭ-كىچىكلىككە ۋە شەكىلگە ئىگە، جىسىملارنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنىڭ ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، ئاپتوموبىل بۇرۇلۇش قىلغاندا سىرتقى يېقىدىكى بىر نۇقتىسىنىڭ سىزىپ ئۆتكەن يايى ئىچكى يېقىدىكى بىر نۇقتىسىنىڭ سىزىپ ئۆتكەن يايىدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. قارىماققا، جىسىملارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش ئاددىي بىر ئىش ئەمەس ئىكەن. ئەمما، بەزى ئەھۋاللاردا جىسىملارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلىنى نەزەرگە ئالماي تۇرۇپ، مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بىر پويىز بېيجىڭدىن تيەنجىنگە قاراپ ماڭغان بولسا، بىز پويىزنىڭ مېڭىۋاتقان ۋاقتىدىن ئىبارەت مۇشۇ تۈردىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدا، پويىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى بېيجىڭدىن تيەنجىنگىچە بولغان ئارىلىقتىن كۆپ كىچىك بولغانلىقتىن، پويىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئويلاشمىساقمۇ بولىدۇ؛ يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىشىنى تەتقىق قىلغاندا، يەر شارىنىڭ دىئامېتىرى (تەخمىنەن $1.3\times10^{4}$km) يەر شارى بىلەن قۇياش ئارىسىدىكى ئارىلىق (تەخمىنەن $1.5\times10^{8}$km) تىن كۆپ كىچىك بولغانلىقتىن، يەر شارىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئېتىبارغا ئالمىساقمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا جىسىمنى ماسسىغا ئىگە بىر نۇقتا دەپ قاراشقا بولىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، ماسسىغا ئىگە بىر نۇقتىنى جىسىمغا ۋەكىل قىلىپ ئېلىشقا بولىدۇ. جىسىمغا ۋەكىل قىلىپ ئېلىنغان ماسسىغا ئىگە نۇقتا ماددىي نۇقتا دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر جىسىمنى ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى مەسىلىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش كېرەك. يۇقىرىدىكى مىسالدا، پويىزنىڭ بېيجىڭ بىلەن تيەنجىن ئارىسىدىكى يۈرۈشىنى تەتقىق قىلغاندا، پويىزنى ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر پويىزنىڭ مەلۇم بىر بەلگىدىن ئۆتۈپ بولۇشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتنى تەتقىق قىلىشتا، روشەنكى پويىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك، بۇ چاغدا پويىزنى ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولمايدۇ. يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىشىنى تەتقىق قىلىشتا، يەر شارىنى ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولىدۇ؛ ئەمما يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى بويىچە ئايلىنىشىنى تەتقىق قىلىشتا، يەر شارىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئالماي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە يەر شارىنى ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا، مېخانىكىدىكى كۆپلىگەن تەتقىقات ئوبيېكتلىرنى ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ كىتابنىڭ كەينىدىكى مۇھاكىمىلەردە ئالاھىدە ئىزاھات بولمىسىلا، جىسىم بىلەن ماددىي نۇقتىدىن ئىبارەت ئىككى سۆز پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ.

ھەرىكەتتىكى ماددىي نۇقتىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى ماددىي نۇقتىنىڭ ھەرىكەت تراييېكتورىيىسى (ئىزى) دەپ ئاتىلىدۇ. قېرىنداشنىڭ قەغەزگە سىزىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن قالغان ئىزى قېرىنداش ئۇچى ھەرىكىتىنىڭ تراييېكتورىيىسى بولىدۇ. ئەگەر ماددىي نۇقتىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تراييېكتورىيىسى تۈز سىزىق بولسا، بۇنداق ھەرىكەت تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ، ئەگەر ئەگرى سىزىق بولسا، ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابتا تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**پەيت ۋە ۋاقىت ئارىلىقى** بىز چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دە دەرسنى باشلاپ، 8 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە دەرستىن چۈشىمىز، دەيمىز. بۇ يەردىكى «سائەت 8 دە» بىلەن «8 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە» دېگىنىمىز بۇ 1 سائەتلىك دەرسنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش پەيتلىرى، بۇ ئىككى پەيت ئارىلىقىدىكى ئارىلىق 45 مىنۇت بولۇپ، بۇ «45 مىنۇت» ئىككى پەيت ئارىلىقىدىكى ۋاقىت ئارىلىقى بولىدۇ. ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان سان ئوقىدا پەيت نۇقتا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ۋاقىت ئارىلىقى كېسىك ئارقىلىق ئىپادىلە-



Scanned by CamScanner

... ئالدىنقى 1-سائەت دەرس بىلەن
ىدۇ. 2 .2-رەسىمدە كۆرسىتىلگەن ۋاقىت سان ئوقىدا چۈشتىن بۇرۇنقى ئىككى سائەتلىك دەرسنىڭ باشلىنىش، دەرستىن چۈشۈش پەيتلىرى ۋە بۇ 2 سائەت دەرس ھەم دەرس
2-سائەت دەرسنىڭ دەرس باشلىنىش، دەرستىن چۈشۈش پەيتلىرى ۋە بۇ 2 سائەت دەرس ھەم دەرس
ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىت ئارىلىقلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن كېيىن «ۋاقىت ئارىلىقى» دېگەننى
دائىم ئىشلىتىمىز. مەسىلەن، 5 min ۋاقىت ئىچىدە،
دائىم ئىشلىتەمەي، بىۋاستە «ۋاقىت» دېگەن بۇ سۆزنى ئىشلىتىمىز. مەسىلەن، 5 min ۋاقىت ئىچىدە»
دېگىنىمىز ۋاقىت ئارىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.




2.2-رەسىم. چۈشتىن بۇرۇنقى ئالدىنقى 2 سائەتلىك دەرسنىڭ باشلىنىش
ۋە ئاخىرلىشىش پەيتلىرى ھەم 2 سائەت دەرس ۋە دەرسلەر
ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشنىڭ داۋاملىشىش ۋاقىت ئارىلىقى

ۋاقىتنىڭ خەلقئارالىق ئۆلچەم بىرلىكلىرى سېكۇنت، مىنۇت، سائەت، بولار-
نىڭ بەلگىلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا s، min، h. تەجرىبىخانىلاردا دائىم
سېكۇندومېر ئارقىلىق ۋاقىت ئۆلچىنىدۇ. جىسىملارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى
بىر قەدەر ئېنىقلىق بىلەن تەتقىق قىلىشتا، ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتلارنى ئۆلچەش
ۋە خاتىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەكتەپ تەجرىبىخانىلىرىدا دائىم چېكىتچى
تايمېر ئارقىلىق ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.




3.2-رەسىم. ئوخشىمىغان لىنىيىلەر بويىچە بېيجىڭدىن شاڭخەيگە بېرىشتىكى باسقان مۇساپىلەر ئوخشىماسلىقى مۇمكىن، ئەمما يۆتكىلىش ئېنىق بولىدۇ، ھەممىسىدە بېيجىڭدىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشتىكى 1080km بىراقلىقتىكى شاڭخەيگە قارىتا يۆنەلگەن بولىدۇ. يۆنىلىشلىك كېسىك AB (كۆك رەڭلىك) بېيجىڭدىن شاڭخەيغىچە بولغان يۆتكىلىشنى ئىپادىلەيدۇ

**يۆتكىلىش ۋە مۇساپە** بېيجىڭدىن شاڭخەيگە بېرىشىڭىزدا پويىزغا
ئولتۇرسىڭىزمۇ، ئايروپىلانغا ئولتۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئاپتوبۇس بىلەن تيەنـ
جىنگە بېرىپ ئاندىن پاراخوتقا ئالمىشىپ بارسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئوخشىمىغان
قاتناش قوراللىرىدىن پايدىلانغىنىڭىزدا، ھەرىكەت traيېكتورىيىڭىز ئوخشاش
بولمايدۇ، باسقان مۇساپىڭىز (يول)مۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما ئورنىڭىز-
نىڭ ئۆزگىرىشىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، سىز ھامان دەسلەپكى ئورنىڭىز بېيجىڭ-
دىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشتىكى تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى تەخمىنەن 1080km
كېلىدىغان شاڭخەيگە يېتىپ بارىسىز (2 .3-رەسىم).

فىزىكىدا يۆتكىلىش دەپ ئاتىلىدىغان فىزىكىلىق مىقدار ئارقىلىق ماددىي
نۇقتىنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىپادىلىنىدۇ. ماددىي نۇقتىنى دەسلەپكى
ئورۇن $A$ دىن ھەرىكەت قىلىپ ئاخىرقى ئورۇن $B$ غا كەلگەن، دەپ پەرەز
قىلساق، $A$ دىن $B$ غا يۆنەلگەن يۆنىلىشلىك كېسىك $AB$ دىن پايدىلىنىپ
ماددىي نۇقتىنىڭ بۇ قېتىملىق ھەرىكىتىدىكى يۆتكىلىشنى ئىپادىلەپ چىقالايـ
مىز. يۆنىلىشلىك كېسىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۆتكىلىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكـ
نى، يۆنىلىشلىك كېسىكنىڭ يۆنىلىشى يۆتكىلىشنىڭ يۆنىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ.
يۆتكىلىش ھەم چوڭ-كىچىكلىككە، ھەم يۆنىلىشكە ئىگە بولۇپ، ئۇمۇ كۆچكە ئوخشاش ۋېكتوردۇر.
يۆتكىلىش ئادەتتە $s$ ھەرپ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.



Scanned by CamScanner

يۆتكىلىش مۇساپىگە ئوخشىمايدۇ . مۇساپە ماددىي نۇقتىنىڭ ھەرىكەت تراييېكتورىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئىبارەت . 2 .3-رەسىمدىكى ماددىي نۇقتىنىڭ يۆتكىلىشى يۆنىلىشلىك كېسىك $AB$ دىن ئىبارەت بولىدۇ ، مۇساپە بولسا ئەگرى سىزىق $ACB$ ، $ADB$ ياكى $AEB$ نىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئىبارەت بولىدۇ . مۇساپە پەقەت چوڭ-كىچىكلىككە ئىگە بولۇپ ، يۆنىلىشكە ئىگە ئەمەس ، شۇڭا ئۇ سكالىيار .

## 1- مەشىق

(1) ئادەتتە كۆن چىقتى ۋە كۈن ئولتۇردى دېگىنىمىزدە نېمىنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلغان بولىمىز ؟ يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ ، دېگىنىمىزدە ، يەنە نېمىنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلغان بولىمىز ؟

(2) ۋېلىسىپىت چاقىنىڭ ئوقنى چۆرگىلەپ ھەرىكەت قىلىشىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ، ۋېلىسىپىتنى ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولامدۇ ؟ يولدا كېتىۋاتقان ۋېلىسىپىتنىڭ تېزلىكىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ، ۋېلىسىپىتنى ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولامدۇ ؟

(3) مەملىكىتىمىز تەنھەرىكەتچىسى ۋاڭ جۈنشيا 1996-يىلى 26-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئاياللارنىڭ 5000m غا يۈگۈرۈشى بويىچە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى رېكورتى ، يەنى 14min59. 88s نى ياراتتى . بۇ سانلىق مەلۇمات پەيتمۇ ياكى ۋاقىت ئارىلىقىمۇ ؟

پويىز ئىستانسىسىدىكى مۇلازىمەت ئورنىدا «يولۇچىلار پويىزى پەيت جەدۋىلى» سېتىلىدۇ . بۇ نېمە ئۈچۈن «ۋاقىت جەدۋىلى» دەپ ئاتالمايدۇ ؟

(4) تاكسى (كىرا) ئاتوموبىل شوپۇرلىرى يۆتكىلىشكە ئاساسەن ھەق ئالامدۇ ياكى مۇساپىگە ئاساسەن ھەق ئالامدۇ ؟




4.2-رەسىم. قورغان توپ مەيدانى

(5) ئوتتۇرا مەكتەپ قورغان توپ (بېيسبول) مەيدانىنىڭ ئىچكى مەيدانى تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 16. 77m بولغان كۋادراتتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنىڭ تۆت بۇلۇڭى ئايرىم-ئايرىم باش قورغان ۋە 1- ، 2- ، 3-قورغان دەپ بېكىتىلگەن بولىدۇ (2 .4-رەسىم) . بىر نەپەر تەنھەرىكەتچى توپنى ئۇرغاندىن كېيىن ، باش قورغاندىن چىقىپ 1- ، 2-قورغانلاردىن ئۆتۈپ 3-قورغانغا يۈگۈرۈپ بارغان بولسا ، ئۇنىڭ ھەرىكەت مۇساپىسى قانچىلىك ؟ يۆتكىلىشى قانچىلىك ؟ يۆتكىلىشنىڭ يۆنىلىشى قانداق بولىدۇ ؟

(6) 2 .5-رەسىم $A$ دا كۆرسىتىلگەندەك ، بىر ئىنچىكە پۇرژىنىغا بىر شارچە باغلانغان بولۇپ ، سىلىق ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان . قول بىلەن شارچىنى تۇتۇپ پۇرژىنىنى تارتىپ سوزغاندىن كېيىن قولنى قويۇپ بەرسە ، شارچە ئوڭ-سولغا بېرىپ-كېلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ ، $B$ بولسا شارچىنىڭ ئوڭ تەرەپكە يېتىپ بارغان ئەڭ يىراق ئارىلىقى . شارچە ئوڭغا قاراپ ئوتتۇردىكى ئورۇن $O$ دىن ئۆتكەندە ۋاقىت خاتىرىلەش باشلانغان بولۇپ ، ئۇ ھەرقايسى نۇقتىلاردىن ئۆتكەندىكى پەيتلەر 2 .5-رەسىم $B$ دا كۆرسىتىلدى . $AB$=3cm ، $OA$=$OC$=7cm ئەگەر ئىكەنلىكى ئۆلچەنگەن بولسا ، 0 پەيتتىن باشلاپ :




2.5-رەسىم. شارچە ھەرىكىتىنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن مۇساپىسىنى ئېنىقلاش

① 0. 2s ئىچىدىكى شارچىنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ چوڭلۇقى ______ ، يۆنىلىشى ______ قارىتا ، بېسىپ



Scanned by CamScanner

ئۆتكەن مۇساپىسى 7 . قارىتا، بىسى
② 0.6s ئىچىدىكى شارچىنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ چوڭلۇقى 7 ، يۆنىلىشى ئوڭغا ،
ئۆتكەن مۇساپىسى 13 . ، بىسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى 20
③ 0.8s ئىچىدىكى شارچىنىڭ يۆتكىلىشى 0 قارىتا، بىسى
④ 1.0s ئىچىدىكى شارچىنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ چوڭلۇقى 7 ، يۆنىلىشى سول ،
ئۆتكەن مۇساپىسى 27 .

## § 2 . يۆتكىلىش بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتى

**تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت** ھەرىكەت جەريا-




6.2ـرەسىم

نىدا ماددىي نۇقتىنىڭ ئورنى ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ ، يۆتكىلىشمۇ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ . مەسىلەن ، بىر ئاپتوموبىلنىڭ بىر بۆلەك تۈپ-تۈز تاشيولدىكى ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ، تاش-يولنىڭ چېتىدە ھەر 100m دا قولىغا سېكۇندومېر ئالغان بىردىن كۆزەتكۈچى تۇرغۇزۇلۇپ ، ئاپتوموبىلنىڭ ھەربىر كۆزەتكۈچىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندىكى ۋاق-تى خاتىرىلىنىدۇ (6.2ـرەسىم) . ئۆلچەش نەتىجىسى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى .

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ۋاقىت $t$/s | 0 | 4.9 | 10.0 | 15.1 | 19.9 |
| يۆتكىلىش $s$/m | 0 | 100 | 200 | 300 | 400 |

بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، خاتالىق پەرقىگە يول قويۇلىدىغان دائىرە ئىچىدە، تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدىكى ئاپتوموبىلنىڭ يۆتكىلىشى ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ . ھەر 5s ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشى ئوخشاشلا 100m ، ھەر 10s ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشى ئوخشاشلا 200m بولىدۇ . ...




7.2ـرەسىم. تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتتىكى يۆتكىلىش گرافىكى بىر تۈز سىزىقتىن ئىبارەت

جىسىم بىر تۈز سىزىقنى بويلاپ ھەرىكەت قىلغاندا ، ئەگەر تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدىكى يۆتكىلىشى ئۆزئارا تەڭ بولسا ، بۇ خىل ھەرىكەت تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ .

تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتتە ، تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدىكى يۆتكىلىشلەر ئۆزئارا تەڭ بولىدىكەن ، ئۇ ھالدا $t$ ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشى $s$ بولسا ، $2t$ ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشى $2s$ ، $3t$ ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشى $3s$ بولىدۇ ، يەنى يۆتكىلىش $s$ مۇشۇ بۆلەك يۆتكىلىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت $t$ غا ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ .

بىز يەنە يۆتكىلىش بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىقالايمىز . تەكشىلىكتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستې-مىسىدا ئوردىنات ئوقى ئارقىلىق يۆتكىلىش $s$ نى ، ئابسىسسا ئوقى ئارقىلىق ۋاقىت $t$ نى ئىپادىلىسەك ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاپتوموبىل ھەرىكىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن ، كوئوردىنات تەكشىلىكىدە كوئوردىناتى (4.9,100) ، (10.0,200) ، (15.1,300) ، (19.9,400) بولغان ھەرقايسى نۇقتىلارنى ئىپادىلەپ چىقساق ، ھەرقايسى نۇقتىلارنىڭ ئاساسەن كوئوردىنات بېشىدىن ئۆتكەن تۈز سىزىقتا ياتىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز (7.2ـرەسىم) . دېمەك ، تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت-تىكى يۆتكىلىش بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋەت گرافىكى بىر تۈز سىزىقتىن ئىبارەت بولىدۇ . بۇ دەل بىز

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگىنىپ ئۆتكەن بىرىنچى دەرىجىلىك فۇنكسىيىنىڭ گرافىكىدۇر .
بۇنداق گرافىك يۆتكىلىش-ۋاقىت گرافىكى ( $t-s$ گرافىكى ) دەپ ئاتىلىدۇ . بەزىدە ئاددىيلاشتۇرۇ-لۇپ يۆتكىلىش گرافىكى دېيىلىدۇ .

**تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت** كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىز كۆپ ئۇچرايدىغان تۈز سىزىق-لىق ھەرىكەتلەر كۆپ ھاللاردا تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت بولمايدۇ . ئايروپىلان كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان چاغدا ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى بارغانسېرى تېزلىشىپ ، تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدىكى يۆتكىلىشى ئۆز ئارا تەڭ بولماي-دۇ . پويىز ۋوگزالغا كىرگەندە ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى بارغانسېرى ئاستىلاپ ، تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدىكى يۆتكە-لىشلىرىمۇ تەڭ بولمايدۇ .

جىسىم بىر تۈز سىزىق بويلاپ ھەرىكەت قىلغاندا ، ئەگەر ئۇنىڭ تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدىكى يۆتكىلىشلىرى تەڭ بولمىسا ، بۇ خىل ھەرىكەت تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ . تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتتىكى يۆتكىلىشنىڭ گرافىكى تۈز سىزىق بولماستىن ، بەلكى بىر ئەگرى سىزىقتىن ئىبارەت بولىدۇ . بۇ بابتا مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنى تەتقىق قىلىمىز .

> فىزىكىدا فىزىكىلىق مىقدارلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ، شۇنداقلا گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. $t-s$ گرافىكى بىر خىل گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.
>
> گرافىك ئارقىلىق فىزىكىلىق مىقدارلار ئارىسىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئېنىق ئىپادىلەپ چىقىشقا بولىدۇ، بۇ جەريانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تونۇپ يېتىشكە قولايلىق بولىدۇ. مەسىلەن، جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەيدىغان $t-s$ گرافىكى بىر تۈز سىزىق ئەمەس بولسا، بۇ جىسىم تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلمىغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. گرافىكتىن پايدىلىنىپ تەجرىبە (ياكى كۆزىتىش) نەتىجىسىنى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق ھالدا بىر تەرەپ قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. شۇڭا گرافىكنى ئۆگىنىشكە ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم.

## 2 ـ مەشىق

(1) تېكىستتە بېرىلگەن ئاپتوموبىل ھەرىكىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى جەدۋىلىگە ئاساسەن ، تۆۋەندىكىلەرگە ھۆكۈم قىلىڭ : ئاپتوموبىلنىڭ ھەربىر سېكۇنتتىكى يۆتكىلىشى قانچىلىك ؟ بۇ ئاپتوموبىل داۋاملىق تەكشى تېزلىكتە ماڭسا ، ۋاقىت خاتىرىلەش باشلىنىپ 25s ئۆتكەندىن كېيىنكى باسقان ئارىلىقى قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ ؟




9.2_رەسىم




8.2_رەسىم

(2) 8. 2 ـ رەسىمدە خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانىنىڭ يۆتكىلىش گرافىكىدىن ئىبارەت . بۇ ئايروپىلان قانداق ھەرىكەت

قىلغان؟ بۇ گرافىكتىن پايدىلىنىپ، ئايروپىلاننىڭ 30min ئىچىدىكى يۆتكىلىشىنى ۋە 700km ئۇچۇشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتنى تېپىڭ.

(3) 2 .9_رەسىم پويىز ھەرىكىتىنىڭ يۆتكىلىش گرافىكىدىن ئىبارەت. كېسىنىڭ $OA$ بىلەن $BC$ پويىزنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ؟ كېسىنىڭ $AB$ ئابسىسسا ئوقىغا پاراللېل بولۇپ، بۇ، پويىزنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ؟ پويىزنىڭ 4min ئىچىدىكى يۆتكىلىشى قانچىلىك بولىدۇ؟ 12km ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتۈشتە قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ؟ پويىز ئارىلىقتا قانچىلىك ۋاقىت توختىغان؟

## § 3 . ھەرىكەتنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى تەسۋىرلەش ۋە تېزلىك

**تېزلىك** ئوخشىمىغان ھەرىكەتلەرنىڭ تېز-ئاستىلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىدە پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. جىسىملار ھەرىكىتىنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى سېلىشتۇرۇشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: بىر خىلى، يۆتكىلىشى ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا، سەرپ قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى سېلىشتۇرۇلىدۇ، سەرپ قىلغان ۋاقتى قانچە قىسقا بولسا، ھەرىكىتى شۇنچە تېز بولىدۇ. مەسىلەن، 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە $A$ تەنھەرىكەتچى 10s تا پۈتۈن مۇساپىنى يۈگۈرۈپ بولغان، $B$ تەنھەرىكەتچى 11s تا پۈتۈن مۇساپىنى يۈگۈرۈپ بولغان، $A$ نىڭ سەرپ قىلغان ۋاقتى قىسقا بولۇپ، تېز يۈگۈرگەن. يەنە بىر خىلى، ۋاقىت ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا يۆتكىلىشلەر سېلىشتۇرۇلىدۇ، يۆتكىلىشى چوڭ بولسا، ھەرىكىتى تېز بولىدۇ. $A$ ئاپتوموبىل 2h ئىچىدە 80km ماڭغان، $B$ ئاپتوموبىل 2h ئىچىدە 170km ماڭغان بولۇپ، $B$ ئاپتوموبىلنىڭ ھەرىكىتى تېز. ئۇ ھالدا، $A$ تەنھەرىكەتچى بىلەن $A$ ئاپتوموبىلنىڭ قايسىسى تېز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن سېلىشتۇرۇش ئۆلچىمىنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ بىرلىك ۋاقىت (مەسىلەن، ھەربىر سېكۇنت) ئىچىدىكى يۆتكىلىشلىرىنى ھېسابلاپ چىقساق سېلىشتۇرۇشقا قولاي بولىدۇ. $A$ تەنھەرىكەتچىنىڭ ھەربىر سېكۇنتتىكى يۆتكىلىشى $\frac{100}{10}\mathrm{m}=10\mathrm{m}$ غا تەڭ. $A$ ئاپتوموبىلنىڭ ھەربىر سېكۇنتتىكى يۆتكىلىشى $\frac{80\times10^3}{2\times3600}\mathrm{m}=11\mathrm{m}$ غا تەڭ. دېمەك، $A$ ئاپتوموبىلنىڭ ھەرىكىتى تېز. شۇنداق قىلىپ، ھەرىكەتنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن، تېزلىك ئۇقۇمىنى كىرگۈزدۇق.

تېزلىك ھەرىكەتنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار بولۇپ، ئۇ يۆتكىلىش $s$ نىڭ بۇ بۆلەك يۆتكىلىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت $t$ غا بولغان نىسبەت قىممىتىگە تەڭ بولىدۇ. تېزلىكنى $v$ بىلەن ئىپادىلىسەك مۇنداق بولىدۇ:

$$v=\frac{s}{t}$$

خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا تېزلىكنىڭ بىرلىكى مېتىر ھەر سېكۇنت، بەلگىسى m/s (ياكى $\mathrm{m\cdot s^{-1}}$). دائىم قوللىنىلىدىغان بىرلىكلەردىن يەنە كىلومېتىر ھەر سائەت (km/h ياكى $\mathrm{km\cdot h^{-1}}$)، سانتىمېتىر ھەر سېكۇنت (cm/s ياكى $\mathrm{cm\cdot s^{-1}}$) قاتارلىقلارمۇ بار.

تېزلىك چوڭ-كىچىكلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە يۆنىلىشكىمۇ ئىگە، شۇڭا ئۇ ۋېكتور. تېزلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى سانلىق قىممەت جەھەتتە بىرلىك ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە تەڭ. تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش.

**ئوتتۇرىچە تېزلىك ۋە پەيتلىك تېزلىك** تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتتە، يۆتكىلىش $s$ بۇ بۆلەك يۆتكىلىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت $t$ غا ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، نىسبەت قىممەت $\frac{s}{t}$ تۇراقلىق بولىدۇ، فورمۇلا

Scanned by CamScanner

$v=\frac{s}{t}$ تىن تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېزلىكىنى تېپىشقا بولىدۇ . تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتتە ، جىسىمنىڭ تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدىكى يۆتكىلىشى ئۆز ئارا تەڭ بولمىغاچقا ، نىسبەت قىممەت $\frac{s}{t}$ تۇراقلىق بولمايدۇ ،شۇڭا فورمۇلا $v=\frac{s}{t}$ تىن تېزلىكنى تېپىشقا بولىدۇ ، بۇ تېزلىك تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ $t$ ۋاقىت (ياكى يۆتكىلىش $s$ ) ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ . ئوتتۇرىچە تېزلىك ئادەتتە $\bar{v}$ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتتە ، ئوخشىمىغان ۋاقىت (ياكى ئوخشىمىغان يۆتكىلىش ) لار ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىك ئومۇمەن ئوخشاش بولمايدۇ ، شۇڭلاشقا تېپىپ چىقىرىلغان ئوتتۇرىچە تېزلىكنىڭ قايسى بىر بۆلەك ۋاقىت (ياكى يۆتكىلىش )قا نىسبەتەن ئېيتىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك . ئادەتتە مەلۇم بىر جىسىمنىڭ ھەرىكەت تېزلىكىنىڭ مۇنچىلىك چوڭلۇقتا دەپ ئېيتىلىشى ئادەتتە ئوتتۇرىچە تېزلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

ئوتتۇرىچە تېزلىك تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ مەلۇم بۆلەك ۋاقىت ئىچىدىكى تېز-ئاستىلىق دەرىجىسىنى ئىپادىلىگەچكە ، پەقەت جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى يۈزەكى ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىدۇ . تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنى ئېنىق تەسۋىرلەش ئۈچۈن ، جىسىمنىڭ ھەربىر پەيت (ياكى ھەربىر ئورۇن )تىكى ھەرىكىتىنىڭ تېز-ئاستىلىق دەرىجىسىنى بىلىش كېرەك . ھەرىكەتتىكى جىسىمنىڭ مەلۇم بىر پەيت (ياكى مەلۇم بىر ئورۇن )تىكى تېزلىكى پەيتلىك تېزلىك دەپ ئاتىلىدۇ .



10.2-رەسىم

تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتتە ، پەيتلىك تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى جىسىمنىڭ مەلۇم بىر ئورۇندىن ئۆتكەندىكى ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ . ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى پەيتلىك سۈرئەت دەپ ئاتىلىدۇ ، بەزىدە قىسقىچە سۈرئەت (تېزلىك كوئېففىتسېنتى ) دېيىلىدۇ .

تېخنىكىدا ئادەتتە سپىدومېتىر (سۈرئەت ئۆلچىگۈچ ) ئارقىلىق پەيتلىك سۈرئەت ئۆلچىنىدۇ . 2 .10-رەسىمدە ئاپتوموبىلنىڭ سپىدومېتىرى كۆرسىتىلگەن ، ئۇنىڭ ئىسترېلكىسى كۆرسەتكەن سانلىق قىممەت ئاپتوموبىلنىڭ مەلۇم پەيتتىكى پەيتلىك سۈرئىتىدىن ئىبارەت . ئاپتوموبىلغا چىققاندا ، شوپۇرنىڭ ئالدىدىكى سپىدومېتىرغا دىققەت قىلىدىغان بولساق ، ئىسترېلكا كۆرسەتكەن سانلىق قىممەتنىڭ ئاپتوموبىلنىڭ مېڭىشىنىڭ تېز-ئاستىلىقىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز .

## پەيتلىك تېزلىكنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ

ئوقۇش ماتېرىيالى



2 .11-رەسىم ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر پىكاپنى ئىپادىلەيدۇ . ئەمدى بىز پىكاپنىڭ $A$ نۇقتىدىن ئۆتكەندىكى پەيتلىك تېزلىكىنى ئېنىقلايمىز . $A$ نۇقتىدىن باشلاپ بىر بۆلەك يۆتكىلىش $AA_1$ نى ئېلىپ ، پىكاپنىڭ مۇشۇ بۆلەك يۆتكىلىشتىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكىنى تېپىپ چىقىمىز ، بۇ ئوتتۇرىچە تېزلىك پىكاپنىڭ $A$ نۇقتىدىن ئۆتكەندىكى تېز-ئاستىلىق دەرىجىسىنى تەقرىبىي ئىپادىلەيدۇ . $A$ نۇقتىدىن باشلاپ ئېلىنغان يۆتكىلىشلەر ، مەسىلەن ، $AA_2$ ، $AA_3$ قاتارلىقلار قانچە كىچىك ئېلىنسا ، پىكاپنىڭ مۇشۇ بۆلەك ۋاقىت ئىچىدىكى تېزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشى شۇنچە كىچىك بولۇپ ، ئېرىشىلگەن ئوتتۇرىچە تېزلىك پىكاپنىڭ $A$ نۇقتىدىن ئۆتكەندىكى تېز-ئاستىلىق دەرىجىسىنى شۇنچە ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ . يۆتكىلىش يېتەرلىك كىچىك (ياكى ۋاقىت يېتەرلىك قىسقا ) بولغاندا ، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى تەكشى ھەرىكەت بىلەن ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ پەرقىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ ، بۇ چاغدا پىكاپنىڭ مۇشۇ بۆلەك ۋاقىت ئىچىدىكى ھەرىكىتىنى تەكشى دەپ قاراشقا بولىدۇ ، كېلىپ چىققان ئوتتۇرىچە تېزلىكمۇ پىكاپنىڭ $A$ نۇقتىدىن ئۆتكەندىكى پەيتلىك تېزلىككە تەڭ بولىدۇ .



Scanned by CamScanner




11.2ــ رەسىم

## تەقلىدىي چېكىتچى تايمېر






12.2ــ رەسىم

ئىككى ساۋاقدىشىڭىز بىلەن بىرلىكتە بىر بوياق قەلەمنى ئىشلىتىپ، سىزنىڭ بىر ئاغىنىڭىز كەڭلىكى تەخمىنەن 5mm بولغان ئۇزۇن بىر تال قەغەز لېنتىنى قەلىمىڭىزنىڭ ئاستىدىن تۈز سىزىق بويىلاپ تارتىپ ماڭغۇزسۇن، قەغەز لېنتا قەلىمىڭىزنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ھەربىر سېكۇنت ئۆتكەندە قەغەز لېنتىغا بوياق قەلىمىڭىز بىلەن بىر چېكىت چېكىڭ. سىز يەنە ھەربىر سېكۇنت ئۆتكەندە بوياق قەلىمىڭىز بىلەن قەغەز لېنتىغا تەكشى بولغان ئىككى چېكىت چېكىشنى مەشىق قىلىشىڭىزمۇ بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر «چېكىتچى تايمېر» ياسىلىپ چىقىدۇ (12.2ــ رەسىم).

ئويلاپ بېقىڭ: بوياق قەلەم ئارقىلىق چېكىلگەن قوشنا ئىككى چېكىت قانچىلىك ۋاقىتنى ئىپادىلەيدۇ؟ قەغەز لېنتىدىكى ئىككى چېكىت ئارىسىدىكى ئارىلىقنىڭ قەغەز لېنتىنى تارتىشنىڭ تېز-ئاستىلىقى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ قەغەز لېنتىنى تارتىشنىڭ تېز-ئاستىلىقى تەكشى بولمىسا، بۇنىڭ قوشنا ئىككى نۇقتا ئىپادىلەيدىغان ۋاقىتقا تەسىرى بولامدۇ؟

## 3ــ مەشىق

(1) سىگنالنىڭ ھاۋانىڭ نېرۋىسىنى بويلاپ تارقىلىش سۈرئىتى تەخمىنەن $10^2$m/s. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30m كېلىدىغان كىتنىڭ قۇيرۇقىنى ئاكۇلا بىر چىشلەم چىشلىۋالغان بولسا، ئۇ تەخمىنەن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاغرىغانلىقىنى سېزەلەيدۇ؟ بويى ئېگىزلىكى 1.8m كېلىدىغان ئادەم تەخمىنەن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پۇتىنى پاشا چېقىۋالغانلىقىنى سېزەلەيدۇ؟

$t=\frac{s}{v}=\frac{30m}{10^2 m/s}=0.3s$　　$t=\frac{s}{v}=\frac{1.8m}{10^2 m/s}=0.018s$

(2) ئوق 900m/s تېزلىكتە مىلتىق ئىستوۋولىدىن ئېتىلىپ چىققان. بۇ، ئوتتۇرىچە تېزلىكنى كۆرسىتەمدۇ ياكى پەيتلىك تېزلىكنى كۆرسىتەمدۇ؟ ئاپتوموبىل بېيجىڭنىڭ چاڭئەن كوچىسىدىن بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا مېڭىپ، 2min تا 1.8km ماڭغان، ئاپتوموبىلنىڭ مېڭىش تېزلىكى 54km/h بولسا، بۇ قانداق تېزلىكنى كۆرسىتىدۇ؟ ئوتتۇرىچە

(3) تۆۋەندە بېيجىڭ-جيۇلوڭ تۆمۈر يولىنىڭ بېيجىڭ غەربىي ئىستانسىسىدىن شىنجېنغىچە بولغان لىنىيىسىدە مەلۇم قېتىملىق پويىزنىڭ يۈرۈش ۋاقىت جەدۋىلى كۆرسىتىلدى. پويىز جەدۋەلدىكى يول بۆلەكلىرىدە تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ ھەم ھەربىر ئىستانسىدىن دەل ۋاقتىدا يولغا چىقىپ، دەل ۋاقتىدا يېتىپ بارىدۇ، دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.

| بېيجىڭ غەربىي ئىستانسىسى ↓ شىنجېن | بېيجىڭ غەربىي ئىستانسىسىدىن باشلانغان km سانى | ئىستانسا نامى | بېيجىڭ غەربىي ئىستانسىسى ↑ شىنجېن |
|---|---|---|---|
| 22:18 | 0 | بېيجىڭ غەربىي ئىستانسىسى | — 6:35 |
| 23:30 32 | 92 | باجۇ | 22 5:20 |
| 0:08 11 | 147 | رېنچيۇ | 39 4:36 |



Scanned by CamScanner

| | | | |
|---|---|---|---|
| 10<br>3:04 | خېڭشۈي | 274 | 1:39<br>45 |
| ... | ... | ... | ... |

(1) پويىزنىڭ بېيجىڭ غەربىي ئىستانسىسىدىن يولغا چىقىپ ئۇدۇل باجۇ ئىستانسىسىغا يېتىپ بارغىچە بولغان ئوتتۇرىچە ھەرىكەت تېزلىكى قانچىلىك ؟

(2) پويىزنىڭ باجۇ ئىستانسىسىدىن يولغا چىقىپ ئۇدۇل خېڭشۈي ئىستانسىسىغا يېتىپ بارغىچە بولغان ئوتتۇرىچە ھەرىكەت تېزلىكى قانچىلىك ؟

(3) نۆلدىن 10 مىنۇت ئۆتكەن بۇ بىر پەيتتىكى پويىزنىڭ پەيتلىك تېزلىكى قانچىلىك ؟

(4) 2 .13_رەسىمدە ئىككى تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتنىڭ يۆتكىلىش گرافىكى كۆرسىتىلگەن . قايسى تۈز سىزىق ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تېزلىكى چوڭ ؟ ھەربىرى قانچىلىك ؟

(5) ئايروپىلان ئارقىلىق ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلغان ، ئايروپىلاننىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 500m ، چارلاپ ئۇچۇش تېزلىكى 400km/h ، ئايروپىلاندىكى ئۆلچەش ئەسۋابى 120لۇق كۆرۈش بۇلۇڭى دائىرىسىدە ئۆلچەيدۇ (2 .14_رەسىم) . ئۇنداقتا ، ئايروپىلاننىڭ ھەربىر سائەتتىكى ئۆلچەش يۈزى قانچىلىك بولىدۇ ؟




2 .14_رەسىم




2 .13_رەسىم

## §4 . تېزلىك بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتى

تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتتىكى تېزلىك تۇراقلىق بولۇپ ، ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدۇ . ئەگەر تەكشىلىكتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردېنات سىستېمىسىدا تېزلىكنى ئوردىنات ئوقى بىلەن ، ۋاقىتنى ئابسىسسا ئوقى بىلەن ئىپادىلەپ ، ئۇنىڭ **تېزلىك-ۋاقىت گرافىكى** ($v-t$ گرافىكى ، بەزىدە قىسقىچە تېزلىك گرافىكى دېيىلىدۇ )نى سىزساق ، تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېزلىك گرافىكىنىڭ ئابسىسسا ئوقىغا پاراللېل بولغان تۈز سىزىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز (2 .15_رەسىم) .

تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېزلىك گرافىكىدىن تېزلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە يۆتكىلىشنى تېپىشقا بولىدۇ . ھەرىكەتتىكى جىسىمنىڭ $t$ ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشى $s=vt$ بولۇپ ، بۇ تېزلىك گرافىكىدا تەرەپ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم-ئايرىم $v$ ۋە $t$ بولغان بىر تىك تۆتتەرەپلىكنىڭ يۈزى (2 .16_رەسىمدىكى يانتۇ سىزىقلار سىزىلغان قىسمى )گە ماس كېلىدۇ .

تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ پەيتلىك تېزلىكى ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ . ئاپتوموبىل شوپۇرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، ئاپتوموبىل ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان چاغدا ، سپىدومېتىرنى كۆزىتىپ ، ئارىلىقى ئۆزئارا تەڭ بولغان ھەرقايسى پەيتلەردىكى تېزلىك قىممەتلىرىنى خاتىرىلىۋېلىپ ، خاتىرىلەنگەن بۇ سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئاپتوموبىل ھەرىكىتىنىڭ تېزلىك گرافىكىنى سىزىپ



Scanned by CamScanner

ساىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن
چىقىشقا بولىدۇ . تۆۋەندە بىر قېتىملىق كۆزىتىلگەن ساىلىق مەلۇماتلار ۋە بۇ ساىلىق مەلۇماتلار
سىزىلغان تېزلىك گرافىكى كۆرسىتىلدى .




2 .15ـرەسىم . تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېزلىك گرافىكى . تۈز سىزىق ① ، ② لەر ئايرىم-ئايرىم تېزلىكلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەكشى تېزلىكتىكى ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ




2 .16ـرەسىم . تىك تۆتتەرەپلىكنىڭ «تەرەپ ئۇزۇنلۇقى» $v=3m/s$ ، $t=5s$ ، «يۈزى» $s=vt=15m$

| تېزلىك $v/(km \cdot h^{-1})$ | پەيت $t/s$ |
|---|---|
| 20 | 0 |
| 31 | 5 |
| 40 | 10 |
| 49 | 15 |




17.2ــرەسىم. تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىك گرافىكى




18.2ــرەسىم. تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىك گرافىكى. تۈز سىزىقنىڭ ئوردىنات ئوقىدىكى كېسىشىش ئارىلىقى $v_0=5m/s$ نى ئىپادىلەيدۇ. ھەربىر سېكۇنتتا تېزلىكى 1m/s كېمىيىدۇ. 5s ئۆتكەندە كېمىيىپ نۆل بولىدۇ

ساىلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، خاتالىق پەرقى رۇخسەت قىلىنىغان دائىرە ئىچىدە، ئاپتوموبىلنىڭ ھەر 5s ئارىلىقىدىكى تېزلىكى 10km/h ئاشىدۇ ، يەنى تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدىكى تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ . ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىك گرافىكى بىر يانتۇ تۈز سىزىقتىن ئىبارەت بولىدۇ



Scanned by CamScanner

(2 .17_رەسىم ) .

تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتتە، ئەگەر تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدىكى تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆزئارا تەڭ بولسا، بۇ خىل ھەرىكەت تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئاپتوموبىلنىڭ ھەرىكىتى تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ تېزلىكى ۋاقىتقا ئەگىشىپ تەكشى ئاشىدۇ، ئادەتتە تۈز سىزىقلىق تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ. 2 .18_رەسىمدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتمۇ تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ تېزلىكى ۋاقىتقا ئەگىشىپ تەكشى كېمىيىدۇ، شۇڭا ئادەتتە تۈز سىزىقلىق تەكشى كېمىيىش-چان ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەتتە ئۇچرايدىغان تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەرنىڭ تېزلىكلىرىنىڭ تەكشى ئۆزگىرىشى ناتايىن بولۇپ، تۈز سىزىقلىق تەكشىسىز ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. لېكىن بەزى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەر تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەرگە ناھايىتى يېقىنلىشىدۇ، بۇنداق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەرنى تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت دەپ بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، زەمبىرەك ئوقى ئېتىلغاندىكى ئوقنىڭ زەمبىرەك كانىيىدىكى ھەرىكىتى، پويىز، ئاپتوموبىل قاتارلىق قاتناش قوراللىرى-نىڭ ماڭغاندىن كېيىنكى ياكى توختاشتىن ئىلگىرىكى بىر بۆلەك ۋاقىت ئىچىدىكى ھەرىكىتى، تاشنىڭ ئانچە ئېگىز بولمىغان جايدىن چۈشكەندىكى ھەرىكىتى، تاشنىڭ ۋېرتىكال يۇقىرىغا ئېتىلغاندىن كېيىنكى يۇقىرىغا قارىتا ھەرىكىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 4 ـ مەشىق

(1) ئىككى جىسىم ئوخشاش بىر نۇقتىدىن باشلاپ ئوخشاش يۆنىلىشكە قاراپ تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، تېزلىكلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 3m/s ۋە 5m/s بولسا، ئۇلارنىڭ يۆتكىلىش گرافىكى ۋە تېزلىك گرافىكلىرىنى سىزىپ چىقىڭ ھەم بۇ ئىككى خىل گرافىكقا ئاساسەن ئايرىم-ئايرىم ئۇلارنىڭ 5s ئىچىدىكى يۆتكىلىشىنى تېپىپ چىقىڭ.

(2) 2 .19_رەسىمدە كۆرسىتىلگەن بىرنەچچە تېزلىك گرافىكلىرى ئايرىم-ئايرىم قانداق ھەرىكەتلەرنى تەسۋىرلەپ بەرگەن؟






2 .19_رەسىم

(3) 2 .20_رەسىمدە بىر جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تېزلىك گرافىكى بېرىلگەن. بۇ رەسىمگە ئاساسەن جىسىمنىڭ 1min ئىچىدىكى ھەرقايسى بۆلەكتىكى ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

(4) 2 .21_رەسىمدە بىر جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنىڭ يۆتكىلىش گرافىكى بېرىلگەن. بۇ رەسىمگە ئاساسەن، جىسىمنىڭ 1min ئىچىدىكى ھەرقايسى بۆلەكتىكى ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىڭ.



Scanned by CamScanner




21.2ـ رەسىم




20.2ـ رەسىم

# § 5 . تېزلىك ئۆزگىرىشىنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى تەسۋىرلەش ۋە تېزلىنىش

ئوخشاش بولمىغان ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەرنىڭ تېزلىكلىرى ئۆزگىرىشىنىڭ تېز-ئاستىلىقى ئو شاش بولمايدۇ . پويىزنىڭ ئىستانسىغا كىرگەندىكى تېزلىكى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ ، زەمبىرەك ئوقىنى زەمبىرەك ئىستوۋولى ئىچىدىكى تېزلىكىنىڭ ئېشىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ . تېزلىك ئۆزگىرىشىنىڭ تې ئاستىلىقىنى قانداق تەسۋىرلەش كېرەك ؟ تەنھەرىكەتچى چويۈن توپنى ئاتقاندا ، چويۈن توپنىڭ تېزلىك 0.2s ئىچىدە نۆلدىن ئېشىپ 17m/s قا يېتىدۇ ، ئۇنىڭ ھەر سېكۇنتتىكى تېزلىكىنىڭ ئېشىش مىقدار $\frac{(17-0)}{0.2}$m/s=85m/s قا تەڭ بولىدۇ . مىناميوت ئېتىلغاندا ، ئۇنىڭ ئوقىنىڭ مىناميوت ئىستوۋولىدىك تېزلىكى 0.005s ئىچىدە نۆلدىن ئېشىپ 250m/s قا يېتىپ ، ھەر سېكۇنتتىكى تېزلىكىنىڭ ئېشى مىقدارى $\frac{(250-0)}{0.005}$m/s=5×10⁴m/s قا تەڭ بولىدۇ . دېمەك ، مىناميوت ئوقى تېزلىكىنىڭ ئۆزگىرى چويۈن توپنىڭ تېزلىك ئۆزگىرىشىدىن كۆپ تېز بولىدۇ . تېزلىك ئۆزگىرىشىنىڭ تېز-ئاستىلىقى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ، تېزلىنىش ئۇقۇمىنى كىرگۈزىمىز .

تېزلىنىش تېزلىك ئۆزگىرىشىنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار بولۇپ ، تېزلىك ئۆزگىرىشىنىڭ بۇ ئۆزگىرىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتقا بولغان نىسبەت قىممىتىگە تەڭ بولىدۇ جىسىمنىڭ دەسلەپكى پەيتتىكى تېزلىكى (دەسلەپكى تېزلىكى ) نى $v_0$ بىلەن ، بىر بۆلەك ۋاقىت $t$ ئۆتكەندى كېيىنكى تېزلىكى (ئاخىرقى تېزلىكى ) نى $v_t$ بىلەن ئىپادىلىسەك ، تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشى $v_t-v_0$ بولىدۇ . تېزلىنىشنى $a$ بىلەن ئىپادىلىسەك ، ئۇ ھالدا

$$a=\frac{v_t-v_0}{t}$$

خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا ، تېزلىنىشنىڭ بىرلىكى مېتىر ھەر كۋادرات سېكۇنت . بەلگىس m/s² (ياكى m • s⁻² ) . دائىم قوللىنىلىدىغان بىرلىكىدىن يەنە cm/s² (ياكى cm • s⁻² ) بار .

تېزلىنىش چوڭ-كىچىكلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، يەنە يۆنىلىشكىمۇ ئىگە بولغان ۋېكتوردۇر تېزلىنىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى سانلىق قىممەت جەھەتتىن بىرلىك ۋاقىت ئىچىدىكى تېزلىكنىڭ ئۆزگىرى شىگە تەڭ بولىدۇ . تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتتە ، تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى باشتىن-ئاخىر بىر تۈز سىزىقتا بولىدۇ . دەسلەپكى تېزلىك $v_0$ نىڭ يۆنىلىشىنى ئوڭ يۆنىلىش قىلىپ ئالساق ، ئەگەر تېزلى



Scanned by CamScanner

چوڭايسا، ئاخىرقى تېزلىك $v_t$ دەسلەپكى تېزلىك $v_0$دىن چوڭ بولۇپ، تېزلىنىش مۇسبەت قىممەتلىك بولىدۇ، بۇ چاغدا تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشى دەسلەپكى تېزلىك $v_0$ نىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ؛ ئەگەر تېزلىك كىچىكلىسە،تېزلىنىش مەنپىي قىممەتلىك بولىدۇ. بۇ چاغدا تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشى دەسلەپكى تېزلىك $v_0$ نىڭ يۆنىلىشى بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ.

تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتتە، تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشى تەكشى بولغاچقا، نىسبەت قىممەت $\frac{v_t - v_0}{t}$ تۇراقلىق بولۇپ، تېزلىنىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزگەرمەيدۇ، شۇڭا يۆنىلىشىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت تېزلىنىشى ئۆزگەرمەيدىغان ھەرىكەتتىن ئىبارەت بولىدۇ.

جىسىملار ھەرىكىتىنىڭ تېزلىنىشى $a/(m \cdot s^{-2})$ (تەخمىنىي قىممىتى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| زەمبىرەك ئوقى زەمبىرەك ئىستوۋولى ئىچىدە | $5\times10^4$ | مۇسابىقە ئاپتوموبىلى (تېزلەشكەندە) | 4.5 |
| پاراشوتچى يەرگە چۈشكەندە | -24.5 | ئاپتوموبىل (تېزلەشكەندە) | 2 |
| رېئاكتىپ ئايروپىلان يەرگە قونغاندا | $-5\sim-8$ | تراللېبۇس (تېزلەشكەندە) | 1.8 |
| ئاپتوموبىل جىددىي تورمۇزلانغاندا | $-4\sim-6$ | يولۇچىلار پويىزى (تېزلەشكەندە) | 0.35 |

تېزلىنىش تېزلىك ئۆزگىرىشى بىلەن ۋاقىتنىڭ نىسبەت قىممىتىگە تەڭ بولىدۇ، شۇڭا تېزلىنىش تېزلىكنىڭ ۋاقىتقا نىسبەتەن ئۆزگىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەلۇم بىر مىقدارنىڭ ۋاقىتقا نىسبەتەن ئۆزگىرىشچانلىقى دېگىنىمىز، بىرلىك ۋاقىت ئىچىدىكى شۇ مىقدارنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ سانلىق قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزگىرىشچانلىق ئۆزگىرىشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ئۆزگىرىشنىڭ تېز - ئاستىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

تېزلىكى چوڭ بولسا، تېزلىنىشنىڭ چوڭ بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، تەكشى تېزلىكتە ئۇچۇۋاتقان يۇقىرى بوشلۇق رازۋېدكا ئايروپىلانىنىڭ تېزلىكى 1000m/s قا يېقىنلاشسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تېزلىنىشى نۆل بولىدۇ. ئەكسىچە، تېزلىكى كىچىك بولسىمۇ، تېزلىنىشى چوڭ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مىلتىق ئىستوۋۇلىدىكى ئوقنى مىسالغا ئالساق، تەپكە بېسىلىپ پورۇخ (ئوق دورىسى) ئەمدىلا ئوت ئالغان پەيتتە، ئوقنىڭ تېزلىكى نۆلگە يېقىنلاشسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېزلىنىشى $4\times10^5 m/s^2$قا يېتىدۇ.

## 5- مەشىق

(1) تېزلىنىشى نۆل بولغان ھەرىكەت قانداق ھەرىكەت؟

(2) تېزلىكى 18m/s بولغان پويىز تورمۇزلىنىپ 15s تىن كېيىن ھەرىكەتتىن توختىغان بولسا، پويىزنىڭ تېزلىنىشىنى تېپىڭ.

$a=\frac{v_t-v_0}{t}=\frac{0-18m/s}{15s}=-1.2 m/s^2$

(3) مىلتىق ئىستوۋۇلىدىكى ئوقنىڭ مەلۇم بىر پەيتتىكى تېزلىكى 100m/s بولۇپ، 0.0015s تا تېزلىكى ئېشىپ 700m/s قا يەتكەن بولسا، ئوقنىڭ تېزلىنىشىنى تېپىڭ.

$a=\frac{v_t-v_0}{t}=\frac{700m/s-100m/s}{0.0015s}=4\times10^5 m/s^2$



Scanned by CamScanner




22.2-رەسىم

ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىنىش ئىقتىدارى ئاپتوموبىل ئىقتىدارىنىڭ مۇھىم كۆرسەت-
(4) ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىنىش ئىقتىدارى ئاپتوموبىل ئىقتىدارىنىڭ مۇھىم كۆرسەت- كۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتوموبىل مۇئەييەن دەسلەپكى تېزلىك $v_0$دىن تېزلىنىش قىلىپ مۇئەييەن ئاخىرقى تېزلىك $v_t$غا يېتىشتە سەرپ قىلغان ۋاقتى قانچە ئاز بولسا، بۇ، ئۇنىڭ تېزلىنىش ئىقتىدارىنىڭ شۇنچە ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ئۈچ خىل تىپتىكى ئاپتوموبىللارنىڭ تېزلىنىش ئىقتىدارلىرىنىڭ تەجرىبە سانلىق مەلۇ-ماتلىرى بېرىلدى، ئۇلارنىڭ تېزلىنىشلىرىنى تېپىڭ.

| ئاپتوموبىل تىپى | دەسلەپكى تېزلىكى $v_0/(\mathrm{km \cdot h^{-1}})$ | ئاخىرقى تېزلىكى $v_t/(\mathrm{km \cdot h^{-1}})$ | ۋاقىت $t/\mathrm{s}$ | تېزلىنىشى $a/(\mathrm{m \cdot s^{-2}})$ |
|---|---|---|---|---|
| مەلۇم تىپلىق ئالىي پىكاپ | 20 | 50 | 7 | |
| مەلۇم تىپلىق 4 توننىلىق يۈك ئاپتوموبىلى | 20 | 50 | 38 | |
| مەلۇم تىپلىق 8 توننىلىق يۈك ئاپتوموبىلى | 20 | 50 | 50 | |

(5) 22.2-رەسىمدىكى تۈز سىزىق ① بىلەن ② ئايرىم-ئايرىم ئىككى تۈز سىزىقلىق تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىك گرافىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى تېزلىكلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قانچە؟ قايسىسىنىڭ تېزلىنىشى چوڭ؟ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ تېزلىكلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولىدۇ؟

## §6. تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ قانۇنىيىتى

**تېزلىك بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتى** يۇقىرىدا بىز تېزلىك گرافىكى ئارقىلىق تېزلىك بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ، تېزلىنىشتىن ئىبارەت بۇ فىزىكىلىق مىقدارنى كىرگۈزدۇق، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىنىشى تۇراقلىق بولىدۇ، شۇڭا تېزلىنىش فورمۇلىسى $a=\frac{v_t-v_0}{t}$ دىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$\bar{v} = \frac{v_t+v_0}{2}$

$$v_t=v_0+at \tag{1}$$

مانا بۇ تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىك فورمۇلىسى، بۇ، تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىكى بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ بەردى. $v_t$ ۋاقىت $t$ نىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك فۇنكسىيىسى بولىدۇ، ئۆگەنگەن ماتېماتىكا بىلىملىرىدىن مەلۇمكى، ئۇنىڭ فۇنكسىيە گرافىكى يانتۇ تۈز سىزىقتىن ئىبارەت، بۇ دەل بىز يۇقىرىدا ئۆگەنگەن تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىك گرافىكىدۇر.

**【1-مىسال】** ئاپتوموبىل جىددىي تورمۇزلانغاندا، ئۇنىڭ تېزلىنىشى $6\mathrm{m/s^2}$ بولغان، ئەگەر 2s ئىچىدە توختاش زۆرۈر بولسا، ئاپتوموبىلنىڭ يۈرۈشكە يول قويۇلىدىغان ئەڭ چوڭ تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟

**تەھلىل** ئاپتوموبىل 2s ئىچىدە چوقۇم توختىشى زۆرۈر، بۇ ئاپتوموبىلنىڭ ئەڭ كېچىككەندە تورمۇزلانغاندىن



Scanned by CamScanner

كېيىنكى ئىككى سېكۇنتنىڭ ئاخىرىدىكى تېزلىكنىڭ نۆل، يەنى $v_t = 0$ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تېزلىنىش $a$، ھەرىكەت ۋاقتى $t$ بېرىلگەن، دەسلەپكى تېزلىكى $v_0$نى، يەنى ئاپتوموبىلنىڭ يۈرۈشكە يول قويۇلىدىغان ئەڭ چوڭ تېزلىكىنى تېپىش كېرەك.

ئاپتوموبىل تورمۇزلانغاندا كېمىيىشچان ھەرىكەت قىلغاچقا، تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشى تېزلىكنىڭ يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى بولىدۇ، شۇڭا تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى ئوڭ يۆنىلىش قىلىپ ئېلىنىدۇ، ئۇ ھالدا تېزلىنىشى مەنپىي قىممەتلىك، يەنى $a = -6\mathrm{m/s^2}$ بولىدۇ.

**يېشىش** مەسىلىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن بىلىشكە بولىدۇكى، $v_t = 0$، $t = 2\mathrm{s}$، $a = -6\mathrm{m/s^2}$، فورمۇلا $v_t = v_0 + at$ دىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشىمىز:

$$\begin{aligned} v_0 &= v_t - at \\ &= 0 - (-6\mathrm{m/s^2}) \times 2\mathrm{s} \\ &= 12\mathrm{m/s} \\ &= 43.2\mathrm{km/h} \end{aligned}$$

يەنى ئاپتوموبىلنىڭ يۈرۈشكە يول قويۇلىدىغان ئەڭ چوڭ تېزلىكى $43.2\mathrm{km/h}$.

**يۆتكىلىش بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتى** ئۆتكەنكى پاراگرافتا سۆزلەنگەن ئوتتۇرىچە تېزلىكنىڭ ئېنىقلىمىسىغا ئاساسەن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ $t$ ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشى $s$ جىسىمنىڭ مۇشۇ بىر بۆلەك ۋاقىت ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكى $\bar{v}$ بىلەن ۋاقىت $t$ نىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ، يەنى $s = \bar{v}t$ بولىدۇ. تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىكى تەكشى ئۆزگىرىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ $t$ ۋاقىت ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكى $\bar{v}$ ۋاقىت $t$ ئىچىدىكى دەسلەپكى تېزلىكى $v_0$ بىلەن ئاخىرقى تېزلىكى $v_t$ نىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىگە تەڭ بولىدۇ، يەنى

$$\bar{v} = \frac{v_0 + v_t}{2} \quad ①$$

يۇقىرىقى فورمۇلىنى $s = \bar{v}t$ دىكى ئورنىغا قويساق $s = \bar{v}t = \frac{v_0 + v_t}{2}t$ كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە $v_t = v_0 + at$ بولۇپ، بۇنى ئورنىغا قويغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ:

$$s = v_0 t + \frac{1}{2}at^2 \qquad (2)$$

مانا بۇ تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ يۆتكىلىش فورمۇلىسىدۇر. ئۇ، تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

【2-مىسال】 بىر ئاپتوموبىل ئەسلىدە تەكشى تېزلىكتە يۈرگەن، ئاندىن كېيىن $1\mathrm{m/s^2}$ تېزلىنىشتە تېز يۈرگەن، تېز يۈرۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ 12s تا 180m يۈرگەن بولسا، ئاپتوموبىلنىڭ تېز يۈرۈشكە باشلىغاندىكى تېزلىكى قانچە؟

**تەھلىل** بۇ مىسالدا تېزلىنىش $a$، يۈرۈش ۋاقتى $t$ ۋە يۈرۈش مۇساپىسى (ئارىلىقى) $s$ لارنىڭ ھەممىسى بېرىلگەن. يۆتكىلىش فورمۇلىسى $s = v_0 t + \frac{1}{2}at^2$ تىن $v_0$نى تاپساقلا، بۇ، ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىنىشتا باشلىغاندىكى تېزلىكى بولىدۇ.

ئاپتوموبىل تېزلىنىش قىلغاندا، تېزلىكى بارغانسېرى چوڭىيىپ، تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشى تېزلىكنىڭ يۆنىلىشىگە ئوخشاش بولىدۇ، تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى ئوڭ يۆنىلىش قىلىپ ئېلىنغاندا، تېزلىنىش مۇسبەت قىممەتلىك، يەنى $a = 1\mathrm{m/s^2}$ بولىدۇ.

**يېشىش** مەسىلىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، $a = 1\mathrm{m/s^2}$، $t = 12\mathrm{s}$، $s = 180\mathrm{m}$ بولۇپ، فورمۇلا $s = v_0 t + \frac{1}{2}at^2$ تىن تۆۋەندىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ:

$$v_0 = \frac{s}{t} - \frac{1}{2}at = \frac{180\mathrm{m}}{12\mathrm{s}} - \frac{1}{2} \times 1\mathrm{m/s^2} \times 12\mathrm{s} = 9\mathrm{m/s}$$

يەنى ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىنىش قىلىشقا باشلىغاندىكى تېزلىكى $9\mathrm{m/s}$.

① دىققەت: بۇ فورمۇلا تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتكىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ.



Scanned by CamScanner

# يۆتكىلىش فورمۇلىسىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل كەلتۈرۈپ چىقىرىلىشى



بەشىنچى پاراگرافتا سۆزلەنگىنىدەك، تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتنىڭ يۆتكىلىشىنىمۇ تېزلىك گرافىكى ئارقىلىق تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ. يۆتكىلىشنىڭ سانلىق قىممىتى 2 .16-رەسىمدىكى ياتقۇ سىزىقلار سىزىلغان تىك تۆتتەرەپلىكنىڭ «يۈزى»گە تەڭ بولىدۇ.

ئوخشاشلا، تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىك گرافىكىدىن پايدىلىنىپمۇ يۆتكىلىشنى تېپىش(قا) بولىدۇ. تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ $t$ ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشىنىڭ سانلىق قىممىتى تېزلىك گرافىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تراپېتسىيە $OAPQ$ نىڭ يۈزىگە تەڭ بولىدۇ (2 .23-رەسىم). بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ:




C B A

2 .23-رەسىم. تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىك گرافىكىدىن يۆتكىلىشنى تېپىش

ۋاقىت $t$ نى نۇرغۇنلىغان كىچىك ۋاقىت ئارىلىقلىرىغا بۆلدۇق دەپ پەرەز قىلساق، ھەربىر كىچىك ۋاقىت ئارىلىقى ئىچىدە جىسىم تەكشى تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ، بىر ۋاقىت ئارىلىقىدىن كېيىنكى بىر ۋاقىت ئارىلىقىدا تېزلىك سەكرەش خاراكتېرىدە ئاشىدۇ، يەنى 2 .23-رەسىم $A$ دىكى سۇنۇق سىزىق $AA'BB'CC'$ . . . لار ئىپادىلىگەن پەرەز قىلىنغان ھەرىكەتلەرنى تۈز سىزىق $AP$ ئىپادىلىگەن ھەقىقىي تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىمىز. بۇنداق پەرەز قىلىنغان ھەرىكەتنىڭ ھەربىر كىچىك ۋاقىت ئارىلىقى ئىچىدىكى يۆتكىلىشى سانلىق قىممەت جەھەتتىن ماس ۋاقىت ئارىلىقى گرافىكىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى بىر تىك تۆتتەرەپلىكنىڭ يۈزىگە تەڭ بولىدۇ؛ $t$ ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشى سانلىق قىممەت جەھەتتىن سۇنۇق سىزىقلار ئاستىدىكى ياتقۇ سىزىقلار سىزىلغان قىسمىنىڭ يۈزىگە تەڭ بولىدۇ. ۋاقىت ئارىلىقلىرى قانچە ئىنچىكە بۆلۈنسە، پەرەز قىلىنغان ھەرىكەت ھەقىقىي ھەرىكەتكە شۇنچە يېقىنلىشىدۇ (2 .23-رەسىم $B$). ۋاقىت ئارىلىقلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى يېتەرلىك كىچىك بولغاندا، سۇنۇق سىزىقلار تۈز سىزىق $AP$ غا ئىنتىلىدۇ-دە، پەرەز قىلىنغان ھەرىكەتلەر ھەقىقىي ھەرىكەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ $t$ ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ، ئۇ سانلىق قىممەت جەھەتتە تۈز سىزىق $AP$ نىڭ ئاستى تەرىپىدىكى تراپېتسىيە $OAPQ$ نىڭ يۈزىگە تەڭ بولىدۇ (2 .23-رەسىم $C$). بۇ يۈز تۆۋەندىكىگە تەڭ بولىدۇ:

$$S=S_1+S_2=OA\times OQ+\frac{1}{2}AR\times RP=v_0t+\frac{1}{2}at^2$$

يەنى يۆتكىلىش مۇنداق بولىدۇ:

$$s=v_0t+\frac{1}{2}at^2$$

مانا بۇ تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ يۆتكىلىش فورمۇلىسىدۇر.

يۇقىرىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ۋە ئۆتكەندىكى پەيتلىك تېزلىكنى سۆزلەشلەرنىڭ ھەممىسىدە چەكسىز بۆلۈش ئارقىلىق تەدرىجىي يېقىنلىشىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، بۇ ئالىي ماتېماتىكىدىكى ئاساسىي تەپەككۇر قىلىش يوللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، بىز بۇنى چۈشىنىۋېلىشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

Scanned by CamScanner

## 6 ـ مەشق

(1) بىر تراموۋاينىڭ ئەسلىدىكى تېزلىكى 18m/s . بىر بۆلەك بەر تۆۋەن يولدا $0.2m/s^2$ تېزلىنىشتە تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلسا، تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىپ 20s بولغاندىكى تېزلىكىنى تېپىڭ .

(2) پويىز كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈشتە ئالدىنئالا تېزلىكىنى كېمەيتىدۇ . 72km/h تېزلىكتە تەكشى كېتىۋاتقان پويىز بىر تۆمۈر كۆۋرۈككە يېقىنلىشىشتىن ئىلگىرى كېمىيىشچان ھەرىكەت قىلىپ، تېزلىكىنى كېمەيتىپ 2min ماڭغان، تېزلىنىشى $0.1m/s^2$ بولسا، پويىزنىڭ تېزلىكىنى كېمەيتكەندىن كېيىنكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟

(3) پاراۋوزنىڭ ئەسلىدىكى تېزلىكى 36km/h ، بىر بۆلەك يەر تۆۋەنى يولدىكى تېزلىنىشى $0.2m/s^2$ . پاراۋوز يەر تۆۋەنى يولنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا كەلگەندە تېزلىكى ئېشىپ 54km/h قا يەتكەن بولسا، پاراۋوزنىڭ بۇ بىر بۆلەك يەر تۆۋەنى يولنى بېسىپ بولۇشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتنى تېپىڭ .

(4) پولات ساقا يانتۇ ئوقۇردا دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولغان تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلغان . ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىنكى 0.2s ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى 3cm بولسا، 1s ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى قانچىلىك بولىدۇ؟ ئەگەر يانتۇ تەكشىلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5m بولسا، پولات ساقىنىڭ يانتۇ تەكشىلىكنىڭ چوققىسىدىن دومىلاپ تۆۋەنكى ئۇچىغا يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

(5) 18m/s تېزلىكتە كېتىۋاتقان ئاپتوموبىل تورمۇزلانغاندىن كېيىن تەكشى كېمىيىشچان ھەرىكەت قىلىپ 3s ئىچىدە 36m ئىلگىرىلىگەن بولسا، ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىنىشىنى تېپىڭ .

(6) ۋېلسىپىت مىنگەن بىر كىشى 5m/s دەسلەپكى تېزلىكتە دۆڭنى بويلاپ تەكشى كېمىيىشچان ھەرىكەت قىلغان، تېزلىنىشى $0.4m/s^2$ بولسا، 10s تىن كېيىن دۆڭ يولدا قانچىلىك ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتكەن؟

## §7 ئۇز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قانۇنىيىتىنىڭ قوللىنىلىشى

【1 ـ مىسال】 ئوق ئېتىلغاندا، ئوقنىڭ مىلتىق ئىستوۋۇلىدىكى ھەرىكىتىنى تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر ئوقنىڭ تېزلىنىشى $5\times10^5m/s^2$، مىلتىق ئىستوۋۇلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.64m بولسا، ئوقنىڭ مىلتىق ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىققاندىكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟

**تەھلىل** ئوقنىڭ مىلتىق ئىستوۋۇلىدىكى ھەرىكىتىنى دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولغان تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت دەپ قاراشقا بولىدۇ، مىلتىق ئىستوۋۇلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بۇ ھەرىكەتنىڭ يۆتكىلىشى $s$ نىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە تەڭ بولىدۇ، ئوقنىڭ مىلتىق ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىققاندىكى تېزلىكى مۇشۇ بۆلەك ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى تېزلىكى $v_t$ دىن ئىبارەت بولىدۇ . مەسىلىدە بېرىلگەن شەرتلەرگە ئاساسەن، $a$، $s$ ۋە دەسلەپكى تېزلىك $v_0=0$ مەلۇم . يۇقىرىقى پاراگرافتا ئېرىشكەن فورمۇلا (1) ياكى (2) دىن يەككە ھالدا پايدىلىنىش ئارقىلىق جاۋابىنى تاپقىلى بولمايدۇ، بۇ مىسال يەنە ۋاقىتقا چېتىشلىق ئەمەس . بىز فورمۇلا (1) بىلەن (2) نى تەڭلىمىلەر سىستېمىسى قىلىپ يېشىپ، $t$ نى يوقاتساق، تۆۋەندىكىدەك يۆتكىلىش بىلەن تېزلىكنىڭ مۇناسىۋىتى كېلىپ چىقىدۇ :

$$v_t^2-v_0^2=2as \qquad (3)$$

بۇ مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلارنى ئورنىغا قويساقلا يېشىمنى تاپالايمىز.

**يېشىش** $v_0=0$، $s=0.64m$، $a=5\times10^5m/s^2$ لار بېرىلگەن. فورمۇلا (3) گە ئاساسەن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$v_t^2=2as$$

$$v_t=\sqrt{2as}=\sqrt{2\times5\times10^5m/s^2\times0.64m}=800m/s$$

دېمەك، ئوقنىڭ مىلتىق ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىققاندىكى تېزلىكى 800m/s.



Scanned by CamScanner

فورمۇلا (3) تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قانۇنىيىتىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان مۇھىم بىر يەكۈن، ھېسابلىنىدۇ. بەزى مەسىلىلەردە ۋاقىت $t$ بېرىلمىگەن ياكى ئۇنىڭغا چېتىلمىغاندا، فورمۇلا (3) نى پايدىلىنىپ يېشىش تاپساق قۇلاي بولىدۇ.

## مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە

بۇ پاراگراف ۋە يۇقىرىقى پاراگرافتا ئېرىشىلگەن فورمۇلا (1)، (2)، (3) لەردە بەش دانە فىزىكىلىق مىقدار بار، ئەگەر بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ فىزىكىلىق مىقدار بېرىلىپ، قالغان ئىككى نامەلۇم مىقدارنى تېپىشقا توغرا كەلگەندە، نەچچە فورمۇلا تۈزۈپ چىقىش كېرەك؟

ئەگەر جىسىمنىڭ دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولسا، تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ فورمۇلىسى يەنە قانداق بولىدۇ؟

**【2-مىسال】** مەلۇم بىر چاڭغىچى 85m ئۇزۇنلۇقتىكى تاغ يانباغرىدىن تەكشى ئۆزگىرىشچان تېزلىكتە تېيىلىپ چۈشكەن، ئۇنىڭ دەسلەپكى تېزلىكى 1.8m/s، ئاخىرقى تېزلىكى 5.0m/s بولسا، ئۇنىڭ بۇ بۆلەك تاغ يانباغرىدىن ئۆتۈشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كەتكەن؟

**تەھلىل** مىسالدىن چاڭغىچىنىڭ تاغ يانباغرىنى بويلاپ تۆۋەنگە تەكشى ئۆزگىرىشچان تېزلىكتە تېيىلىپ چۈشكەنلىكى بىزگە مەلۇم. بىز ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت دەپ قارىساق بولىدۇ، شۇڭا بۇ مەسىلىنى تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىمىز. $s=85m$، $v_t=5.0m/s$، $v_0=1.8m/s$ دىن ئىبارەت ئۈچ فىزىكىلىق مىقدار بېرىلگەن. فورمۇلا (1) ياكى فورمۇلا (2) دىن يەككە ھالدا پايدىلىنىپ نامەلۇم مىقدار $t$ نى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا فورمۇلا (1) بىلەن (2) نى تەڭلىمىلەر سىستېمىسى قىلىپ يېشىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مىسالدا $a$ نى تېپىش تەلەپ قىلىنمىغان، شۇڭا $a$ نى يوقىتىپ، $t$ نى يېشىپ چىقارساقلا جاۋابقا ئېرىشكەن بولىمىز.

**يېشىش** چاڭغىچى تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان، فورمۇلا $v_t=v_0+at$ دىن $at=v_t-v_0$ گە ئېرىشىمىز، بۇنى $s=v_0t+\frac{1}{2}at^2$ تىكى ئورنىغا قويساق تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ:

$$s=v_0t+\frac{1}{2}(v_t-v_0)t=\frac{1}{2}(v_t+v_0)t$$

بۇنىڭدىن $t$ نى تېپىپ، ئاندىن سانلىق قىممەتلەرنى ئورنىغا قويساق تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ:

$$t=\frac{2s}{v_0+v_t}=\frac{2\times 85m}{1.8m/s+5.0m/s}=25s$$

يەنى چاڭغىچىنىڭ بۇ بۆلەك تاغ يانباغرىنى بېسىپ ئۆتۈشى ئۈچۈن 25s ۋاقىت كېتىدۇ.

ئۆگەنگەن ماتېماتىكا بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ فىزىكىلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىمىزنى ئاڭلىق ھالدا يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئالگېبرا بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ نامەلۇم مىقدارنى تېپىشتا، ئومۇمەن، ئالدى بىلەن ھەرپلىك ئەمەللەرنى ئېلىپ بېرىپ، بېرىلگەن مىقدارلاردىن پايدىلىنىپ نامەلۇم مىقدارنى ئىپادىلەش مۇناسىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاندىن سانلىق قىممەتلىك ھېسابلاشنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، نامەلۇم مىقدار بىلەن بېرىلگەن مىقدارلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، سانلىق قىممەتلىك ھېسابلاشلارمۇ بىرقەدەر ئاسان بولىدۇ.

$s_1:s_2:s_3:s_4 = 1:3:5$

$d_1:d_2:d_3:d_{4...n} = 1^2:2^2:3^2:4^2:n^2$

$t_1:t_2:t_3 \dots t_n = 1:(\sqrt{2}-1):(\sqrt{3}-\sqrt{2})$

$1:(\sqrt{n}-\sqrt{n-1})$

## 7-مەشىق

(1) بىر يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ جىددىي تورمۇزلانغاندىكى تېزلىنىشى $5m/s^2$ . ئەگەر ئۇنىڭ جىددىي تورمۇزلانغاندى...

$2as = v_t^2 - v_0^2$ $225 = v_0^2$

$-2\times5\times22.5 = 0^2 - v_0^2$ $v_0 = 15m/s = 54km/h$



Scanned by CamScanner

كېيىنكى 22.5m ئارىلىقتا توختىشى زۆرۈر بولسا ، ئۇنىڭ يۈرۈش تېزلىكى قانچە km/h تىن ئاشماسلىقى كېرەك ؟

(2) بەزى ئاۋئاماتكىلارغا كۆتۈرۈلۈشكە ياردەم بەرگۈچى قاڭقىتىپ چىقىرىش سىستېمىسى قوراشتۇرۇلغان . مەلۇم تىپلىق ئۇرۇش ئايروپىلانى ئۇچۇش ۋە چۈشۈش يولىدا تېزلىنىش قىلغاندا ھاسىل قىلالايدىغان ئەڭ چوڭ تېزلىنىشى $5m/s^2$ ، كۆتۈرۈلۈش تېزلىكى 50m/s ، ئەگەر بۇ ئايروپىلان 100m سىيرىلىپ ماڭغاندىن كېيىن كۆتۈرۈلۈشى تەلەپ قىلىنسا ، قاڭقىتىپ چىقىرىش سىستېمىسى ئايروپىلاننى قانچىلىك چوڭلۇقتىكى دەسلەپكى تېزلىكتە ئېگە قىلىشى لازىم ؟

(3) ئايروپىلان يەرگە قونغاندىن كېيىن تەكشى كېمىيىشچان ھەرىكەت قىلىپ سىيرىلىپ ماڭغان ، ئۇنىڭ سىيرىلىپ مېڭىش دەسلەپكى تېزلىكى 60m/s ، تېزلىنىشى $3m/s^2$ بولسا ، ئايروپىلان يەرگە قونغاندىن كېيىن قانچىلىك ئارىلىقتا سىيرىلىپ بېرىپ توختايدۇ ؟

(4) 54km/h تېزلىكتە كېتىۋاتقان ئاپتوموبىل تورمۇزلانغاندىن كېيىن تەكشى كېمىيىشچان ھەرىكەت قىلىپ 2.5s تىن كېيىن توختىغان بولسا ، ئاپتوموبىل تورمۇزلانغاندىن تارتىپ توختىغىچە قانچىلىك ئىلگىرىلىگەن ؟

(5) دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولغان تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ بىرىنچى سېكۇنت ، ئىككىنچى سېكۇنت ، ئۈچىنچى سېكۇنت ··· ئىچىدىكى يۆتكىلىشلىرى ئايرىم-ئايرىم $s_I$ ، $s_{II}$ ، $s_{III}$ . . . بولسا ، جىسىمنىڭ بىرىنچى سېكۇنت ، ئىككىنچى سېكۇنت ، ئۈچىنچى سېكۇنت ··· ئىچىدىكى يۆتكىلىشلىرىنىڭ نىسبىتى 1 دىن باشلانغان ئۈزلۈكسىز كەلگەن تاق سانلارنىڭ نىسبىتىگە تەڭ ، يەنى

$$s_I : s_{II} : s_{III} \cdots = 1 : 3 : 5 \cdots$$

بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاڭ .

كۆرسەتمە : ئەگەر جىسىمنىڭ ئالدىنقى 1 سېكۇنت ، ئالدىنقى 2 سېكۇنت ، ئالدىنقى 3 سېكۇنت ··· ئىچىدىكى يۆتكىلىشلىرى ئايرىم-ئايرىم $s_1$ ، $s_2$ ، $s_3$ ··· بولسا ، مۇنداق بولىدۇ :

$$s_I = s_1, \qquad s_{II} = s_2 - s_1, \qquad s_{III} = s_3 - s_2 \quad \cdots$$

## § 8 . جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى

**جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى** جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى دائىم ئۇچرايدىغان بىر خىل ھەرىكەت . ئەگەر يىپ بىلەن ئېسىپ قويۇلغان جىسىمنىڭ يىپىنى كېسىۋەتسەك ، ئۇ ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە ۋېرتىكال يۆنىلىش بويىچە يەرگە چۈشىدۇ . قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرغان تاشنى قويۇۋەتسەك ، ئۇمۇ ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە ۋېرتىكال يۆنىلىش بويىچە يەرگە چۈشىدۇ .

ئوخشاش بولمىغان جىسىملارنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشىنىڭ تېز-ئاستىلىقى ئوخشاش بولامدۇ ؟

يۈزلىرى تەڭ بولغان بىر پارچە مېتال ياپراقچە بىلەن بىر ۋاراق قەغەزنى ئوخشاش ئېگىزلىكتىن بىرلا ۋاقىتتا قويۇۋەتسەك ، مېتال ياپراقچىنىڭ قەغەزگە قارىغاندا تېز چۈشكەنلىكىنى كۆرىمىز . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ : جىسىملارنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشىنىڭ تېز-ئاستىلىقى ئۇلار ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچلىرىگە باغلىق بولىدۇ ، يەنى جىسىم قانچە ئېغىر بولسا ، شۇنچە تېز چۈشىدۇ . XVI ئەسىردىن ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان ئالىملار مۇشۇنداق قارىغانىدى . لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ خۇلاسە خاتا ، ئۇنىڭدا ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى نەزەرگە ئېلىنمىغان . قەغەز پارچىسى مېتال ياپراقچىغا قارىغاندا يېنىك بولغاچقا ، ھاۋانىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىق كۈچى چوڭراق بولىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاستىراق چۈشىدۇ . قەغەز پارچىسىنى مىجىپ كىچىك بىر كاللەك قىلىپ ، ئاندىن ئۇنى مېتال ياپراقچە بىلەن بىرلىكتە تاشلىساق ، قەغەز كاللەك ئۇچرايدىغان ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى قەغەز پارچىسى ئۇچرايدىغان ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىگە قارىغاندا كۆپ كىچىك بولغانلىقتىن ، قەغەز كاللەك بىلەن مېتال ياپراقچە تەڭلا دېگۈدەك يەرگە چۈشىدۇ .



Scanned by CamScanner

## تەجرىبە



24.2 – رەسىم

ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.5m، بىر ئۇچى پۈتەي، يەنە بىر ئۇچى جۈمەكلىك بولغان ئەينەك نەيچىنى ئېلىپ (24.2 – رەسىم)، شەكلى ۋە ماسسىلىرى ئوخشاش بولمىغان بەزى جىسىملار، مەسىلەن، مېتال پارچىسى، پەي، كىچىك پۈرۈپكا، ئەينەك شارچە قاتارلىقلارنى بۇ ئەينەك نەيچىنىڭ ئىچىگە سالايلى. ئەگەر ئەينەك نەيچىدە ھاۋا بولسا، ئەينەك نەيچىنى دۈم كۆمتۈرگەندە نەيچىدىكى نەرسىلەرنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر ئەينەك نەيچىدىكى ھاۋانى ئازراق چىقىرىۋېتىپ، ئەينەك نەيچىنى دۈم كۆمتۈرسەك، بۇ جىسىملارنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى يېقىنلىشىدۇ. نەيچىدىكى ھاۋا قانچە كۆپ چىقىرىۋېتىلسە، ئۇلارنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. نەيچىدىكى ھاۋانىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارتىپ چىقىرىۋېتىلسە، بۇ جىسىملارنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى ئوخشاش بولىدۇ.

جىسىملارنىڭ پەقەت ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدىلا تىنچ ھالەتتىن باشلاپ تۆۋەنگە چۈشۈش ھەرىكىتى جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت پەقەت ھاۋا بولمىغان بوشلۇقتىلا يۈز بېرىدۇ. ھاۋا بار بوشلۇقتا ئەگەر ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىنىڭ تەسىرى كىچىكرەك بولۇپ، ئېتىبارغا ئالمىسىمۇ بولىدىغان دەرىجىدە بولسا، جىسىمنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈش ھەرىكىتىنى ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

25.2 ـ رەسىم ئەركىن چۈشكەن جىسىم (شارچە) نىڭ نۇر چاقنىتىپ تارتىلغان سۈرىتى بولۇپ، سۈرەتتىكى ئۆز ئارا قوشنا رەسىملەر ئارىلىقى ئوخشاش بولغان ۋاقىتلار بويىچە تارتىلغان. سۈرەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەڭ ۋاقىتلار ئارىلىقىدا شارچىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈش جەريانىدىكى يۆتكىلىشى بارغانسىرى چوڭىيىپ بارىدۇ، بۇ، شارچە تېزلىكىنىڭ بارغانسىرى چوڭىيىپ بارىدىغانلىقىنى، يەنى شارچىنىڭ تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

گالىلېي جىسىملارنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈش ھەرىكىتىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى. جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولغان تۈز سىزىقلىق تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت بولىدۇ.



25.2 – رەسىم

**ئەركىن چۈشكەن جىسىمنىڭ تېزلىنىشى** ئوخشاش بىر ئورۇندا، ئوخشاش بىر ئېگىزلىكتىن بىرلا ۋاقىتتا قويۇپ بېرىلگەن جىسىملار ئوخشاش ۋاقىتتا يەر يۈزىگە يېتىپ كېلىدۇ، يەنى دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولغان تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەتلەرنىڭ ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدىكى يۆتكىلىشلىرى ئۆز ئارا تەڭ بولىدۇ. $s=\frac{1}{2}at^2$ قا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ تېزلىنىشلىرىنىڭ مۇقەررەر ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

$h=\frac{1}{2}gt^2$

ئوخشاش بىر ئورۇندا، بارلىق جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىنىڭ تېزلىنىشلىرى ئوخشا[...] بولىدۇ. بۇ تېزلىنىش **ئەركىن چۈشۈش تېزلىنىشى** ياكى **ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشى** دەپ ئاتىلىپ، ئادە[...]



Scanned by CamScanner

$g$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشىنىڭ سانلىق قىممىتى $g/(m.s^{-2})$

ئۆلچەملىك قىممىتى: $g=9.80665m/s^2$

| جاي | كەڭلىك | ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشى |
|---|---|---|
| ئېكۋاتور | 0° | 9.780 |
| گۇاڭجۇ | 23°06′ | 9.788 |
| ۋۇخەن | 30°33′ | 9.794 |
| شاڭخەي | 31°12′ | 9.794 |
| توكيو | 35°43′ | 9.798 |
| بېيجىڭ | 39°56′ | 9.801 |
| نيۇيورك | 40°40′ | 9.803 |
| موسكۋا | 55°45′ | 9.816 |
| شىمالىي قۇتۇپ | 90° | 9.832 |

ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشى $g$ نىڭ يۆنىلىشى ھامان ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا بولىدۇ، ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى تەجرىبە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆلچەشكە بولىدۇ.

ئېنىق تەجرىبىلەردىن بايقالدىكى، يەر شارىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىدا $g$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. ئېكۋاتوردا $g=9.780m/s^2$، بېيجىڭدا $g=9.801m/s^2$ بولىدۇ. ئادەتتىكى ھېسابلاشلاردا $g$ نى $9.8m/s^2$ دەپ ئېلىشقا بولىدۇ. يۈزەكى ھېسابلاشلاردا يەنە $g$ نى $10m/s^2$ دەپ ئېلىشقا بولىدۇ.

جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولغان تۈز سىزىقلىق تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسىي فورمۇلىلىرى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى يەكۈنلەر ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، پەقەت بۇ فورمۇلىلاردىكى $v_0$ نى نۆلگە تەڭ دەپ ئېلىپ، تېزلىنىش $a$ نىڭ ئورنىغا $g$ نى ئالماشتۇرساقلا بولىدۇ.

## ئىنكاس ۋاقتىنى ئۆلچەش



كۈندىلىك تۇرمۇشتا بەزىدە ئىنكاس قايتۇرۇشقا سەزگۈر بولۇشقا توغرا كېلىدۇ، جەڭچى، شوپۇر، ئۇچقۇچى ۋە تەنھەرىكەتچىلەر تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. مەلۇم بىر خىل ئەھۋالنى بايقىغاندا، ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ماس تەدبىر قوللىنىپ، رەقىبنى يېڭىشى ياكى خەتەردىن ساقلىنىشى لازىم. ئەھۋالنى بايقاپ ئۇنىڭغا ماس تەدبىر قوللانغىچە كەتكەن ۋاقىت ئىنكاس ۋاقتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە سىزگە ئىنكاس ۋاقتىنى ئۆلچەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.



2.26-رەسىم

بىر ساۋاقدىشىڭىزغا ياغاچ سىزغۇچنىڭ بىر ئۇچىنى ئىككى بارمىقى بىلەن قىسىپ تۇتقۇزۇڭ (2.26-رەسىم). بىر قولىڭىز ياغاچ سىزغۇچنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىنى تۇتۇش تەييارلىقى ھالىتىدە بولسۇن، لېكىن قولىڭىزنىڭ ھېچقانداق يېرى ياغاچ سىزغۇچقا تەگمىسۇن. ھېلىقى ساۋاقدىشىڭىزنىڭ سىزغۇچنى قويۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈشىڭىز بىلەنلا، سىزغۇچنى



Scanned by CamScanner

دەرھال توختۇيالاق. سىز توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى، جىسىملارنىڭ ئۆلچەپ چىقسىڭىز، جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى
ھەققىدىكى بىلىملەرگە ئاساسەن ئىنكاس ۋاقتىڭىزنى ھېسابلاپ چىقالايسىز.

## 8 - مەشىق

(1) قۇدۇق ئاغزىدىن قۇدۇقتىكى سۇ يۈزىگىچە بولغان چوڭقۇرلۇقنى ئۆلچەش ئۈچۈن، بىر دانە كىچىك تاش پارچىسىنى قۇدۇق ئاغزىدىن تاشلاڭ، 2s تىن كېيىن تاش پارچىسىنىڭ سۇ يۈزىگە تەگكەن ئاۋازى ئاڭلانغان بولسا، قۇدۇق ئاغزىدىن سۇ يۈزىگىچە بولغان چوڭقۇرلۇقنى تېپىڭ (ئاۋازنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ). ئۇنىڭ تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟

(2) بىر جىسىم 22.5m ئېگىزلىكتىن چۈشكەن بولسا، يەر يۈزىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟

(3) ئەركىن چۈشكەن بىر جىسىمنىڭ يەر يۈزىگە يېتىپ كەلگەن چاغدىكى تېزلىكى 39.2m/s بولسا، بۇ جىسىم قانچىلىك ئېگىزلىكتىن چۈشكەن؟ يەر يۈزىگە چۈشكىچە قانچىلىك ۋاقىت كەتكەن؟

(4) 1991-يىل 5-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى «بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى»دە، ئېگىز بىنانىڭ 1-قەۋىتىدە ئولتۇرىدىغان بىر ياشلىق بالىنى باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، 4 ياشلىق بالىنى چۈشكەن يىقىلىپ دېرىزىسىدىن يىقىلىپ شۇ بىنانىڭ 15-قەۋىتىنىڭ دېرىزىسىدىن يىقىلىپ چۈشكەن 4 ياشلىق بالىنى باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ تۇتۇۋالغانلىقى ھەققىدىكى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش خەۋەر قىلىنغان. بىنانىڭ ھەربىر قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 2.8m دەپ ئېلىنسا، بۇ ياشنىڭ ئۆزى تۇرغان (1-قەۋەتتىكى) جايدىن بىنا دېرىزىسىنىڭ ئاستىغا ئېتىلىپ كېلىشى ئۈچۈن 1.3s كەتسە، ئۇنىڭ كىچىك بالىنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ بولغاندا قانچىلىك ئىنكاس ۋاقتى رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ ھېسابلاڭ.

## گالىلېينىڭ جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىشى



ئوقۇش ماتېرىيالى

**كىيىنچىل خۇلاسە** قەدىمكى زاماندىكى ئالىملار مۇنداق دەپ قارىغانىدى: جىسىملارنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقىغا باغلىق بولىدۇ، جىسىم قانچە ئېغىر بولسا، ئۇنىڭ چۈشۈشى شۇنچە تېز بولىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرى IV ئەسىردە ياشىغان گرېك (يۇنان) پەيلاسوپى ئارىستوتېل بۇ خىل قاراشنى ئەڭ بالدۇر شەرھلىگەن. ئارىستوتېل تەلىماتىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، شۇنىڭدىن كېيىنكى 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، كىشىلەر ئۇنىڭ تەلىماتىغا ئىشىنىپ كەلگەن.



27.2-رەسىم. گالىلېي (1564~1642) — ئىتالىيىلىك فىزىكا ئالىمى، ئاسترونومىيە ئالىمى

ئەمما يۈزەكى كۆزىتىشلەردىن چىقىرىلغان بۇنداق خۇلاسە ئەمەلىيەتتە خاتا ئىدى. ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى گالىلېي (27.2-رەسىم) ئاددىي ھەم ئىلمىي بولغان ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق ئارىستوتېلىنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ بەردى. ئۇ 1638-يىلى يازغان «ئىككى خىل يېڭى پەننىڭ سۆھبىتى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ئارىستوتېلىنىڭ يەكۈنى بويىچە بولغاندا، بىر تال چوڭ تاشنىڭ چۈشۈش تېزلىكى بىر تال كىچىك تاشنىڭ چۈشۈش تېزلىكىدىن چوڭ بولىدۇ. ئەگەر چوڭ تاشنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈش تېزلىكى 8، كىچىك تاشنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈش تېزلىكى 4 بولسا، بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىگە باغلاپ قويغاندا، ئۇنىڭ ئاستا چۈشىدىغىنى تېز چۈشىدىغىنىنى ئۇستىگە تارتىپ تۇرغانلىقتىن، تېز چۈشىدىغىنىنىڭ تېزلىكى ئاستىلايدۇ؛ تېز چۈشىدىغىنى ئاستا چۈشىدىغىنىنى ئاستىغا تارتقانلىقتىن، ئاستا چۈشىدىغىنىنىڭ تېزلىكى تېزلىشىدۇ، نەتىجىدە پۈتۈن سىستېمىنىڭ چۈشۈش تېزلىكى 8 دىن كىچىك بولۇشى كېرەك. لېكىن ئىككى تاش بىر-بىرىگە باغلاپ قويۇلغان بولغاچقا، بۇلارنىڭ ئېغىرلىقى چوڭ تاشنىڭكىدىن ئېغىر بولىدۇ، شۇڭا ئېغىر جىسىمنىڭ چۈشۈش تېزلىكى يېنىك جىسىمنىڭكىدىن كىچىك بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېغىر جىسىم يېنىك جىسىمغا قارىغاندا تېز چۈشىدۇ دېگەن پەرەزدىن ئېغىر جىسىم يېنىك جىسىمغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاستا چۈشىدۇ دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئارىستوتېلىنىڭ نەزەرىيىسى ئۆز-ئۆزىگە زىت ئەھۋالغا



Scanned by CamScanner

چۈشۈپ قالغان . گالىلېي بۇنىڭدىن ئېغىر جىسىم يېنىك جىسىمغا قارىغاندا تېز چۈشمەيدۇ دەپ ھۆكۈم چىقارغان .

**ئوتتۇرىغا قويغان پەرىزى** گالىلېي جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىنى ئەڭ ئاددىي بىر خىل ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت دەپ قارىغان . ئۇ ، ئەڭ ئاددىي ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىكى تەكشى ئۆزگىرىدىغان بولۇشى كېرەك دەپ قىياس قىلغان . لېكىن تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشى قانداق بولغاندا تەكشى بولغان بولىدۇ؟ ئۇ مۇنداق ئىككى خىل مۇمكىنچىلىكنى ئويلىغان : بىر خىلى ، تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشى ۋاقىتقا نىسبەتەن تەكشى بولىدۇ ، يەنى تەڭ ۋاقىتلاردىكى تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشلىرى تەڭ بولىدۇ ؛ يەنە بىر خىلى ، تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشى يۆتكىلىشكە نىسبەتەن تەكشى بولىدۇ ، يەنى ئۆزئارا تەڭ يۆتكىلىشلەردىكى تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ . گالىلېي پەرىزنىڭ بىرىنچى خىل شەكلىنى ئەڭ ئاددىي دەپ قاراپ ، بۇ خىل ھەرىكەتنى تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت دەپ ئاتىغان .

**ماتېماتىكىلىق يەكۈن** گالىلېينىڭ دەۋرىدە تېخنىكا ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا ، پەيتلىك تېزلىكنى بىۋاسىتە ئۆلچەش ئارقىلىق بىر جىسىمنىڭ تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . لېكىن گالىلېي ماتېماتىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشتىن پايدىلىنىپ مۇنداق خۇلاسە چىقارغان : دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولغان تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ يۆتكىلىشى كەتكەن ۋاقىتنىڭ كۋادراتىغا ئوڭ تاناسىپ ، يەنى $s\propto t^2$ بولىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ ئوخشىمىغان يۆتكىلىشلىرىگە كەتكەن ۋاقىتلار ئۆلچەپ چىقىلسىلا ، بۇ جىسىمنىڭ تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ .

گالىلېي $s\propto t^2$ نى قانداق كەلتۈرۈپ چىقارغان؟ ئۇنىڭ پىكىر قىلىش يولى ئاساسەن مۇنداق : ئالدى بىلەن ئوتتۇرىچە تېزلىك $\bar{v}=\frac{s}{t}$ تىن $s=\bar{v}t$ نى كەلتۈرۈپ چىقارغان ؛ ئۇ دەسلەپكى تېزلىكى نۆل ، ئاخىرقى تېزلىكى $v$ بولغان تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تېزلىكى $\bar{v}=\frac{1}{2}v$ نى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، ئاندىن بۇ مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ $s=\frac{1}{2}vt$ نى كەلتۈرۈپ چىقارغان ؛ يەنە $a=\frac{v}{t}$ دىن پايدىلىنىپ يۇقىرىقى ئىپادىدىكى $v$ نى يوقىتىپ ، $s=\frac{1}{2}at^2$ ، يەنى $s\propto t^2$ نى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

**تەجرىبىدە ئىسپاتلىشى** جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈشىنىڭ ۋاقتى بەك قىسقا بولىدۇ ، ئەينى ۋاقىتلاردا جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈشىنىڭ تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى تەجرىبە ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىسپاتلاش يەنىلا قىيىن ئىدى . گالىلېي ۋاسىتىلىك ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان . ئۇ مىس ساقىنى قارشىلىق كۈچى ناھايىتى كىچىك بولغان يانتۇ تەكشىلىكتىن دومىلىتىپ چۈشۈرۈش تەجرىبىسىنى يۈز قېتىملاپ ئىشلىگەن . كىچىك ساقىنىڭ يانتۇ تەكشىلىكتىكى ھەرىكەت قىلىش تېزلىنىشى ئۇنىڭ ۋېرتىكال تۆۋەنگە چۈشكەندىكى تېزلىنىشىدىن كۆپ كىچىك بولغاچقا ، ۋاقىتنى ئاسانراق ئۆلچىگىلى بولىدۇ .

تەجرىبە نەتىجىسى شۇنى ئىپادىلىدىكى ، سىلىق يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭىنى ئۆزگەرتمەي ، ساقىنى ئوخشىمىغان ئورۇنلاردىن دومىلاتقاندا (2 .28-رەسىم) ، ساقىنىڭ يۆتكىلىشلىرى بىلەن كەتكەن ۋاقىتنىڭ كۋادراتلىرىغا بولغان نىسبىتى ئۆزگەرمەيدۇ ، يەنى $\frac{s_1}{t_1^2}=\frac{s_2}{t_2^2}=\frac{s_3}{t_3^2}=\cdots$ . بۇنىڭدىن ساقىنىڭ سىلىق يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ تۆۋەنگە قارىتا قىلغان ھەرىكىتىنىڭ تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان . ماسسىسى ئوخشاش بولمىغان باشقا ساقىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرىقى تەجرىبىنى قايتا ئىشلىگەندىمۇ ، يۆتكىلىشنىڭ كەتكەن ۋاقىتقا بولغان نىسبەت قىممىتى يەنىلا ئۆزگەرمىگەن ، بۇ ، ماسسىلىرى ئوخشاش بولمىغان ساقىلارنىڭ ئوخشاش يانتۇلۇق بۇلۇڭىغا ئىگە يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ قىلغان تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭىنى ئۈزلۈكسىز چوڭايتىپ ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تەجرىبىنى تەكرار ئىشلەش ئارقىلىق ، $\frac{s}{t^2}$ نىڭ قىممىتىنىڭ يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ چوڭىيىدىغانلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . بۇ ، ساقىنىڭ تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلىش تېزلىنىشىنىڭ يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ چوڭىيىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

**مۇۋاپىق ھالدا سىرتقا كېڭەيتىش** گالىلېي يۇقىرىدا ئېيتىلغان نەتىجىنى مۇۋاپىق ھالدا سىرتقا كېڭەيتىپ ،



28.2–رەسىم

خۇلاسىنى يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭىنى چوڭايتىپ 90° قا يەتكۈزگەندىكى ئەھۋالغا كېڭەيتكەن، بۇ چاغدا ساقا ئەركىن چۈشۈپ، ئەركىن چۈشكەن جىسىم بولىدۇ. گالىلېي بۇ چاغدا ساقا يەنىلا تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلىش خۇسۇسىيىتىنى ساقلايدۇ دەپ قارىغان. يانتۇ تەكشىلىكتىكى ھەرىكەتتىن تۈۋەنگە چۈشۈش ھەرىكىتىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بۇ خىل سىرتقا كېڭەيتىش ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. بىراق سىرتقا كېڭەيتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق چىقىرىلغان خۇلاسىلەرنىڭ ھەممىسىلا توغرا بولۇۋەرمەيدۇ. ھازىرقى زامان فىزىكا تەتقىقاتىدىمۇ سىرتقا كېڭەيتىش ئۇسۇلى دائىم قوللىنىلىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئۇسۇل-دىن پايدىلىنىپ چىقىرىلغان خۇلاسىلەرنىڭ ھەممىسى تەجرىبىدە ئىسپاتلانغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

گالىلېينىڭ ئەركىن چۈشكەن جىسىملارغا بولغان تەتقىقاتى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىنى يارىتىپ بەردى، بۇ بولسىمۇ ئابستراكت تەپەككۇر، ماتېماتىكىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىش ۋە ئىلمىي تەجرىبە ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇلدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسۇل كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقاتلار ئۈچۈن زور ئويغىتىش رولىنى ئويناپ، تاكى ھازىرغىچە يەنىلا مۇھىم ئىلمىي ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولماقتا.

ئىمكانىيەت يار بەرسە، گالىلېي ئىشلىگەن يانتۇ تەكشىلىك تەجرىبىسىنى تەكرار ئىشلەپ كۆرۈڭ. بۇ يەردىكى ئاچقۇچ ۋاقىتنى توغرا ئۆلچەشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا سىزنىڭ قانداق ياخشى ئۇسۇلىڭىز بار؟

گالىلېي ياشىغان دەۋردىن ھازىرغىچە 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. گالىلېي تەجرىبە ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىسپاتلاشقا ئامالسىز قالغان خۇلاسىلەرنى تەجرىبە ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىسپاتلىيالايدىغان بولدۇق.

## بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە

بۇ بابتا بىر جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر قانچە فىزىكىلىق مىقدار، يەنى يۆتكىلىش، تېزلىك ۋە تېزلىنىشنى ھەم تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆگەندۇق، يەنە گرافىك ئارقىلىق جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەشنى ئۆگىنىپ، يۆتكىلىش گرافىكى ۋە تېزلىك گرافىكى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. ئوخشاش بىر ئۇقۇم ياكى قانۇنىيەتنى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر، يەنى سۆز بىلەن بايان قىلىشقا، فورمۇلا بىلەن ئىپادىلەشكە، گرافىك ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش شەكىللىرىگە قارىتا بىرلىككە كەلگەن چۈشىنىش بولۇش كېرەك.

فىزىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە فىزىكىنىڭ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى پىكىر قىلىش يولى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن دىققەت قىلىش كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كېيىنكى بىر نۇقتا تېخىمۇ مۇھىم. بىلىملەرنى خۇلاسىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە فىزىكىنىڭ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىدىن تەسىرات ئېلىشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى گالىلېينىڭ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى كېيىنكى پەن تەتقىقاتلارغا نىسبەتەن زور ئويغىتىش رولىغا ئىگە بولۇپ، تاكى بۈگۈنكە قەدەر يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولماقتا.

(1) پايدىلىنىش سىستېمىسى دېگەن نېمە؟ جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىشتا، نېمە ئۈچۈن چوقۇم پايدىلىنىش سىستېمىسى تاللاش كېرەك؟

(2) قانداق ئەھۋاللاردا جىسىمنى ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولۇپ، قانداق ئەھۋاللاردا بولمايدۇ؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.

(3) فىزىكىدا قايسى فىزىكىلىق مىقداردىن پايدىلىنىپ ماددىي نۇقتىسىنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى تەسۋىرلىنىدۇ؟ يۆتكىلىش دېگەن نېمە؟ يۆتكىلىش قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟ يۆتكىلىش بىلەن مۇساپىنىڭ قانداق پەرقى بار؟ قانداق ئەھۋالدا يۆتكىلىش مۇساپىگە تەڭ بولىدۇ؟



Scanned by CamScanner

(4) يۆتكىلىش بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتنى قايسى ئىككى تۈرلۈك ھەرىكەتكە ئايرىشقا بولىدۇ؟ تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت دېگەن نېمە؟ تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت دېگەنچۇ؟

(5) فىزىكىدا ھەرىكەتلەرنىڭ تېز-ئاستىلىقى قانداق فىزىكىلىق مىقدار ئارقىلىق تەسۋىرلىنىدۇ؟ تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تېزلىكى ۋە پەيتلىك تېزلىكى دېگەن نېمە؟

(6) پەيتلىك تېزلىكى تۇراقلىق بولغان تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قانداق ھەرىكەت بولىدۇ؟ پەيتلىك تېزلىكى ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قانداق ھەرىكەت بولىدۇ؟ تېزلىك ئۆزگىرىشى ۋە ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، تۈز سىزىقلىق ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنى قايسى ئىككى تۈرلۈك ھەرىكەتكە ئايرىشقا بولىدۇ؟ تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت دېگەن نېمە؟

(7) فىزىكىدا تېزلىك ئۆزگىرىشىنىڭ تېز-ئاستىلىقى قايسى فىزىكىلىق مىقدار ئارقىلىق تەسۋىرلىنىدۇ؟تېزلىنىش دېگەن نېمە؟ تېزلىنىش بىلەن تېزلىكنىڭ يەرقى ھەم مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ تېزلىنىشى تۇراقلىق بولغان تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قانداق ھەرىكەت بولىدۇ؟

(8) تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىك فورمۇلىسى ۋە يۆتكىلىش فورمۇلىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ بۇ ئىككى ئاساسىي فورمۇلىدىن باشقا، يەنە دائىم قانداق فورمۇلىلار قوللىنىلىدۇ؟ بۇلار ئاساسىي فورمۇلىدىن قانداق كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان؟

(9) يۆتكىلىشنىڭ گرافىكى دېگەن نېمە؟ تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتنىڭ يۆتكىلىش گرافىكى قانداق بىر سىزىقتىن ئىبارەت؟ يۆتكىلىش گرافىكىدىن قانداق ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيسىز؟ ئۆزىڭىز خۇلاسىلەپ كۆرۈڭ.

(10) تېزلىك گرافىكى دېگەن نېمە؟ تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت بىلەن تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ تېزلىك گرافىكلىرىنىڭ ھەرقايسىسى قانداق گرافىكلاردىن ئىبارەت؟ تېزلىك گرافىكىدىن قانداق ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيسىز؟ ئۆزىڭىز خۇلاسىلەپ كۆرۈڭ.

(11) ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى دېگەن نېمە؟ بۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى نېمىدىن ئىبارەت؟ ئۇنىڭ تېزلىنىشى g نىڭ سانلىق قىممىتى قانچىلىك بولىدۇ؟ يۆنىلىشى قانداق بولىدۇ؟ ئەركىن چۈشكەن جىسىمنىڭ چۈشۈش تېزلىكى بىلەن چۈشۈش ئارىلىقى قانداق ئېنىقلاش بولىدۇ؟

(12) گالىلېي جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىنى قانداق تەتقىق قىلغان؟ سىز بۇنىڭدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز؟

## كۆنۈكمە

(1) ماددىي نۇقتا ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ئېيتىلىشلار توغرىمۇ؟

① ماددىي نۇقتا چوقۇم بىر شارچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ✗

② ماددىي نۇقتىنىڭ كىچىك بىر جىسىمغا ۋەكىللىك قىلىشى ناتايىن. ✓

③ مەيلى چوڭ جىسىم بولسۇن ياكى كىچىك جىسىم بولسۇن، مېخانىك ھەرىكەتتە ھەممىسى بىراقلا ماددىي نۇقتا دەپ قارىلىدۇ. ✗

(2) يۆتكىلىش ۋە مۇساپە ھەققىدە تۆۋەندىكى تۆت نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىمۇ؟

A . ئوقۇغۇچى : يۆتكىلىش بىلەن مۇساپە چوڭ-كىچىكلىك جەھەتتە ھامان ئۆزئارا تەڭ، پەقەت يۆتكىلىش يۆنىلىشكە ئىگە بولغاچقا، ۋېكتور بولىدۇ. مۇساپىنىڭ يۆنىلىشى بولمىغاچقا، سكالىيار بولىدۇ. ✗

B . ئوقۇغۇچى : يۆتكىلىش ئارقىلىق تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتلەر تەسۋىرلىنىدۇ، مۇساپە ئارقىلىق ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتلەر تەسۋىرلىنىدۇ. ✗

C . ئوقۇغۇچى : يۆتكىلىش ۋېكتور بولۇپ، ئۇ جىسىمنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؛ مۇساپە سكالىيار بولۇپ، ئۇ جىسىمنىڭ ئەمەلىي بېسىپ ئۆتكەن يولى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ✓

Scanned by CamScanner

بىر كەپ ٨٠. ... يۆتكىلىش بىلەن مۇساپە ... ئومۇمەن تەكشى ھەرىكەت دەپ قاراشقا
ئەمەلىيەتتە يۆتكىلىش بىلەن مۇساپە بىر كەپ؛ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئومۇمەن تەكشى ھەرىكەت دەپ قاراشقا
$D$ . ئوقۇغۇچى : ئىستانسا ئارىسىدا نورمال يۈرگەندە ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلىنىش نۇقتىسىدىن چىققان ئاۋازغا ئاساسەن

(3) پويىز ئىككى ئىستانسا ئارىسىدا ... پويىز چاقلىرىنىڭ ئىككى بۆلەك رېلىسنىڭ ئۇلىنىش نۇقتىسىدىن چىققان ئاۋازغا ئاساسەن پويىز ئىككى بۆلەك رېلىسنىڭ ئۇلىنىش نۇقتىسىدىن چىققان ئاۋازدىن باشلاپ ۋاقىت خاتىرىلەپ بولىدۇ . مەلۇم بىر ساۋاقداش پويىز چاقلىرىنىڭ مەلۇم بىر قېتىملىق ئاۋازىدىن باشلاپ ۋاقىت خاتىرىلەپ بولىدۇ . مەلۇم بىر ساۋاقداش پويىز چاقىنىڭ مەلۇم بىر قېتىملىق ئاۋازىدىن باشلاپ ۋاقىت خاتىرىلەپ، ئۇ يېرىم مىنۇت ئىچىدە جەمئىي 66 قېتىم پويىزنىڭ تېزلىكىنى مۆلچەرلەپ ھېسابلىغان . ئۇ پويىز چاقىنىڭ قېتىم سانىنى سانىغان ، ئۇ يېرىم مىنۇت ئىچىدە جەمئىي 66 قېتىم ئاۋاز ئاڭلىغان . ھەربىر بۆلەك رېلىسنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ 25m ئىكەنلىكى مەلۇم . مۇشۇ سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن پويىز چاقى ئاۋازىنىڭ قېتىم سانىنى سانىغان ، ئۇ يېرىم مىنۇت ئىچىدە جەمئىي 66 قېتىم گەن ھەم شۇنىڭدىن كېيىن پويىز چاقى ئاۋازىنىڭ قېتىم سانىنى سانىغان ، ئۇ يېرىم مىنۇت ئىچىدە جەمئىي 66 قېتىم ئاۋاز ئاڭلىغان . ھەربىر بۆلەك رېلىسنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ 25m ئىكەنلىكى مەلۇم . مۇشۇ سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن پويىزنىڭ تېزلىكىنى مۆلچەرلەپ ئۆلچەپ چىقالامسىز ؟ (بۇمۇ تۆمۈر يول خادىملىرىنىڭ پويىز تېزلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ ئۆلچەشتە دائىم قوللىنىدىغان بىر خىل ئۇسۇل . )

(4) ۋېلىسىپىتلىك بىر ئادەم يەر تۆۋىنىگە قاراپ مېڭىپ ، بىرىنچى سېكۇنتتا 1m ، ئىككىنچى سېكۇنتتا 3m ، ئۈچىنچى سېكۇنتتا 5m ، تۆتىنچى سېكۇنتتا 7m ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتكەن بولسا ، دەسلەپكى 2s تىكى ، ئەڭ ئاخىرقى 2s تىكى ۋە ھەممە ھەرىكەت ۋاقتى ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكلىرىنى تېپىڭ .



29.2ـ رەسىم

(5) سادىق ساۋاقدىشىغا تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى . سادىق ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن سىزىلغان توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يۆتكىلىش گرافىكى 29.2ـ رەسىمدە كۆرسىتىلدى . گرافىكتىكى كوئوردېناتنى فىزىكىلىق ئاتالغۇلارغا بىرلەشتۈرۈپ بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىڭ . ھېكايىنى سۆزلەشتىن ئىلگىرى تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ :

① سادىقنىڭ ھېكايىسىدىكى توشقان بىلەن تاشپاقا ئوخشاش بىر جايدىن بىرلا ۋاقىتتا يولغا چىققانمۇ ؟

② تاشپاقىنىڭ ھەرىكىتى قانداق ھەرىكەتتىن ئىبارەت ؟

③ توشقان بىلەن تاشپاقا مۇسابىقىلىشىش جەريانىدا قانچە قېتىم ئۇچراشقان ؟

④ قايسىسى ئالدى بىلەن ئالدىن بەلگىلەنگەن يۆتكىلىش $s_m$ دىن ئۆتۈپ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارغان ؟

(6) تېزلىك بىلەن تېزلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ئېيتىلىشلارنىڭ توغرىسى قايسى ؟

① جىسىمنىڭ تېزلىكى قانچە چوڭ بولسا ، تېزلىنىشىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ .

② جىسىم تېزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشى قانچە چوڭ بولسا ، تېزلىنىشىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ .

③ جىسىم تېزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشى قانچە تېز بولسا ، تېزلىنىشى شۇنچە چوڭ بولىدۇ .

④ جىسىمنىڭ تېزلىنىشىنىڭ يۆنىلىشى جىسىمنىڭ تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ .

(7) بىر ئاپتوموبىل 36km/h تېزلىكتە 10s تەكشى ماڭغاندىن كېيىن ، $1m/s^2$ تېزلىنىش بىلەن 10s ماڭغان بولسا ، ئاپتوموبىلنىڭ 20s ئىچىدىكى يۆتكىلىشى قانچىلىك بولىدۇ ؟ ئوتتۇرىچە تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ ؟ ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىنىش قىلغان 10s ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ ؟

(8) بىر ئاپتوموبىل تۈپتۈز تاشيولدا $A$ بېكەتتىن $B$ بېكەتكە قاراپ ماڭغان ، قوزغالغاندىكى تېزلىنىشى $2m/s^2$ بولۇپ ، تېزلىنىش قىلىپ 5s ماڭغاندىن كېيىن ، تەكشى تېزلىكتە 2min مېڭىپ ، ئاندىن تورمۇزلىنىپ سىيرىلىپ 50m ماڭغاندا $B$ بېكەتكە يېتىپ بارغان بولسا ، $A$ ، $B$ ئىككى بېكەتنىڭ ئارىلىقىنى ۋە ئاپتوموبىلنىڭ $A$ بېكەتتىن $B$ بېكەتكە يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتنى تېپىڭ .



30.2ـ رەسىم

(9) 30.2ـ رەسىم مەلۇم بىر ئاپتوموبىلنىڭ تۈز سىزىقلىق ھەرىكىتىنىڭ ________ گرافىكىدىن ئىبارەت . گرافىكتىن بىلىش مۇمكىنكى ، ئاپتوموبىلنىڭ ئالدىنقى 10s تا قىلغىنى ________ ھەرىكەت بولۇپ ، دەسلەپكى تېزلىكى ________ گە تەڭ ، تېزلىنىشى ________ گە تەڭ ، يۆتكىلىشى ________ گە تەڭ . ئاپتوموبىل 10s نىڭ ئاخىرىسىدىن 40s نىڭ ئاخىرىسىغىچە بولغان بۇ بىر بۆلەك ۋاقىت ئىچىدە ________ ھەرىكەت قىلىدۇ ، قىلغان يۆتكىلىشى ________ گە تەڭ بولىدۇ . ئاپتوموبىل ئەڭ ئاخىرقى 10s ئىچىدە ________ ھەرىكەت قىلىدۇ ، دەسلەپكى تېزلىكى ________ گە تەڭ ، ئاخىرقى تېزلىكى ________ گە تەڭ ، قىلغان يۆتكىلىشى ________ گە تەڭ . ئاپتوموبىلنىڭ 50s ئىچىدىكى ئومۇمىي يۆتكىلىشى ________ گە تەڭ .

Scanned by CamScanner

(10) بىر ئادەم ئۆي ئىچىدە دېرىزىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ سۈرەت تارتقاندا، دەل دېرىزە سىرتىدىكى ئېگىزدىن چۈشۈۋاتقان بىر كىچىك تاش سۈرەتكە چۈشۈپ قالغان. بۇ قېتىمقى سۈرەتكە تارتىشتىكى يورۇقلۇقتا تۇتۇلۇش (نۇر ئۆتۈش) ۋاقتى 0.02s، ئۆلچەنگەن سۈرەتتىكى تاشنىڭ ھەرىكەت ئىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.6cm، ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقى 100cm بولغان دېرىزە رامكىسىنىڭ سۈرەتتىكى ئۇزۇنلۇقى 4.0cm ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، بۇ تاشنىڭ قانچىلىك ئېگىز جايدىن چۈشكەنلىكىنى بىلەلەمسىز؟ ھېسابلىغاندا، تاشنىڭ سۈرەتتىكى 0.02s ئىچىدىكى تېزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى پەيتلىك تېزلىككە سېلىشتۇرغاندا ئېتىبارغا ئالمىسىمۇ بولىدۇ، شۇڭا بۇ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى تاشنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشى ھەرىكەت دەپ بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ. ($g=10m/s^2$ دەپ ئېلىنىدۇ)

(11) تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ ئۈزلۈكسىز بولغان ئۆزئارا تەڭ ھەرقايسى ۋاقىت $t$لار ئىچىدىكى يۆتكىلىشلىرى ئايرىم-ئايرىم $s_1$، $s_2$، $s_3 \cdots s_n$. ئەگەر تېزلىنىشى $a$ بولسا، تۆۋەندىكىنى ئىسپاتلاڭ:

$$\Delta s=s_2-s_1=s_3-s_2=\cdots=s_n-s_{n-1}=at^2$$

(12) تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلغان بىر جىسىمنىڭ تېزلىنىشىنىڭ $a$ ئىكەنلىكى بېرىلگەن. بۇ بۆلەك ۋاقىت ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكىنىڭ مۇشۇ بۆلەك ۋاقىتنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسى $t/2$ پەيتتىكى پەيتلىك تېزلىككە تەڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرۈڭ.

Scanned by CamScanner

# ئۈچىنچى باب . نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى



«ئۈچار يىلپىز» قىرغۇچى ئايروپىلان



ئالدىنقى بابتا جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى قانداق تەسۋىرلەشنى ئۆگەندۇق، ئەمما جىسىملارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ياكى مۇنداق خىل ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلمىدۇق. بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىلگىرى، ھەرىكەت بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىشىمىز لازىم. مېخانىكىدا جىسىملارنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىلا تەتقىق قىلىنىپ، ھەرىكەت بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلمايدىغان تارماق پەن **كىنېماتىكا** (ھەرىكەت ئىلمى) دەپ ئاتىلىدۇ؛ ھەرىكەت بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىنىدىغان تارماق پەن **دىنامىكا** (ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىلمى) دەپ ئاتىلىدۇ.

دىنامىكا بىلىملىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋە پەن تەتقىقاتتا ناھايىتى مۇھىم. ھەر خىل ماشىنىلارنى لايىھىلەش، قاتناش قوراللىرىنىڭ تېزلىكىنى كونترول قىلىش، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىش، سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئوربىتىسىنى ھېسابلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دىنامىكا بىلىملىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.


PHILOSOPHIÆ
NATURALIS
PRINCIPIA
MATHEMATICA.

Autore JS. NEWTON, Trin. Coll. Cantab. Soc. Matheseos Professore Lucasiano, & Societatis Regalis Sodali.

IMPRIMATUR.
S. PEPYS, Reg. Soc. PRÆSES.
Julii 5. 1686.

LONDINI,
Jussu Societatis Regiæ ac Typis Josephi Streater. Prostat apud plures Bibliopolas. Anno MDCLXXXVII.

1.3ـ رەسىم. نيۇتون (1643 ~ 1727) ۋە ئۇ يازغان داڭلىق كىتاب «تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكىلىق پرىنسىپى» نىڭ تىتۇلى. بۇ كىتاب شۇ چاغلاردىكى ئىلمىي ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا، لاتىن يېزىقىدا نەشر قىلىنغان

دىنامىكىغا ئاساس سالغۇچى ئەنگلىيە ئالىمى نيۇتون. نيۇتون 1687ـ يىلى داڭلىق ئەسىرى «تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكىلىق پرىنسىپى»نى نەشر قىلدۇرغان. نيۇتون بۇ ئەسىرىدە ئۈچ ھەرىكەت قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئۈچ قانۇن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى دېيىلىدۇ، بۇ قانۇنلار پۈتكۈل دىنامىكىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ بابتا نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرىنى ئۆگىنىمىز.

1.3ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى نيۇتون ۋە ئۇ يازغان داڭلىق كىتاب «تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكىلىق پرىنسىپى»نىڭ تىتۇلى. نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى بۇ كىتابتا تۇنجى قېتىم بايان قىلىنغان.

## 1 §. نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى

XVII ئەسىردىن ئىلگىرى كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا كۈچ بولسا جىسىم ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ سەۋەبى، كۈچ ئىشلىتىپ ھارۋىنى ئىتتەرسىڭىز ھارۋا ئىلگىرىلەيدۇ، كۈچ ئىشلىتىشنى توختاتسىڭىز، ھارۋىمۇ توختاپ قالىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى ئارىستوتېل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 384 ~ 322ـ يىللار) مۇشۇنداق تەجرىبە پاكىتلىرىغا ئاساسەن مۇنداق خۇلاسە چىقارغان ئىدى: جىسىمغا چوقۇم كۈچ تەسىر قىلغاندىلا ئاندىن ھەرىكەتلىنىدۇ، كۈچ تەسىر قىلمىسا، جىسىم ھەرىكەتتىن توختاپ قالىدۇ.

ئارىستوتېلدىن كېيىنكى 2000 يىل ئىچىدە دىنامىكىدا ئۇدا ھېچقانداق چوڭ ئىلگىرىلەش بولمىدى. XVII ئەسىرگە كەلگەندە، ئىتالىيىلىك ئاتاقلىق فىزىكا ئالىمى گالىلېي تەجرىبىگە ئاساسەن، گورىزونتال تەكشىلىكتە ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ توختاپ قېلىشى سۈركىلىش قارشىلىق كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ، سۈركىلىش بولمىسا، جىسىم مەلۇم بىر تېزلىككە ئىگە بولسىلا، جىسىم مۇشۇ تېزلىكى بويىچە ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ قىياس قىلدى.

گالىلېي يەنە تۆۋەندىكى ئىدېئال تەجرىبىگە ئاساسەن ئەقلىي خۇلاسە ئېلىپ بارغان. 2.3ـ رەسىم $A$ دا كۆرسىتىلگەندەك، تىنچ تۇرغان شارچە بىر يانتۇ تەكشىلىكتىن دومىلىتىپ چۈشۈرۈلسە، ئۇ دومىلاپ ئىككىنچى بىر يانتۇ تەكشىلىككە چىقىدۇ. ئەگەر سۈركىلىش بولمىسا، شارچە ئەسلىدىكى ئېگىزلىككە يېتىپ بارىدۇ. گالىلېي ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ



Scanned by CamScanner

شارچە (2.3_رەسىم $B$)، كىچىكلىتىلسە يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭى
مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئىككىنچى بىر يانتۇ تەكشىلىكتىمۇ ئەسلىدىكى ئېگىزلىككە يېتىشتە تېخىمۇ ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئىككىنچى بىر يانتۇ
بۇ يانتۇ تەكشىلىكتىمۇ ئەسلىدىكى ئېگىزلىككە يېتىشتە، ئەڭ ئاخىرىدا گورىزونتال تەكشىلىككە ئايلاندۇرۇلسا (2.3_رەسىم
تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭى داۋاملىق كىچىكلىتىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا گورىزونتال تەكشىلىكنى بويلاپ تۇراقلىق تېزلىكتە داۋاملىق
$C$)، شارچە يەنە ئەسلىدىكى ئېگىزلىككە يېتەلمەستىن، ئۇ گورىزونتال تەكشىلىكنى بويلاپ تۇراقلىق تېزلىكتە داۋاملىق
ھەرىكەت قىلىپ كېتىۋېرىدۇ.




2.3_رەسىم. گالىلېينىڭ يانتۇ تەكشىلىك تەجرىبىسى

ئىدېئال تەجرىبە پەن تەتقىقاتتىكى مۇھىم بىر خىل ئۇسۇل، ئۇ ئىشەنچلىك پاكىت بىلەن نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈپ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ.

گالىلېينىڭ تەجرىبىسى گەرچە ئىدېئال تەجرىبە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىشەنچلىك پاكىت ئاساسىدا تىكلەنگەن. بۇنداق ئىدېئال تەجرىبىلەر ئىشەنچلىك پاكىتنى ئاساس قىلىپ، ئابستراكت تەپەككۇر ئارقىلىق، ئاساسلىق ئامىللارنى تۇتۇپ، ئاساسلىق بولمىغان ئامىللارنى ھېسابقا ئالماي، تەبىئەت قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ.

گالىلېي بىلەن زامانداش دېكارت (1596~1650_يىللار) گالىلېينىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇنداق دەپ قارىغان: ئەگەر باشقا سەۋەب بولمىسا، ھەرىكەتتىكى جىسىم ئوخشاش تېزلىكتە بىر تۈز سىزىقنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ ھەم توختاپ قالمايدۇ، ھەم ئەسلىدىكى يۆنىلىشىدىن ئېغىشمايدۇ. شۇڭا دېكارت دىنامىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم بىر قەدەمنى باسقان.

**تەجرىبە**

> يەل تاپان رېلىستىن پايدىلىنىپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خۇلاسىنى تەقرىبىي ئىسپاتلاپ چىقىمىز. جىسىمنى گورىزونتال رېلىس ئۈستىگە قويۇپ ھەم ئامال قىلىپ جىسىم بىلەن رېلىس ئارىسىدا گاز ھاسىل قىلساق، جىسىم بۇ يەل تاپان رېلىسنى بويلاپ ھەرىكەت قىلغاندا ئۇچرايدىغان قارشىلىق كۈچى ناھايىتى كىچىك بولىدۇ. جىسىمنى ئىتتىرىپ قويساقلا، ئۇنىڭ يەل تاپان رېلىسنى بويلاپ قىلغان ھەرىكىتىنىڭ تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتكە ناھايىتى يېقىنلىشىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

**نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى** نيۇتون گالىلېي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەتقىقاتى ھەم ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن مېخانىكا بىلىملىرىنى سىستېمىلىق خۇلاسىلەپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۈچ ھەرىكەت قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى قانۇننىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

**بارلىق جىسىملار تاكى سىرتقى كۈچ ئۇلارنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغانغا قەدەر، ئۆزلىرىنىڭ تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت ھالىتى ياكى تىنچ ھالىتىنى ساقلايدۇ.**

مانا بۇ **نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى**دۇر. جىسىمنىڭ ئەسلىدىكى تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت ھالىتى ياكى تىنچ ھالىتىنى ساقلاشتەك بۇ خىل خۇسۇسىيىتى **ئىنېرتسىيە** دەپ ئاتىلىدۇ. نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى يەنە **ئىنېرتسىيە قانۇنى** دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئاپتوبۇس تۇيۇقسىز ھەرىكەتلەنگەندە، ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلار ئارقىغا يىقىلىدۇ (3.3_رەسىم $A$)



Scanned by CamScanner

بۇ ، ئاپتوبۇس ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىغاندا ، يولۇچىلار بەدىنىنىڭ ئاستىنقى يېرىمى ئاپتوبۇس بىللە ئىلگىرىلىگەنلىكى ، ئۈستۈنكى يېرىمى بولسا ئىنېرتسىيە تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىنچ ھالىتىنى ساقلىغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ . ئاپتوبۇس تۇيۇقسىز توختىغاندا ، ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلار ئالدىغا يىقىلىدۇ (3 .3 ـ رەسىم $B$ ) . بۇ ، ئاپتوبۇس توختىغاندا ، يولۇچىلار بەدىنىنىڭ ئاستىنقى يېرىمى ئاپتوبۇس بىلەن بىللە توختىغانلىقى ، ئۈستۈنكى يېرىمى بولسا ئىنېرتسىيە تۈپەيلىدىن يەنىلا ئەسلىدىكى تېزلىكى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ . بارلىق جىسىملار ئىنېرتسىيىگە ئىگە ، جىسىملارنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى ساقلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن كۈچ لازىم بولمايدۇ ، ئىنېرتسىيە بولسا جىسىملارغا خاس بىر خىل خۇسۇسىيەت بولۇپ ، جىسىملار مەيلى قانداق ھالەتتە تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەممىسىدە ئىنېرتسىيىگە ئىگە بولىدۇ .



$B$ ئاپتوبۇس تۇيۇقسىز توختىغاندا



$A$ ئاپتوبۇس تۇيۇقسىز قوزغالغاندا

3.3 ـ رەسىم

ھەرقانداق جىسىم ئەتراپىدىكى جىسىملار بىلەن ئۆزئارا تەسىرلىشىدۇ ، سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان جىسىم مەۋجۇت ئەمەس ، شۇڭا نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى تەسۋىرلىگەن جىسىمنىڭ سىرتقى كۈچكە ئۇچرىمايدىغان ھالىتى بىر خىل ئىدېئاللاشتۇرۇلغان ھالەتتىن ئىبارەت . بۇ خىل ھالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىسىمۇ ، لېكىن نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى ھەرىكەت بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئېچىپ بەرگەن : كۈچ جىسىمنىڭ تېزلىكىنى ساقلايدىغان سەۋەب بولماستىن ، بەلكى جىسىمنىڭ تېزلىكىنى ئۆزگەرتىدىغان سەۋەبتىن ئىبارەت . مانا بۇ ، كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى توغرا يولغا باشلاپ ، مېخانىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى .




## ئېينشتېيننىڭ گالىلېينىڭ تۆھپىلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئېنىق بولماي كەلگەن ، ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىر ئاساسىي مەسىلە بار ، ئۇ بولسىمۇ ھەرىكەت مەسىلىسى … تىنچ تۇرغان ھېچقانداق ھەرىكىتى يوق بىر جىسىم بار دەپ پەرەز قىلايلى . بۇنداق بىر جىسىمنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ، ئۇنى كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىتىش كېرەك ، مەسىلەن ، ئۇنى ئىتتىرىش ، كۆتۈرۈش ياكى باشقا جىسىملار ، يەنى ئات ، ھور ماشىنىسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسىر قىلدۇرۇش كېرەك . بىزنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىمىز بويىچە ھەرىكەت بولسا ئىتتىرىش ، كۆتۈرۈش ، تارتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمىز . كۆپ قېتىملىق تەجرىبىلەر ئارقىلىق شۇنىڭغا يەنىمۇ چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى ، بىر جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ، تېخىمۇ چوڭ كۈچ بىلەن ئۇنى ئىتتىرىشىمىز كېرەك . خۇلاسە تەبىئىيلا مۇنداق بولىدىغاندەك : بىر جىسىمغا بولغان تەسىر قانچە كۈچلۈك بولسا ، ئۇنىڭ تېزلىكى شۇنچە چوڭ بولىدۇ . تۆت ئات قوشۇلغان ھارۋىنىڭ تېزلىكى ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋىنىڭ تېزلىكىدىن چوڭ بولىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، بىۋاسىتە سېزىم بىزگە سۈرئەت ئاساسلىقى تەسىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى .

……

گالىلېينىڭ بايقىشى ۋە ئۇ قوللانغان ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى ئىنسانىيەت تەپەككۇرى تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ ، شۇنداقلا بۇ ، فىزىكا ئىلمىنىڭ ھەقىقىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . بۇ

Scanned by CamScanner

بۇلۇۋەرمەيدۇ ، چۈنكى ئۇلار بەزىدە خاتا يولغا باشلاپ قويىدۇ . ئىسپاتلاش ئىنتايىن مۇھىم . ئەمما بىۋاسىتە سېزىمنىڭ خاتالىقى نەدە ؟ ئەجەبا تۆت ئات قوشۇلغان هارۋىنىڭ ئىككى ئات قوشۇلغان هارۋىغا قارىغاندا تېز ماڭىدىغانلىقى خاتا بولامدۇ ؟

……

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىچىك هارۋىنى تۈز يولدا ئىتتىرىپ مېڭىپ كېتىۋېتىپ ، تۇساتتىن بۇ هارۋىنى ئىتتىرىشتىن توختاتسا ، هارۋا دەرهال توختىماستىن ، يەنە داۋاملىق قىسقا بىر بۆلەك ئارىلىقتا هەرىكەت قىلىپ بارىدۇ . مۇنداق سوراپ باقايلى : قانداق قىلغاندا بۇ بىر بۆلەك ئارىلىقنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ ؟ بۇنىڭغا نىسبەتەن كۆپ خىل ئۇسۇل بار . مەسىلەن ، هارۋا چاقىنى مايلاش ، يولنى سىلىق ياساش قاتارلىقلار . هارۋا چاقىنىڭ ئايلىنىشى قانچە ئاسانلاشسا ، يول قانچە تۈز هەم سىلىق بولسا ، هارۋىنىڭ ئۈزلۈكسىز هەرىكەت قىلىپ بېرىش ئارىلىقى شۇنچە يىراق بولىدۇ . ئىتتىرىش كۈچى يوقالغاندىن كېيىن هارۋا چاقىنى مايلاش ۋە يولنى تۈز هەم سىلىق قىلىپ ياساشنىڭ نېمە رولى بار ؟ پەقەتلا سىرتنىڭ تەسىرىنى كىچىكلىتىشتىن ئىبارەت بىر خىل رولى بار ، يەنى هارۋا چاقى ئىچىدىكى ۋە چاق بىلەن يول ئارىسىدىكى ئاتالمىش ئاشۇ خىل سۈركىلىش كۈچى كىچىكلەيدۇ … ئەگەر يول مۇتلەق سىلىق ، هارۋا چاقىنىڭ ئازراقمۇ سۈركىلىشى يوق دەپ پەرەز قىلىنسا ، ئۇ هالدا هېچقانداق نەرسە هارۋىنى توسۇپ قالالمايدۇ-دە ، هارۋا مەڭگۈ هەرىكەت قىلىۋېرىدۇ . بۇ خۇلاسە ئىدېئال تەجرىبىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ، ئەمما بۇ تەجرىبىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلەش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ، چۈنكى بارلىق سىرتنىڭ تەسىرىنى يوقىتىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس . بۇ ئىدېئال تەجرىبە هەرىكەتنىڭ مېخانىكا ئاساسىنى هەقىقىي تىكلەشنىڭ يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بەردى .

بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن بولغان ئىككى خىل ئۇسۇلنى سېلىشتۇرۇپ چىقساق ، بىۋاسىتە سېزىمغا ئاساسلىنىش ئۇقتىسىنەزەر بويىچە تەسىر قانچە چوڭ بولسا ، تېزلىك شۇنچە چوڭ بولىدۇ ، شۇڭلاشقا تېزلىكنىڭ ئۆزى جىسىمغا سىرتقى كۈچنىڭ تەسىر قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ، دەپ ئېيتالايمىز . گاللىيې بايقىغان يېڭى يىپ ئۇچى مۇنداق : ئەگەر بىر جىسىمنى باشقىلار ئىتتەرمىسە ، تارتمىسا ، شۇنداقلا بىرەرى باشقا ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىسا ياكى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ، ئەگەر ئۇنىڭغا سىرتقى كۈچ تەسىر قىلمىسا ، بۇ جىسىم تەكشى هەرىكەت قىلىدۇ ، يەنى تۈز سىزىق بويلاپ ئوخشاش تېزلىكتە مەڭگۈ هەرىكەت قىلىۋېرىدۇ . شۇڭا تېزلىكنىڭ ئۆزى جىسىمغا سىرتقى كۈچنىڭ تەسىر قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ . گاللىيېنىڭ بۇ توغرا خۇلاسىسى بىر ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىنكى نيۇتون تەرىپىدىن ئىنېرتسىيە قانۇنى قىلىپ يېزىپ چىقىلدى .

……

ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرى ئۇدا ئۆزگىرىۋاتقان بىر ئالەم مەنزىرىسىنى يارىتتى . گاللىيېنىڭ ئىلىم-پەنگە بولغان تۆهپىسى بىۋاسىتە سېزىم ئۇقتىسىنەزىرىنى يوقىتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ئۇقتىسىنەزەرنى تىكلىگەنلىكىدە . مانا بۇ گاللىيېنىڭ بايقىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەهمىيىتى .

—— A • ئېينىشتېين ، L • ئىنفېلد بىرلىكتە يازغان : «فىزىكىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى»دىن ئېلىندى . بۇ يەردىكى ماۋزۇ تۈزگۈچى تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان .

## 1 ـ مەشىق

(1) تېپىپ چىقىرىلغان مۇز پارچىسى 2m/s تېزلىكتە قارشىلىق كۈچىنى ئېتىبارغا ئالمىسىمۇ بولىدىغان گورىزونتال مۇز ئۈستىدە سىيرىلغان بولسا ، بۇ چاغدا مۇز پارچىسى ئالدىغا قارىتا بولغان كۈچ تەسىرىگە ئۇچرامدۇ ؟ 5s تىن كېيىن ئۇنىڭ تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ ؟

(2) تۈز تۈمۈر يولدا تەكشى تېزلىكتە كېتىۋاتقان پويىز ۋاگونىدىكى گورىزونتال ئۈستەل يۈزىگە بىر شارچە قويۇلغان . ئەگەر پويىز تۇيۇقسىزلا تېزلىنىش قىلسا ، ۋاگوندا ئولتۇرغان كىشىلەر شارچىنىڭ هەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆرەمدۇ ؟ ئەگەر هەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆرسە ، شارچە قايسى يۆنىلىشكە قارىتا هەرىكەت قىلىدۇ ؟ پويىز تېزلىكى تۇيۇقسىز كېمەيگەن چاغدا ، يەنە قانداق هادىسىنى كۆرەلەيدۇ ؟

(3) تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ :

① تەنهەرىكەتچى يۈگۈرۈپ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن دەرهال توختىيالماستىن ، يەنە مەلۇم ئارىلىقچە يۈگۈرۈپ بارىدۇ ؟

② ۋېلسىپىت جىددىي تورمۇزلانغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ چاقى ئايلانمىسىمۇ ، ۋېلسىپىت نېمە ئۈچۈن ئالدىغا قارىتا تېيىلىدۇ ؟

Scanned by CamScanner

③ بولقا بوشاپ قالغاندا ، بولقىنى دۈم قىلىپ بولقا سېپىنىڭ ئۇچىنى تاشقا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇپ قويغاندا ، نېمە ئۈچۈن بولقىنىڭ بېشى چىڭىپ قالىدۇ ؟

④ يەر شارى غەربتىن شەرققە قارىتا ئايلىنىدۇ ، ئۇنداق بولسا بىز يۇقىرىغا سەكرىگەندىن كېيىن ، نېمە ئۈچۈن ئەسلى ئورنىمىزنىڭ غەرب تەرىپىگە چۈشمەستىن ، يەنىلا ئەسلى ئورنىمىزغا چۈشىمىز ؟

(4) دۆلىتىمىزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش تارماقلىرى 1993-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ، ھەرخىل كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىللارنىڭ ئالدىنقى رېتىدە ئولتۇرغان ئادەملەر (شوپۇرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) چوقۇم بىخەتەرلىك تاسمىسى تاقاش كېرەك دەپ بەلگىلىمە چىقاردى . نېمە ئۈچۈن بۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىلىدۇ ؟ فىزىكا نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ خۇسۇسىيەت جەھەتتىن چۈشەندۈرۈڭ .

(5) ئىنېرتسىيىدىن پايدىلىنىش ۋە ئىنېرتسىيىنىڭ پايدىسىز تەسىرىدىن ساقلىنىش ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم بىر نەچچە ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈڭ . سىز ئىنېرتسىيىنى مەلۇم بىر ئەمەلىي مەسىلىگە قوللىنالامسىز ؟

## § 2 . جىسىملارنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

**كۈچ بولسا جىسىمدا تېزلىنىش ھاسىل قىلىدىغان سەۋەب** ئەگەر بىر جىسىمنىڭ تېزلىكى بىلەن يۆنىلىشى ئۆزگەرمىسە ، بۇ جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتى ئۆزگەرمىدى دەيمىز . ئەگەر بۇ جىسىمنىڭ تېزلىكى ئۆزگەرسە ، يەنى تېزلىكىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە (ياكى ) يۆنىلىشى ئۆزگەرسە ، بۇ جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتى ئۆزگەردى دەيمىز .

نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى بىزگە شۇنى ئېيتىپ بەردىكى ، ئەگەر جىسىم سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىسا ، جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتى ئۆزگەرمەيدۇ . بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى ، ئەگەر جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولغان بولسا ، چوقۇم جىسىمغا كۈچ تەسىر قىلغان بولىدۇ .

پويىز ئىستانسىدىن چىققاندا ، پاراۋوزنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە تىنچ ھالەتتىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ ھەم تېزلىكى ئۈزلۈكسىز چوڭىيىپ بارىدۇ ؛ پويىز ئىستانسىغا كىرگەندە ، قارشىلىق كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، تېزلىكى ئۈزلۈكسىز كىچىكلەپ ، ئەڭ ئاخىر توختاپ قالىدۇ . ئېتىپ چىقىرىلغان گرانات ، ئېتىپ چىقىرىلغان توپ ئوقى قاتارلىقلار ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقتىن ، تېزلىكلىرى ۋە يۆنىلىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ ، ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ . دېمەك ، جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولىدۇ ، كۈچ بولسا جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ئۆزگەرتىدىغان سەۋەب .

جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولغاندا ، جىسىم تېزلىنىشقا ئىگە بولىدۇ ، شۇڭا كۈچ بولسا جىسىمدا تېزلىنىش ھاسىل قىلىدىغان سەۋەب .

**ماسسا جىسىم ئىنېرتسىيىسى چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ ئۆلچىمى** جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى يەنە جىسىمنىڭ ماسسىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بىر يۈكسىز ھارۋا بىلەن يەنە بىر لىق يۈك بېسىلغان ھارۋا ئوخشاش تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە تىنچ ھالەتتىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغاندا ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ھالەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ . يۈكسىز ھارۋىنىڭ ماسسىسى كىچىك بولغاچقا ، قىسقىراق ۋاقىت ئىچىدىلا مەلۇم بىر تېزلىككە يېتەلەيدۇ ، ھاسىل قىلغان تېزلىنىشى چوڭ بولىدۇ ، يەنى ھەرىكەت ھالىتى ئاسان ئۆزگىرىدۇ . لىق يۈك بېسىلغان ھارۋىنىڭ ماسسىسى چوڭ بولغاچقا ، ئۇزاقراق ۋاقىت ئىچىدىلا ئاندىن ئوخشاش تېزلىككە يېتەلەيدۇ ، ھاسىل قىلغان تېزلىنىشى كىچىك بولىدۇ ، يەنى ھەرىكەت ھالىتى تەستە ئۆزگىرىدۇ .

ماسسىسى كىچىك جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاسان بولغاچقا ، بىز ئۇنىڭ ئىنېرتسىيىسىنى كىچىك دەيمىز . ماسسىسى چوڭ جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى تەس بولغاچقا ، بىز ئۇنىڭ ئىنېرتسىيىسىنى چوڭ دەيمىز . دېمەك ، ماسسا بولسا جىسىم ئىنېرتسىيىسى چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ ئۆلچىمى .

ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىنېرتسىيىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى دائىم ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ . جىسىم-



Scanned by CamScanner




3.4-رەسىم. قىرغۇچى ئايروپىلاننىڭ جەڭگە كىرىشتىن ئىلگىرى قوشۇمچە ماي ساندۇقىنى تاشلىۋېتىشى

نىڭ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئاسان ئۆزگىرىدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنغاندا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جىسىمنىڭ ماسسىسىنى كىچىكلىتىش كېرەك. قىرغۇچى ئايروپىلاننىڭ ماسسىسى توشۇغۇچى ئايروپىلان، بومباردىمانچى ئايروپىلانلاردىن كۆپ كىچىك بولىدۇ، جەڭگە كىرىشتىن ئىلگىرى يەنە قوشۇمچە ماي ساندۇقىنى تاشلىۋېتىدۇ (3.4-رەسىم)، بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب ئۇنىڭ ماسسىسىنى يەنىمۇ كىچىكلىتىپ، جەڭ قىلىش جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەكسىچە، جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنغاندا، جىسىمنىڭ ماسسىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاشۇرۇش كېرەك. ئېلېكتر دىنامىكىلىق سۇ تارتىش پونكىتىدىكى ئېلېكترماتور بىلەن سۇ پومپىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر تەگلىككە ئورنىتىلىشىمۇ، ئۇلارنىڭ ماسسىسىنى چوڭايتىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ تەۋرىنىشىنى كېمەيتىش ياكى تويۇقسىز ئورۇلۇش تۈپەيلىدىن يۆتكىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر.

## § 3. نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى

### تېزلىنىش بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتى

كۈچ تېزلىنىشنى ھاسىل قىلىدىغان سەۋەب بولىدىكەن، ئۇ ھالدا تېزلىنىش بىلەن كۈچنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

**تەجرىبە**






3.5-رەسىم. نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىنى تەتقىق قىلىش تەجرىبە قورالىسى

ماسسىلىرى ئوخشاش بولغان ئىككى كىچىك ھارۋىنى سىلىق گورىزونتال تاختا ئۈستىگە قويىمىز (3.5-رەسىم). كىچىك ھارۋىلارنىڭ ئۇچىغا بىردىن يىپ باغلاپ، يىپلارنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى قوزغالماس غالتەكلەردىن ئارتىلدۇرۇپ، بىردىن تەخسە ئېسىپ، تەخسىلەرگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا سانى تەڭ بولمىغان گىر تاشلىرىنى سېلىش ئارقىلىق، ئىككى كىچىك ھارۋىنى ئوخشىمىغان تارتىش كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدە تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلدۇرىمىز. كىچىك ھارۋا ئۇچرىغان گورىزونتال تارتىش كۈچى $F$ نى گىر تاشلىرى (تەخسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ[①] دەپ قاراشقا بولىدۇ، كىچىك ھارۋىلارنىڭ كەينى ئۇچىغىمۇ ئايرىم-ئايرىم يىپ باغلاپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كىچىك ھارۋىنى كونترول قىلىپ، ئۇلارنى بىرلا ۋاقىتتىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە ھەرىكەتتىن توختايدىغان قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى تال يىپنى بىر قىسقۇچ بىلەن قىسىپ قويىمىز.

بۇ بىر قورالدىن پايدىلىنىپ، ماسسىلىرى تەڭ ئىككى كىچىك ھارۋىنىڭ ئوخشىمىغان تۇراقلىق تارتىش كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدىكى تېزلىنىشلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىمىز. ئوقۇغۇچىلار تەجرىبىسى Ⅳ دىن كىچىك ھارۋىلارنىڭ تۇراقلىق كۈچ تەسىرىدە تۈز سىزىقلىق تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. قىسقۇچنى ئېچىپ، ئىككى كىچىك ھارۋىنى بىرلا ۋاقىتتا تىنچ ھالەتتىن باشلاپ ھەرىكەت قىلدۇرىمىز. كىچىك ھارۋىلار بىر بۆلەك ئارىلىق ماڭغاندىن كېيىن، قىسقۇچنى قىسىپ، ئۇلارنى بىرلا ۋاقىتتا توختىتىمىز. قىسقۇچنى ئاچقان ۋە قىسقان مۇشۇ بىر بۆلەك ۋاقىت ئىچىدە، ئىككى ھارۋىنىڭ يۆتكىلىشلىرى ئوخشاش بولماي قالىدۇ، يەنى ئۇچرىغان تارتىش كۈچى چوڭ بولغان ئاشۇ كىچىك ھارۋىنىڭ يۆتكىلىشى چوڭ بولىدۇ. فورمۇلا

① كىچىك ھارۋىغا سېلىشتۇرغاندا گىر تېشىنىڭ ماسسىسى نىسبەتەن كىچىك بولىدۇ، يىپنىڭ كىچىك ھارۋىنى تارتىش كۈچىنى تەقرىبىي ھالدا گىر تېشى ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ دەپ قاراشقا بولىدۇ.



Scanned by CamScanner

$s=\frac{1}{2}at^2$ تىن بىلىشكە بولىدۇكى، ۋاقىت $t$ ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا، يۆتكىلىش $s$ بىلەن تېزلىنىش $a$ ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، كىچىك ھارۋىلارنىڭ يۆتكىلىشلىرى $s$ لارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تېزلىنىشلىرى $a$ لارنى سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. تەجرىبە نەتىجىسى كىچىك ھارۋىلارنىڭ يۆتكىلىشلىرى ئۇلار ئۇچرىغان تارتىش كۈچلىرى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ، كىچىك ھارۋىلارنىڭ تېزلىنىشلىرى ئۇلار ئۇچرىغان تارتىش كۈچلىرى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەتقىق قىلىشلار شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى : ماسسىلىرى ئوخشاش بولغان جىسىملارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، جىسىملارنىڭ تېزلىنىشى ئۇلارغا تەسىر قىلغان كۈچكە ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ . ماتېماتىكىلىق فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلىسەك تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ :

$$\frac{a_1}{a_2}=\frac{F_1}{F_2}$$

ياكى

$$a\propto F$$

بۇ خۇلاسە بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، جىسىمنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى تېزلىك ئۆزگىرىشىنى چوڭ قىلىش ، يەنى تېزلىنىشىنى چوڭ قىلىش ئۈچۈن ، ناھايىتى چوڭ تەسىر كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك . مەسىلەن ، مۇسابىقىلىشىشتە ئىشلىتىلىدىغان پىكاپنىڭ قوزغالغاندىن كېيىنكى نەچچە سېكۇنت ئىچىدە تېزلىكىنى نۆلدىن 60m/s تىن ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ ، چوڭ تارتىش كۈچى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ، بۇنداق پىكاپلارغا قۇۋۋىتى ناھايىتى چوڭ ماتورلار قۇراشتۇرۇلغان بولىدۇ . چوڭ تىپتىكى رېئاكتىپ يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ قوزغىتىلغاندىن كېيىنكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېزلىكى 900km/h～800km/h قا يېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ ، بۇنداق ئايروپىلانلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشتىكى ئىتتىرىش كۈچى نەچچە يۈز مىڭ نيۇتونغا يېتىشى كېرەك .

**تېزلىنىش بىلەن ماسسىنىڭ مۇناسىۋىتى** جىسىم ئۇچرىغان كۈچ مۇقىم بولغاندا ، تېزلىنىش بىلەن ماسسا ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار بولىدۇ ؟

**تەجرىبە**

يەنىلا يۇقىرىقى تەجرىبە قۇرۇلمىسىدىن پايدىلىنىمىز. بۇ قېتىم ئىككى تەخسىگە ئوخشاش ساندا گىر تاشلىرىنى سېلىپ، ئىككى كىچىك ھارۋا ئۇچرايدىغان تارتىش كۈچلىرىنى ئوخشاش قىلىمىز، بىر كىچىك ھارۋىنىڭ ئۈستىگە گىر تېشىنى قويۇپ، ئۇنىڭ ماسسىسىنى چوڭايتىمىز، ئاندىن تەجرىبىنى قايتا ئىشلىسەك ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە ماسسىسى كىچىك بولغان ئاشۇ ھارۋىنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئاخىرىدا يۆتكىلىش ۋە ماسسىلىرىنى ئۆلچەپ چىقساق، كىچىك ھارۋىلارنىڭ يۆتكىلىشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ماسسىلىرىنىڭ تەتۈر تاناسىپ بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ، كىچىك ھارۋىلارنىڭ تېزلىنىشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ماسسىلىرىنىڭ تەتۈر تاناسىپ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى : ئوخشاش كۈچنىڭ تەسىرىدە ، جىسىمنىڭ تېزلىنىشى جىسىمنىڭ ماسسىسىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ . ماتېماتىكىلىق فورمۇلا بىلەن ئىپادىلىسەك تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ :

$$\frac{a_1}{a_2}=\frac{m_2}{m_1}$$

ياكى

$$a\propto\frac{1}{m}$$

**نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى** يۇقىرىدىكى نەتىجىلەرنى خۇلاسىلەپ ، كۈچ ، ماسسا ۋە تېزلىنىش

ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىمىز : جىسىمنىڭ تېزلىنىشى تەسىر قىلغۇچى كۈچكە ئوڭ تاناسىپ ، جىسىمنىڭ ماسسىسىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ . مانا بۇ نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىدۇر .

تېزلىنىش بىلەن كۈچ ئوخشاشلا ۋېكتور بولۇپ ، ئۇلار يۆنىلىشكە ئىگە . نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى تېزلىنىش بىلەن كۈچنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بەلگىلەپ (ئېنىقلاپ)لا قالماستىن ، يەنە ئۇلارنىڭ يۆنىلىشلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ بەلگىلەيدۇ ، يەنى تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشى بۇ تېزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كۈچنىڭ يۆنىلىشىگە ئوخشاش بولىدۇ .

نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىنىمۇ ماتېماتىكىلىق فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ ، يەنى

$$a\propto\frac{F}{m}$$

ياكى

$$F\propto ma$$

يۇقىرىقى فورمۇلىنى ئۆزگەرتىپ تەڭلىك $F=kma$ قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ . فورمۇلىدىكى $k$ تاناسىپ تۇراقلىقى . ئەگەر فورمۇلىدىكى فىزىكىلىق مىقدارلار ئۈچۈن مۇۋاپىق بىرلىكلەرنى تاللاپ ، $k=1$ قىلىنسا ، فورمۇلىنى ئاددىيلاشتۇرغىلى بولىدۇ . بىز يۇقىرىدا خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا كۈچنىڭ بىرلىكى نيۇتون ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق . ئەمەلىيەتتە نيۇتوندىن ئىبارەت بۇ بىرلىككە نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىغا ئاساسەن مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن : ماسسىسى 1kg بولغان جىسىمدا $1m/s^2$ تېزلىنىش ھاسىل قىلىدىغان كۈچ 1N دەپ ئاتىلىدۇ ، يەنى

$$1N=1kg.\,m/s^2$$

دېمەك ، ئەگەر ھەممىسى ئۈچۈن خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدىكى بىرلىكلەر ئىشلىتىلسە ، $k=1$ قىلىپ ، يۇقىرىقى فورمۇلىنى تۆۋەندىكىدەك ئاددىيلاشتۇرغىلى بولىدۇ :

$$F=ma$$

مانا بۇ نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىنىڭ فورمۇلىسى .

يۇقىرىدا سۆزلەنگىنى جىسىم بىرلا كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىكى ئەھۋال . جىسىم بىرنەچچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا ، نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى فورمۇلىسىدىكى $F$ يىغىندى كۈچنى ئىپادىلەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق بايان قىلىمىز : **جىسىمنىڭ تېزلىنىشى جىسىم ئۇچرىغان يىغىندى كۈچكە ئوڭ تاناسىپ ، جىسىمنىڭ ماسسىسىغا تەتۈر تاناسىپ بولۇپ ، تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشى يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ .** فورمۇلا قىلىپ يازساق تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ :

$$F_{يىغىندى}=ma$$

نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى : پەقەت جىسىم كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىلا تېزلىنىشقا ئىگە بولىدۇ . كۈچ تۇراقلىق بولۇپ ئۆزگەرمىسە ، تېزلىنىشمۇ تۇراقلىق بولۇپ ئۆزگەرمەيدۇ ، كۈچ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگەرسە ، تېزلىنىشمۇ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ . مەلۇم بىر پەيتتە كۈچ تەسىرى توختىتىلسا ، تېزلىنىش دەرھال يوقايدۇ ، ئەمما جىسىم ئىنېرتسىيىگە ئىگە بولغانلىقتىن ، شۇ پەيتتىكى ھەرىكەت ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي ساقلايدۇ .

**【مىسال】** ماسسىسى 2kg بولغان بىر جىسىم ئۆزئارا 120° بولۇڭ ھاسىل قىلغان $F_1$ ۋە $F_2$ دىن ئىبارەت ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ ئىككى كۈچنىڭ ھەر بىرى 10N دىن بولسا، بۇ جىسىمنىڭ ھاسىل قىلغان تېزلىنىشى قانچىلىك؟

**تەھلىل** ئالدى بىلەن يىغىندى كۈچ $F_{يىغىندى}$ نى تېپىش كېرەك. يىغىندى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى گرافىك سىزىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تېپىشقا، شۇنداقلا ھېسابلاپ چىقىرىشقىمۇ بولىدۇ. ئاندىن كېيىن، نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىدىن پايدىلىنىپ تېزلىنىشنى تاپساق بولىدۇ.

Scanned by CamScanner

$F_2$ نىڭ ئارا بۆلۈكىنىڭ تەڭ بۆلگۈچى سىزىقىدا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$ تەڭ بولغاچقا، سىممېترىكلىكتىن بىلىش مۇمكىنكى، يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشى كۈچ $F_1$ ياكى $F_2$ گە ئېغىشمايدۇ، يىغىندى كۈچنىڭ تەسىر قىلىش سىزىقى كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$ نىڭ ئارا بۆلۈكىنىڭ تەڭ بۆلگۈچى سىزىقىدا بولۇشى كېرەك. بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە گرافىك سىزىپ، پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ دىئاگونالىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەپ چىقساق، يىغىندى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى تاپالايمىز. تۆۋەندە ھېسابلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يىغىندى كۈچنى تېپىپ چىقىمىز.




6.3-رەسىم

يېشىش 6.3-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، تەكشىلىكتىكى كوئوردىنات سىستېمىسىنى سىزىپ، كۈچ $F_1$ بىلەن $F_2$ نى $x$ ئوق ۋە $y$ ئوق يۆنىلىشلىرى بويىچە ئاجرىتىمىز. $F_1$ نىڭ ئىككى تارماق كۈچى $F_{1x}=F_1\cos60°$، $F_{1y}=F_1\sin60°$ بولىدۇ. $F_2$ نىڭ ئىككى تارماق كۈچى $F_{2x}=F_2\cos60°$، $F_{2y}=F_2\sin60°$ بولىدۇ. $F_{1y}$ بىلەن $F_{2y}$ ئۆزئارا تەڭ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولۇپ، ئۆزئارا تەڭپۇڭلىشىدۇ. $F_{1x}$ بىلەن $F_{2x}$ نىڭ يۆنىلىشلىرى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىغىندى كۈچى $F_1$ بىلەن $F_2$ نىڭ يىغىندى كۈچىگە تەڭ بولىدۇ، يەنى

$$F_{\text{يىغىندى}}=F_{1x}+F_{2x}=F_1\cos60°+F_2\cos60°=5N+5N=10N$$

يىغىندى كۈچ $F_{\text{يىغىندى}}$ ۋە ماسسا $m$ لار بېرىلگەن، نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى فورمۇلىسى $F_{\text{يىغىندى}}=ma$ غا ئاساسەن تېزلىنىشنى تېپىشقا بولىدۇ، يەنى

$$a=\frac{F_{\text{يىغىندى}}}{m}=\frac{10N}{2kg}=5m/s^2$$

## 2-مەشىق

(1) نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىدىن مەلۇمكى، ھەرقانداق كىچىك كۈچمۇ جىسىمدا تېزلىنىش ھاسىل قىلالايدۇ، لېكىن بىز كۈچەپ ئېغىر بىر ساندۇقنى كۆتۈرگىنىمىزدە، ئۇنى ئورنىدىن قوزغىتالمايمىز. بۇ، نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىغا زىت كېلەمدۇ-يوق؟ نېمە ئۈچۈن؟

(2) بىرقانچە جىسىم ئوخشاش كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، ئەگەر مەلۇم جىسىمنىڭ تېزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاستا بولسا، بىز ئۇنىڭ ئىنېرتسىيىسى چوڭراق دەپ ئېيتالايمىز؛ تېزلىكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئوخشاش بولغاندا، ئەگەر مەلۇم جىسىمغا تەسىر قىلىشقا تېگىشلىك كۈچ چوڭراق بولسا، بىز بۇنىڭمۇ ئىنېرتسىيىسى چوڭراق دەپ ئېيتالايمىز. ئەمدى نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىدىن پايدىلىنىپ، ماسسا بولسا جىسىم ئىنېرتسىيىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ.

(3) بىر جىسىم $F_1=4N$ بولغان كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، $a_1=2m/s^2$ تېزلىنىش ھاسىل قىلغان بولسا، بۇ جىسىمدا $a_2=3m/s^2$ تېزلىنىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قانچىلىك كۈچ چۈشۈرۈش كېرەك؟

(4) تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان $A$ ۋە $B$ دىن ئىبارەت ئىككى كىچىك هارۋىغا ئوخشاش كۈچ تەسىر قىلغاندا، $A$ هارۋىدا ھاسىل بولغان تېزلىنىش $4.5m/s^2$ بولسا، $A$ هارۋىنىڭ ماسسىسى $B$ هارۋا ماسسىسىنىڭ نەچچە ھەسسىسى بولىدۇ؟ $B$ هارۋىدا ھاسىل بولغان تېزلىنىش $1.5m/s^2$، $B$ هارۋىنىڭ ماسسىسى $A$ هارۋا ماسسىسىنىڭ نەچچە ھەسسىسى بولىدۇ؟

(5) بىر ئايروپىلان كۆتۈرۈلۈشتە كۆتۈرۈلۈش (ئۇچۇش) يولىدا تېزلىنىشچان سىيرىلىپ ماڭغان. ئايروپىلاننىڭ ماسسىسى 10t، ئۇچۇرىغان يىغىندى كۈچى $2.0\times10^3N$ ئىكەنلىكى بېرىلگەن بولسا، بۇ ئايروپىلاننىڭ تېزلىنىشى قانچىلىك؟

(6) ئەگەر جىسىمنىڭ ئېغىرلىقىنى $G$ بىلەن، ماسسىسىنى $m$ بىلەن، ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشىنى $g$ بىلەن ئىپادىلىسەك، نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىغا ئاساسەن $G=mg$ بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ فورمۇلىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگىنىپ ئۆتكەن ئىدۇق، ئەينى چاغدا ئېغىرلىق $G$ بىلەن ماسسا $m$ نىڭ نىسبەت قىممىتىنى $g$ ئارقىلىق

ئىپادىلىگەن ھەم $g$نىڭ قىممىتىنى 9.8N/kg دەپ ئالغان ئىدۇق . ھازىر بىزگە مەلۇمكى ، $g$ ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىش
ئىپادىلەيدۇ ، پەقەت ئادەتتىكى ھېسابلاشلاردا 9.8N/kg $g=9.8m/s^2=$ دەپ ئېلىنىدۇ . ھەرقايسى جايلاردىكى $g$ نى
قىممىتىدە ئازراق پەرق بولىدىغانلىقتىن ، ئوخشاش ماسسىغا ئىگە جىسىمنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئېغىرلىقىدىمۇ ئازراق
پەرق بولىدۇ .

بېيجىڭ رايونىدىكى ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشى $g=9.801m/s^2$ ، گۇاڭجۇ رايونىدىكى ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىش
$g=9.788m/s^2$ . ئۇنداق بولسا ، ماسسىسى 1kg بولغان جىسىمنىڭ بېيجىڭ ۋە گۇاڭجۇدىكى ئېغىرلىقى ئايرىم-ئايرى
ھالدا قانچە نيۇتوندىن بولىدۇ ؟

(7) ماسسىسى 2kg بولغان جىسىم ئۆزئارا °90 بولۇڭ ھاسىل قىلغان ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان .
ئىككى كۈچنىڭ ھەر ئىككىسى 14N دىن بولسا ، بۇ جىسىمنىڭ ھاسىل قىلغان تېزلىنىشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى
يۆنىلىشى قانداق بولىدۇ ؟

(8) يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ يۈكسىز چاغدىكى ماسسىسى $m=4000kg$ بولۇپ ، $a_1=0.3m/s^2$ تېزلىنىشتە قوزغىلالا
دۇ . ئەگەر ئاپتوموبىل ئۇچرايدىغان يېغىندى كۈچ ئۆزگەرمەيدۇ دەپ پەرەز قىلىنسا ، ئۇنىڭغا بېسىلغان يۈكنىڭ ماسسى
قانچىلىك بولغاندا ، قوزغىلىش تېزلىنىشى ئۆزگىرىپ $a_2=0.2m/s^2$ بولىدۇ ؟

## § 4 . نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنى

**كۈچ بولسا جىسىملار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىردىن ئىبارەت** كۈچ بولسا جىسىمنىڭ جىسىم
بولغان تەسىرىدىن ئىبارەت بولۇپ ، كۈچ ھاسىل بولسىلا ، چوقۇم كۈچكە ئۇچرىغۇچى جىسىم بىلەن كۈچ
چۈشۈرگۈچى جىسىم بولىدۇ .

قول بىلەن پۇرژىنىنى تارتقاندا ، پۇرژىنا قولنىڭ تارتىش كۈچىگە ئۇچرايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا پۇرژىنا دېفورماتسىيىلىنىپ ، قولمۇ پۇرژىنىنىڭ تارتىش كۈچىگە ئۇچرايدۇ . ئورۇندۇقتا ئولتۇ
رۇپ ئۈستەلنى كۈچەپ ئىتتەرسەك ، ئۈستەلمۇ بىزنى ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى ، بەدىنىمىزنىڭ كەينىگە سۈرۈ
لۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز . تىنچ تۇرغان كۆلدىكى بىر قېيىقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئىككىنچى بىر
قېيىقنى ئىتتەرسىڭىز ، ئىككىنچى بىر قېيىقمۇ بىرىنچى قېيىقنى ئىتتىرىدۇ-دە ، ئىككى قېيىق تەڭ
قارىمۇقارشى يۆنىلىشكە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ (3 .7-رەسىم) . سۇ يۈزىگە ئىككى پۇرۇپكىنى قويۇپ،
بىر پۇرۇپكىنىڭ ئۈستىگە بىر كىچىك ماگنىتنى ، يەنە بىر پۇرۇپكىنىڭ ئۈستىگە كىچىك بىر پارچ
تۆمۈرنى قويساق (3 .8-رەسىم) ، كىچىك ماگنىت بىلەن تۆمۈر پارچىسى ئۆزئارا تارتىشقانلىقتىن ، ئىككى
پۇرۇپكا بىر-بىرىگە قاراپ ھەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز . يەر شارى بىلەن يەر يۈزىدىكى جىسىملا
ئارىسىدىكى تەسىرمۇ ئۆزئارا بولىدۇ ، يەر يۈزىدىكى جىسىملار يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىر
(ئېغىرلىق كۈچى) گە ئۇچرايدۇ ، يەر شارىمۇ يەر يۈزىدىكى جىسىملارنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىگ
ئۇچرايدۇ .



8.3-رەسىم



7.3-رەسىم

كۆزىتىش ۋە تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى ، ئىككى جىسىم ئارىسىدىكى تەسىر ھامان ئۆزئار
بولىدۇ . بىر جىسىم ئىككىنچى بىر جىسىمغا كۈچ تەسىرى چۈشۈرگەندە ، كېيىنكى بىر جىسىم چوقۇ
بىرلا ۋاقىتتا ئالدىنقى بىر جىسىمغا كۈچ تەسىرى چۈشۈرىدۇ ، كۈچ بولسا جىسىم بىلەن جىسىم ئارىسىدىك
ئۆزئارا تەسىردىن ئىبارەت . جىسىملار ئارىسىدا ئۆزئارا تەسىر قىلىشىدىغان بۇ بىر جۈپ كۈچ ئادەت



Scanned by CamScanner

تەسىر كۈچ ۋە ئەكس تەسىر كۈچ دەپ ئاتىلىدۇ . بىز بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كۈچنى تەسىر كۈچ ، يەنە بىر كۈچنى ئەكس تەسىر كۈچ دەپ ئاتايمىز .

**نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنى** تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچ ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار ؟

**تەجرىبە**

ئىككى پرۇژىنىلىق تارازا $A$ بىلەن $B$ نى بىر-بىرىگە ئۇلاپ (9.3-رەسىم)، پرۇژىنىلىق تارازا $A$ نى قولىمىز بىلەن تارتساق، ئىككى پرۇژىنىلىق تارازا ئىسترېلكىلىرىنىڭ تەڭلا سۈرۈلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. پرۇژىنىلىق تارازا $B$ نىڭ كۆرسەتكەن سانى پرۇژىنىلىق تارازا $A$ نىڭ ئۈنىڭغا بولغان تەسىر كۈچى $F$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كۆرسىتىدۇ، پرۇژىنىلىق تارازا $A$ نىڭ كۆرسەتكەن سانى پرۇژىنىلىق تارازا $B$ نىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەكس تەسىر كۈچى $F'$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئىككى پرۇژىنىلىق تارازىنىڭ كۆرسەتكەن سانلىرىنىڭ ئۆزئارا تەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. قولىمىزنىڭ پرۇژىنىلىق تارازىنى تارتىش كۈچىنى ئۆزگەرتسەك، پرۇژىنىلىق تارازىلارنىڭ كۆرسەتكەن سانلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ، لېكىن ئىككى پرۇژىنىلىق تارازىنىڭ كۆرسەتكەن سانلىرى ھامان ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزئارا تەڭ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولىدۇ.



9.3-رەسىم

تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى ، **ئىككى جىسىم ئارىسىدىكى تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچنىڭ ھامان چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزئارا تەڭ ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇ قارشى بولۇپ ، ئۇلار بىر تۈز سىزىقتا تەسىر قىلىشىدۇ** .مانا بۇ **نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنىدۇر**.

نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنى تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ . كىشىلەر يول يۈرگەندە پۇتى بىلەن يەرنى بېسىپ ، يەر يۈزىگە بىر تەسىر كۈچ بېرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرمۇ پۇتقا بىر ئەكس تەسىر كۈچ بېرىپ ، كىشىلەرنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ . پاراخوتنىڭ پروپېللېرى (پىرقىرىغۇچى ) ئايلانغاندا ، سۇنى كۈچەپ ئارقىغا ئىتتىرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سۇمۇ پروپېللېرغا بىر ئەكس تەسىر كۈچ بېرىپ ، پاراخوتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ . ئاپتوموبىل ماتورى ئاپتوموبىلنىڭ كەينى چاقلىرىنى ئايلاندۇرىدۇ ، چاقلار بىلەن يەر يۈزى ئارىسىدىكى سۈركىلىش تۈپەيلىدىن ، چاقلار يەر يۈزىنى كەينىگە قارىتا ئىتتىرىدۇ ، يەر يۈزى چاقلارغا ئالدىغا قارىتا بولغان بىر ئەكس تەسىر كۈچ چۈشۈرۈپ ، ئاپتوموبىلنى ئالدىغا ئىلگىرىلىتىدۇ . ئاپتوموبىلنىڭ تارتىش (سۆرەش ) كۈچى مۇشۇنداق ھاسىل بولىدۇ . ئەگەر كەينى چاقلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ، ئۇلارنى يەر يۈزىگە تېگىشتۈرمەي ، ماتور ئارقىلىق كەينى چاقلىرىنى ئايلاندۇرغاندا ، كەينى چاقلىرى يەر يۈزىنى ئىتتىرەلمىگەنلىكتىن ، يەر يۈزىمۇ ئاپتوموبىلنى ئالدىغا قارىتا ئىتتىرىش كۈچىنى ھاسىل قىلالمايدۇ-دە ، ئاپتوموبىل ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ .

## 3- مەشىق

(1) نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنىدىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى ئېيتىلىشلارنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭ :

① ئادەم يول ماڭغاندا ، پەقەت يەرنىڭ پۇتقا بولغان كۈچى پۇتنىڭ يەرگە بولغان تەسىر كۈچىدىن چوڭ بولغاندىلا ، ئاندىن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ .

② سىز يەردە تۇرۇپ قوزغالمىسىڭىز ، سىزنىڭ يەر يۈزىگە بولغان بېسىم كۈچىڭىز بىلەن يەر يۈزىنىڭ پۇتىڭىزغا بولغان تىرەش كۈچى ئاندىن ئۆزئارا تەڭ ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولىدۇ .

③ $A$ جىسىم $B$ جىسىم ئۈستىدە تىنچ تۇرغان ، $A$ نىڭ ماسسىسى $B$ نىڭ ماسسىسىنىڭ 100 ھەسسىسىگە تەڭ .



Scanned by CamScanner

شۇنىڭ ئۈچۈن A نىڭ B غا تەسىر قىلىدىغان كۈچى B نىڭ A غا تەسىر قىلىدىغان كۈچىدىن چوڭ بولىدۇ.

④ تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندا، تاش ھېچنېمە بولماستىن، تۇخۇم چېقىلىپ كېتىدۇ. بۇ، تۇخۇمنىڭ تاشقا بولغ[ان] تەسىر كۈچىنىڭ تاشنىڭ تۇخۇمغا بولغان تەسىر كۈچىدىن كىچىك بولغانلىقىدىن بولىدۇ.

(2) گورىزونتال ئۈستەل يۈزىدە تىنچ تۇرغان بىر جىسىم ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئىككى كۈچن[ىڭ] ئەكس تەسىر كۈچلىرىنىڭ ھەرقايسىسى قايسى جىسىملارغا تەسىر قىلىدۇ؟ بۇ تۆت كۈچ ئىچىدىكى قايسى ئىككى جۈ[پ] كۈچ تەسىر كۈچ ۋە ئەكس تەسىر كۈچ بولىدۇ؟ قايسى ئىككى كۈچ ئۆزئارا تەڭپۇڭ كۈچلەر بولىدۇ؟

(3) ۋېرتىكال ئېسىلىپ تۇرغان تانا (ياكى پۇرژىنا) غا ئېسىلغان جىسىم ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئىككى كۈچنىڭ ئەكس تەسىر كۈچلىرى قايسى جىسىملارغا تەسىر قىلىدۇ؟ بۇ تۆت كۈچ ئىچىدە، قايسى ئىككى جۈ[پ] كۈچ تەسىر كۈچ ۋە ئەكس تەسىر كۈچ بولىدۇ؟ قايسى ئىككى كۈچ ئۆزئارا تەڭپۇڭ كۈچلەر بولىدۇ؟

(4) بىر جىسىم گورىزونتال تىرەگۈچى جىسىم ئۈستىگە تىنچ قويۇلغان. ئەمدى جىسىمنىڭ تىرەگۈچى يۈزگە بولغ[ان] بېسىم كۈچى جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاڭ. ئىسپاتلاش جەريانىدا ئۆزىڭىزن[ىڭ] ئاساسىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ.

(5) بىر جىسىم پۇرژىنىلىق تارازىغا ئېسىپ قويۇلغان ھەم ئۇنىڭ تىنچ ھالىتى ساقلانغان بولسا، بۇ جىسىمن[ىڭ] پۇرژىنىلىق تارازىغا بولغان تارتىش كۈچى جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاڭ. ئىسپاتلا[ش] جەريانىدا ئۆزىڭىزنىڭ ئاساسىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ.

(6) گورىزونتال ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان ياغاچ پارچىسى سوزۇلغان بىر يېنىك پۇرژىنا تەرىپىدىن ئوڭغا قار[ى]تىپ تارتىلىپ تۇرغان ھەم تىنچ ھالەتتە تۇرغان. ئۇنداقتا ياغاچ پارچىسى گورىزونتال يۆنىلىشتە قايسى ئىككى كۈچنى[ڭ] تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ ئايرىم-ئايرىم ھالدا بۇ ئىككى كۈچنىڭ ئەكس تەسىر كۈچلىرىنىڭ كۈچكە ئۇچراش جىسىملىرى ۋە ئەكس تەسىر كۈچنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەم يۆنىلىشىنى چۈشەندۈرۈڭ.

(7) بەزىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچ ھامان ئۆزئارا تەڭ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولۇپ، بىر تۈز سىزىقتا تەسىر قىلىشىدىكەن، بۇ ئىككى كۈچ ئۆزئارا تەڭپۇڭ كۈچلەر بولىدۇ. بۇنداق دېيىش توغرىمۇ؟ ئەگەر توغرا بولمىسا، خاتالىق نەدە؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ.

## §5. مېخانىكا بىرلىكلەر سىستېمىسى

فورمۇلا $v=\frac{s}{t}$ تىن پايدىلىنىپ تېزلىكنى تېپىشتا، ئەگەر يۆتكىلىشنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن m، ۋاقىتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن s (سېكۇنت) نى ئىشلەتسەك، تېپىلغان تېزلىكنىڭ بىرلىكى m/s بولىدۇ. ئوخشاشلا، فورمۇلا $F=ma$ دىن پايدىلىنىپ كۈچنى تېپىشتا، ئەگەر ماسسىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن kg، تېزلىنىشنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ($m/s^2$) نى ئىشلەتسەك، تېپىلغان كۈچنىڭ بىرلىكى $kg.m/s^2$، يەنى N بولىدۇ.

دېمەك، فىزىكا فورمۇلىلىرى فىزىكىلىق مىقدارلارنىڭ سانلىق مىقدار جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، فىزىكىلىق مىقدارلارنىڭ بىرلىكى جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىرنەچچە فىزىكىلىق مىقدارنىڭ بىرلىكىنى **ئاساسىي بىرلىك** قىلىپ تاللاپ ئېلىپ، فىزىكا فورمۇلىلىرىدىكى باشقا فىزىكىلىق مىقدارلار بىلەن بۇ بىرنەچچە فىزىكىلىق مىقدار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئاساسەن، باشقا فىزىكىلىق مىقدارلارنىڭ بىرلىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. مەسىلەن، يۆتكىلىشنىڭ بىرلىكى (m) بىلەن ۋاقىتنىڭ بىرلىكى (s) نى تاللاپ بېكىتكەندىن كېيىن، فورمۇلا $v=\frac{s}{t}$ تىن پايدىلىنىپ، تېزلىكنىڭ بىرلىكى (m/s) نى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ، يەنە فورمۇلا $a=\frac{v_t-v_0}{t}$ دىن پايدىلىنىپ تېزلىنىشنىڭ بىرلىكى ($m/s^2$) نى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. ئەگەر يەنە ماسسىنىڭ بىرلىكى (kg) نى تاللاپ بېكىتىۋالساق، فورمۇلا $F=ma$ دىن پايدىلىنىپ كۈچنىڭ بىرلىكى



Scanned by CamScanner

(N) نى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ . كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بۇ بىرلىكلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بىرلىكلەر (ھاسىلىۋى بىرلىكلەر) دەپ ئاتىلىدۇ . ئاساسىي بىرلىكلەر بىلەن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بىرلىكلەر قوشۇلۇپ بىرلىكلەر سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ .

مېخانىكىدا ئۇزۇنلۇق ، ماسسا ۋە ۋاقىتتىن ئىبارەت ئۈچ فىزىكىلىق مىقدارنىڭ بىرلىكىنى ئاساسىي بىرلىكلەر قىلىپ بېكىتىۋېلىپ ، باشقا فىزىكىلىق مىقدارلارنىڭ بىرلىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ . بۇ ئۈچ فىزىكىلىق مىقدارنىڭ ئوخشىمىغان بىرلىكلىرىنى تاللاپ بېكىتىۋېلىش ئارقىلىق ، ئوخشىمىغان مېخانىكا بىرلىكلەر سىستېمىسىنى تۈزگىلى بولىدۇ . خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسى (SI) دا m (ئۇزۇنلۇق بىرلىكى) ، kg (ماسسا بىرلىكى) ، s (ۋاقىت بىرلىكى) ئاساسىي بىرلىك قىلىپ بېكىتىلىدۇ . بۇ كىتابتا خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسى قوللىنىلىدۇ .

**【مىسال】** ئەسلىدە تىنچ تۇرغان، ماسسىسى 7kg بولغان بىر جىسىمنىڭ 14N تۇراقلىق كۈچ تەسىرىدىكى 5s نىڭ ئاخىرىدىكى تېزلىكى قانچىلىك؟ 5s ئىچىدىكى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى قانچىلىك؟

**تەھلىل** جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالى بېرىلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جىسىم ئەسلىدە تىنچ تۇرغان بولۇپ، دەسلەپكى تېزلىكى $v_0=0$ ، تۇراقلىق كۈچنىڭ تەسىرىدە تۇراقلىق تېزلىنىش ھاسىل قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولغان تۈز سىزىقلىق تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىدۇ. جىسىمنىڭ ماسسىسى $m$ بىلەن ئۇ ئۇچرىغان كۈچ $F$ بېرىلگەن، شۇڭا نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى $F=ma$ غا ئاساسەن تېزلىنىش $a$ نى تېپىپ، ئاندىن دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولغان تۈز سىزىقلىق تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەتنىڭ فورمۇلىسىدىن پايدىلىنىپ 5s نىڭ ئاخىرىدىكى تېزلىكى $v_t$ بىلەن 5s ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى $s$ نى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ.

**يېشىش** بېرىلگىنى $m=7\text{kg}$ ، $F=14\text{N}$ ، $t=5\text{s}$ ، تەلەپ: $v_t$ بىلەن $s$ نى تاپايلى.

$$a=\frac{F}{m}=\frac{14\text{N}}{7\text{kg}}=2\text{N/kg}=2\text{m/s}^2$$

$$v_t=at=2\text{m/s}^2\times 5\text{s}=10\text{m/s}$$

$$s=\frac{1}{2}at^2=\frac{1}{2}\times 2\text{m/s}^2\times 25\text{s}^2=25\text{m}$$

كۆرۈشكە بولىدۇكى، مىسالدا بېرىلگەن مىقدارلارنىڭ ھەممىسى خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدىكى بىرلىكلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكتىن، ھېسابلاشتىن كېلىپ چىققان نەتىجىمۇ خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدىكى بىرلىكلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغانىكەن، بېرىلگەن مىقدارلارنىڭ بىرلىكلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى مىقدارلارنىڭ بىرلىكلىرىنى بىرمۇبىر يېزىپ چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت رەقەمنىڭ كەينىگە توغرا بىرلىكنى يېزىپ قويساقلا بولىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى ھېسابلاشنى مۇنداق يېزىشقا بولىدۇ:

$$a=\frac{F}{m}=\frac{14}{7}\text{m/s}^2=2\text{m/s}^2$$

$$v_t=at=2\times 5\text{m/s}=10\text{m/s}$$

$$s=\frac{1}{2}at^2=\frac{1}{2}\times 2\times 25\text{m}=25\text{m}$$

## 4 ـ مەشىق

(1) ئەسلىدە تىنچ تۇرغان ماسسىسى 600g بولغان بىر جىسىمنىڭ 0. 2N كۈچنىڭ تەسىرىدە 1s ئىچىدىكى يۆتكىلىشى قانچىلىك بولىدۇ ؟

(2) ماسسىسى 100g بولغان بىر جىسىمنىڭ دەسلەپكى تېزلىكى 1m/s بولسا ، بۇ جىسىمنىڭ يۆنىلىشى تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشىگە ئوخشاش بولغان 2N كۈچنىڭ تەسىرىدىكى 3s نىڭ ئاخىرىدىكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ ؟



Scanned by CamScanner

(3) تېزلىكى 4m/s بولغان ۋېلسىپېت گورىزونتال يولدا تەكشى كېمىيىشچان سىيرىلىپ 40m ئارىلىقتا بارغاندىن كېيىن توختىغان . ئەگەر ۋېلسىپېت بىلەن ئادەمنىڭ ئومۇمىي ماسسىسى 100kg بولسا ، ۋېلسىپېت ئۇچرىغان قارشىلىق كۈچى قانچىلىك بولىدۇ ؟

(4) ماسسىسى 2t بولغان يۈك ئاپتوموبىلى گورىزونتال تاشيولدا 54km/h تېزلىكتە تەكشى ماڭغان . شوپۇر مەلۇم سەۋەبتىن ئاپتوموبىلنى جىددىي تورمۇزلىغان ، تورمۇزلانغاندىن كېيىن ئاپتوموبىل ئۇچرىغان تورمۇزلاش كۈچى $1.2\times10^4$N بولسا ، ئاپتوموبىلنىڭ تورمۇزلانغاندىن تارتىپ توختىغىچە بولغان ئارىلىقتا ماڭغان مۇساپىسى قانچىلىك

(5) تۆۋەندىكى ئىككى كىچىك مەسىلىنى ھېسابلاڭ :

① 10m/s تېزلىكتە ماڭغان ئاپتوموبىل تورمۇزلىنىپ 2s تىن كېيىن توختاپ قالغان ، ئاپتوموبىلنىڭ ماسسىسى 4t بولسا ، ئاپتوموبىل ئۇچرىغان تورمۇزلاش كۈچى قانچىلىك ؟

② ئالەم بوشلۇقىدا ئۇچۇۋاتقان ئالەم كېمىسى ئىتتىرگۈچ قوزغىتىلغاندىن كېيىن ئۇچرىغان ئىتتىرىش كۈچى 900N بولۇپ ، 3s قوزغىتىلىپ ، تېزلىكى ئۆزگىرىپ 0.9m/s بولغان بولسا ، ئالەم كېمىسىنىڭ ماسسىسى قانچىلىك بولىدۇ

## § 6 . نيۇتون ھەرىكەت قانۇنلىرىنىڭ قوللىنىلىشى

نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى ھەرىكەت بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاپ بەردى ، بۇنىڭ بىلەن بىز جىسىملارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالىنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان بولدۇق . ئەگەر جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالى مەلۇم بولسا ، نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىدىن پايدىلىنىپ تېزلىنىشنى تېپىپ چىقىپ ، ئاندىن كىنېماتىكىلىق فورمۇلىدىن جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى بىلەلەيمىز . ئەكسىچە ، جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى مەلۇم بولغاندا ، تېزلىنىشنى بىلىۋېلىپ ، نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىدىن پايدىلىنىپ نامەلۇم بولغان كۈچنى تېپىپ چىقالايمىز . تۆۋەندە بۇنىڭغا دائىر ئىككى مىسال كەلتۈرىمىز .

**【1-مىسال】** گورىزونتال يەر يۈزىدە تىنچ تۇرغان بىر جىسىمنىڭ ماسسىسى 2kg بولۇپ، ئۇ 6.4N گورىزونتال تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە گورىزونتال يەر يۈزىنى بويلاپ ئوڭغا قاراپ ھەرىكەت قىلغان، جىسىم بىلەن يەر يۈزى ئارىسىدىكى سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى 4.2N بولسا، جىسىمنىڭ 4s نىڭ ئاخىرىدىكى تېزلىكى بىلەن 4s ئىچىدىكى يۆتكىلىشنى تاپايلى.



10.3 ـ رەسىم

**تەھلىل** ئالدى بىلەن جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلايلى. جىسىم مۇنداق تۆت كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ (10.3 ـ رەسىم)، يەنى گورىزونتال تارتىش كۈچى $F_1$ ، ئۇنىڭ يۆنىلىشى گورىزونتال ئوڭغا قارىتا بولىدۇ؛ سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى $F_2$ ، ئۇنىڭ يۆنىلىشى جىسىمنىڭ يەر يۈزىگە نىسبەتەن ھەرىكەت يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى بولۇپ، گورىزونتال سولغا قارىتا بولىدۇ؛ ئېغىرلىق كۈچى $G$، ئۇنىڭ يۆنىلىشى ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا بولىدۇ؛ يەر يۈزىنىڭ تىرەش كۈچى $F_3$ ، ئۇنىڭ يۆنىلىشى ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا بولىدۇ.

جىسىم ۋېرتىكال يۆنىلىشتە يۆتكەلمىگەن بولغاچقا، تېزلىنىشى يوق، ئېغىرلىق كۈچى $G$ بىلەن تىرەش كۈچى $F_3$ ئۆزئارا تەڭ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولۇپ، ئۆزئارا تەڭپۇڭ بولىدۇ. جىسىم ئۇچرىغان يىغىندى كۈچ گورىزونتال يۆنىلىشتىكى تارتىش كۈچى $F_1$ بىلەن سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى $F_2$ نىڭ يىغىندى كۈچىگە تەڭ بولىدۇ. گورىزونتال ئوڭغا قارىتا بولغان يۆنىلىشنى ئوڭ يۆنىلىش قىلىپ ئالساق، يىغىندى كۈچ

$$F=F_1-F_2=6.4\text{N}-4.2\text{N}=2.2\text{N}$$

بولىدۇ. يىغىندى كۈچ مۇسبەت قىممەتلىك بولۇپ، بۇ، يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشىنىڭ گورىزونتال ئوڭغا قارىتا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.



Scanned by CamScanner

جىسىم ئەسلىدە تىنچ تۇرغانلىقتىن دەسلەپكى تېزلىكى $v_0=0$ بولىدۇ، تۇراقلىق يىغىندى كۈچنىڭ تەسىرىدە تۇراقلىق تېزلىنىش ھاسىل قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، جىسىم دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولغان تۈز سىزىقلىق تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىدۇ.

**يېشىش** بېرىلگىنى $F_1=6.4\text{N}$، $F_2=4.2\text{N}$، $m=2\text{kg}$، يىغىندى كۈچ $F=F_1-F_2=2.2\text{N}$. نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى فورمۇلىسى $F=ma$ غا ئاساسەن تېزلىنىشنى تاپساق مۇنداق بولىدۇ:

$$a=\frac{F}{m}=\frac{2.2}{2}\text{m/s}^2=1.1\text{m/s}^2$$

تېزلىنىش $a$ نى تېپىۋالغاندىن كېيىن، كىنېماتىكا فورمۇلىسىدىن 4s نىڭ ئاخىرىدىكى تېزلىكى $v_t$ بىلەن 4s ئىچىدىكى يۆتكىلىشى $s$ نى تاپقىلى بولىدۇ، يەنى

$$v_t=at=1.1\times 4\text{m/s}=4.4\text{m/s}$$

$$s=\frac{1}{2}at^2=\frac{1}{2}\times 1.1\times 16\text{m}=8.8\text{m}$$

**نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرىغا ئاساسەن جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالىدىن ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئەمەلىيەت جەريانىدا مۇھىم قوللىنىشقا ئىگە. ئالەم ئۇچۇش كېمىسىگە قوماندانلىق قىلغۇچى ئىلىم-پەن خادىملىرى ئۇچۇش كېمىسىنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇنىڭ خالىغان پەيتتىكى ئورنى ۋە تېزلىكىنى ئېنىقلىيالايدۇ. ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى پىكىر قىلىش يولى بىزنىڭ بۇ يەردە سۆزلىگىنىمىز بىلەن ئوخشاش، پەقەت ھېسابلاشلار مۇرەككەپ بولغاچقا، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.**

**【2-مىسال】** ماسسىسى $m=75\text{kg}$ بولغان بىر چاڭغىچى (قار تېيىلغۇچى) $v_0=2\text{m/s}$ دەسلەپكى تېزلىكتە تاغ يانباغرىنى بويلاپ تۆۋەنگە تېيىلىپ چۈشكەن، تاغ يانباغرىنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭى $\theta=30°$ بولۇپ، $t=5\text{s}$ ئىچىدىكى تېيىلىپ چۈشكەن مۇساپىسى $s=60\text{m}$ بولسا، چاڭغىچىنىڭ قارشىلىق كۈچى (سىيرىلما سۈركىلىش بىلەن ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى تاپايلى.



11.3-رەسىم

**تەھلىل** بۇ، بېرىلگەن ھەرىكەت ئەھۋالىدىن نامەلۇم كۈچنى تېپىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. چاڭغىچى مۇنداق ئۈچ كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ: ئېغىرلىق كۈچى $G=mg$ بولۇپ، يۆنىلىشى ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا بولىدۇ؛ تاغ يانباغرىنىڭ تىرەش كۈچى $F_2$ بولۇپ، يۆنىلىشى تاغ يانباغرىغا تىك، چاڭغىچىغا قارىتا بولىدۇ؛ قارشىلىق كۈچى $F_1$ بولۇپ، يۆنىلىشى تاغ يانباغرىنى بويلاپ يۇقىرىغا قارىتا بولىدۇ.

11.3-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، تەكشىلىكتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىنى تۈزىمىز. ئېغىرلىق كۈچى $G$ نى $x$ ئوق ۋە $y$ ئوق يۆنىلىشلىرىدە ئاجراتساق، $G_1=mg\sin\theta$، $G_2=mg\cos\theta$ كېلىپ چىقىدۇ. تاغ يانباغرىغا تىك يۆنىلىشتە جىسىم يۆتكەلمىگەچكە، تېزلىنىشى يوق، شۇڭا $G_2$ بىلەن $F_2$ ئۆزئارا تەڭ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولۇپ، ئۆزئارا تەڭپۇڭ بولىدۇ. جىسىم ئۇچرىغان يىغىندى كۈچ $F$ كۈچ $G_1$ بىلەن $F_1$ نىڭ يىغىندى كۈچىگە تەڭ بولىدۇ، تاغ يانباغرىنى بويلىغان تۆۋەنگە قارىتا يۆنىلىشنى ئوڭ يۆنىلىش دەپ ئالساق، ئۇ ھالدا $F=G_1-F_1$ بولىدۇ. يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشى تاغ يانباغرىنى بويلاپ تۆۋەنگە قارىتا بولۇپ، چاڭغىچىدا تاغ يانباغرىنى بويلىغان تۆۋەنگە قارىتا بولغان تېزلىنىشنى ھاسىل قىلىدۇ.

چاڭغىچىنىڭ تېزلىنىشىنى كىنېماتىكىلىق فورمۇلىدىن پايدىلىنىپ تېپىشقا بولىدۇ، ئاندىن نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىغا ئاساسەن نامەلۇم كۈچنى تېپىشقا بولىدۇ.

**يېشىش** بېرىلگىنى $v_0=2\text{m/s}$، $s=60\text{m}$، $t=5\text{s}$، $\theta=30°$، $m=75\text{kg}$. كىنېماتىكىلىق فورمۇلا $s=v_0t+\frac{1}{2}at^2$ تىن پايدىلىنىپ چاڭغىچىنىڭ تېزلىنىشىنى تېپىشقا بولىدۇ:



Scanned by CamScanner

$$a=\frac{2(s-v_0t)}{t^2}=4\text{m/s}^2$$

چاڭغىچى ئۇچرىغان قارشىلىق كۈچىنى نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى $F=G_1-F_1=ma$ دىن پايدىلىنىپ تېپىشقا بولىدۇ:

$$F_1=G_1-ma=mg\sin\theta-ma=67.5\text{N}$$

ئەمەلىي مەسىلىلەردە كۆپ ھاللاردا جىسىملارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىدىن پايدىلىنىپ نامەلۇم كۈچنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، پويىزنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرىغا ئاساسەن پاراۋوزنىڭ پويىزنى تارتىش كۈچىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ. يەنە مىسالغا ئالساق، ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىشلەرگە ئاساسەن ئاي شارىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، يەر شارىنىڭ ئاي شارىنى ئۆزىگە تارتىش كۈچىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە بولىدۇ. نيۇتون دەسلەپتە بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ، بۇنىڭدىن ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى بايقىغان.



ئوقۇش ماتېرىيالى

## دىنامىكا ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ماسسىنى ئۆلچەش

دىنامىكا مەسىلىلىرىدە، ئەگەر جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالى بىلەن تېزلىنىشى مەلۇم بولسا، جىسىمنىڭ ماسسىسىنى ئۆلچەپ چىقىشقا بولىدۇ، يەنى ماسسىنى دىنامىكا ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۆلچەشكە بولىدۇ. تۆۋەندە بېرىلگىنى دىنامىكا ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ماسسىنى ئۆلچەشكە ئائىت قىزىقارلىق بىر مەسىلە بېرىلگەن، ساۋاقداشلارنىڭ ياخشى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.




12.3-رەسىم

1966-يىلى يەر شارىنىڭ يۇقىرى بوشلۇقىدا نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى ئاساس قىلىنغان ماسسىنى ئۆلچەش تەجرىبىسى تاماملاندى. تەجرىبىدە، قوشكېزەك يۇلتۇز ناملىق ئالەم كېمىسى $m_1$ نى ئوربىتىسىدا يۈرۈۋاتقان راكېتىلار گورۇپپىسى $m_2$ گە تېگىشتۈرۈلگەن، تېگىشكەندىن كېيىن، ئالەم كېمىسىنىڭ قۇيرۇق قىسمىدىكى ئىتتىرگۈچنى قوزغىتىپ، ئالەم كېمىسى بىلەن راكېتىلار گورۇپپىسى بىرلىكتە تېزلىنىشقا ئىگە قىلىنغان (12.3-رەسىم). ئىتتىرگۈچنىڭ ئوتتۇرىچە ئىتتىرىش كۈچى $F=895\text{N}$، ئىتتىرگۈچ 7s قوزغىتىلغاندا، ئالەم كېمىسى بىلەن راكېتىلار گورۇپپىسىنىڭ تېزلىك ئۆزگىرىشىنىڭ 0.91m/s ئىكەنلىكى ئۆلچەپ چىقىلغان. قوشكېزەك يۇلتۇز ناملىق ئالەم كېمىسىنىڭ ماسسىسى $m_1=3400\text{kg}$ بولسا، راكېتىلار گورۇپپىسىنىڭ ماسسىسى $m_2$ قانچىلىك بولىدۇ؟

ئىتتىرگۈچنىڭ ئىتتىرىش كۈچىنىڭ ئالەم كېمىسى بىلەن راكېتىلار گورۇپپىسىدا ھاسىل قىلغان تېزلىنىشى

$$a=\frac{0.91\text{m/s}}{7\text{s}}=0.13\text{m/s}^2$$

نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى $F=ma=(m_1+m_2)a$ غا ئاساسەن تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ:

$$m_2=\frac{F}{a}-m_1=\frac{895}{0.13}\text{kg}-3400\text{kg}\approx3500\text{kg}$$

ئەمەلىيەتتە، راكېتىلار گورۇپپىسىنىڭ ماسسىسى يەككە ھالدا ئۆلچەپ چىقىلغان. تەجرىبىنىڭ مەقسىتى بىر خىل تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يەنى ئوربىتىدىكى سۈنئىي ھەمراھ ياكى باشقا جىسىملارنىڭ نامەلۇم ماسسىسىنى ئۆلچەش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئالدىنقاچان ئۆلچەپ چىقىلغان راكېتىلار گورۇپپىسىنىڭ ماسسىسى 3660kg بولغاچقا، تەجرىبىدىكى خاتالىق پەرقى 5% تىن چوڭ ئەمەس، يەنى دەل ئالدىن مۆلچەرلەنگەن خاتالىق پەرقى دائىرىسىدە بولغان.

### 5-مەشىق

(1) ئەسلىدە تىنچ تۇرغان بىر جىسىمنىڭ ماسسىسى 2kg بولۇپ، چوڭلۇقى ئوخشاشلا 50N دىن بولغان ھەمدە ئۆزئارا 60° بولۇڭ ھاسىل قىلغان ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىدە بۇ جىسىمنىڭ 3s نىڭ ئاخىرىدىكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟ جىسىمنىڭ 3s ئىچىدىكى يۆتكىلىشى قانچىلىك بولىدۇ؟



Scanned by CamScanner

(2) ماسسىسى 20t بولغان پويىز ۋاگونى پاراۋوزنىڭ تارتىشى بىلەن تۈز رېلىس ئۈستىدە ئىلگىرىلىگەن، تېزلىنىشى $0.2m/s^2$. پويىز ۋاگونى ئۇچرىغان ھەرىكەت قارشىلىق كۈچى ۋاگون ئېغىرلىقىنىڭ 0.02 ھەسسىسىگە تەڭ ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا، ۋاگون ئۇچرىغان تارتىش كۈچىنى تېپىڭ.

(3) پويىز پاراۋوزنىڭ تارتىشى ئاستىدا تۈز رېلىس ئۈستىدە مېڭىپ، تېزلىكى 50s نىڭ ئىچىدە 36km/h تىن ئېشىپ 54km/h قا يەتكەن، پويىزنىڭ ماسسىسى $1.0\times10^3t$، پاراۋوزنىڭ پويىزنى تارتىش كۈچى $1.5\times10^5N$ بولسا، پويىزنىڭ ھەرىكەت جەريانىدا ئۇچرىغان قارشىلىق كۈچىنى تېپىڭ.

(4) 15m/s تېزلىكتە كېتىۋاتقان تراللېبۇس ئېلېكتروماتور ئۆچۈرۈلۈپ، 10s ئۆتكەندىن كېيىن توختىغان، تراللېبۇسنىڭ ماسسىسى $4.0\times10^3kg$ بولسا، تراللېبۇس ئۇچرىغان قارشىلىق كۈچىنى تېپىڭ.

(5) پۇرژىنىلىق تارازا ئارقىلىق بىر جىسىم گورىزونتال تىرەش يۈزى ئۈستىدە تەكشى ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن، بۇ چاغدا پۇرژىنىلىق تارازىنىڭ كۆرسەتكەن سانى 0.4N بولغان، ئاندىن كېيىن، پۇرژىنىلىق تارازا ئارقىلىق بۇ جىسىم مۇشۇ گورىزونتال تىرەش يۈزى ئۈستىدە تارتىلىپ تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلدۇرۇلغان، بۇ چاغدا پۇرژىنىلىق تارازىنىڭ كۆرسەتكەن سانى 2.1N، ئۆلچەشتىن كېلىپ چىققان تېزلىنىشى $0.85m/s^2$ بولغان بولسا، بۇ جىسىمنىڭ ماسسىسى قانچىلىك؟

(6) خەلق ئاۋىئاتسىيە يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ بۆلمىسىدە، نورمال بۆلۈم ئىشىكى شوتا باسقۇچقا ئۇلانغان بولۇپ، يولۇچىلارنىڭ ئايروپىلانغا چىقىشى ۋە چۈشۈشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئومۇمەن يەنە جىددىي چىقىش ئېغىزى ئەپلەنگەن بولىدۇ. تاسادىپىي ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئايروپىلان يەرگە قونغاندا، جىددىي چىقىش ئېغىزىنىڭ بۆلۈم ئىشىكى ئېچىلىپ، يەل قاپتىن تۈزۈلگەن بىر يانتۇ تەكشىلىك ئاپتوماتىك ھالدا ھاسىل قىلىنىپ، ئايروپىلان بۆلمىسىدىكى كىشىلەر مۇشۇ يەل قاپنى بويلاپ يەر يۈزىگە سىيرىلىپ چۈشىدۇ. ئەگەر ئايروپىلان بۆلمىسىدىن يەل قاپنىڭ ئاستىنقى ئۇچىغىچە بولغان تىك ئېگىزلىك 3.2m، يەل قاپ ھاسىل قىلغان يانتۇ تەكشىلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.0m بولۇپ، ماسسىسى 60kg كېلىدىغان بىر ئادەم يەل قاپتىن تۆۋەنگە سىيرىلغاندا ئۇچرىغان قارشىلىق كۈچى 240N بولسا، بۇ ئادەمنىڭ يەل قاپنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىغا سىيرىلىپ چۈشكەندىكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟ ($g=10m/s^2$)

## §7. ئېغىرلىق ئېشىپ كېتىش ۋە ئېغىرلىق يوقىتىش



13.3-رەسىم

يەر شارى سۈنئىي ھەمراھى ۋە ئالەم كېمىسى قويۇپ بېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغاندىن بۇيان، كىشىلەر ئېغىرلىق ئېشىپ كېتىش ۋە ئېغىرلىق يوقىتىش ھادىسىسىنى دائىم تىلغا ئالىدىغان بولدى، ئېغىرلىق ئېشىپ كېتىش ۋە ئېغىرلىق يوقىتىش زادى نېمە؟ تۆۋەندىكى بىر مىسالغا قاراپ باقايلى: لىفت $0.5m/s^2$ تېزلىنىشتا تەكشى تېزلىنىش بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن، لىفتتا تۇرغان ئادەمنىڭ ماسسىسى 50kg بولسا، بۇ ئادەمنىڭ لىفت پولىغا بولغان بېسىم كۈچى قانچىلىك بولىدۇ؟ 13.3-رەسىمدىكىدەك ئادەم لىفتتىكى دىنامومېتىر (كۈچ ئۆلچىگۈچ) ئۈستىدە تۇرسا، دىنامومېتىرنىڭ كۆرسەتكەن سانى قانچىلىك بولىدۇ؟

ئادەم بىلەن لىفت ئورتاق تېزلىنىشتا يۇقىرى ئۆرلىگەن، شۇڭا ئادەمنىڭ تېزلىنىشى مەلۇم، مىسالدا يەنە ئادەمنىڭ ماسسىسى بېرىلگەن، نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئادەمنى مۇھاكىمە قىلىش ئوبيېكتى قىلىش كېرەك.

ئادەم لىفتتا ئېغىرلىق كۈچى $G$ بىلەن لىفتنىڭ تىرەش كۈچى $F$ تىن ئىبارەت ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. لىفت پولىنىڭ ئادەمنى تىرەپ تۇرۇش كۈچى بىلەن ئادەمنىڭ لىفت پولىغا بولغان بېسىم كۈچى بىر جۈپ تەسىر كۈچ ۋە ئەكس تەسىر كۈچتىن ئىبارەت بولىدۇ، نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنىغا ئاساسەن، ئالدىنقىسىنى تاپساقلا كېيىنكىسىنى بىلىشكە بولىدۇ.

Scanned by CamScanner

0.5m/s² تېزلىنىشتا ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىر تەسىرىدە كۆچىنىڭ يىغىندى كۈچىنىڭ

ئادەم $G$ بىلەن $F$ نىڭ يىغىندى كۈچىنىڭ يۆنىلىشىنى ئوڭ يۆنىلىش دەپ ئالساق، نيۇتوننىڭ

ھەرىكەت قىلىدۇ. ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا بولغان يۆنىلىشنى ئوڭ يۆنىلىش دەپ ئالساق، نيۇتوننىڭ

ئىككىنچى قانۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$F - G = ma$$

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$F = G + ma = m(g + a)$$

سانلىق قىممەتلەرنى ئورنىغا قويساق، تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ:

$$F = 515N$$

515N كۈچىمۇ بېسىم بولغان بولغا پولىغا لىفتنىڭ ئادەمنىڭ ، ئاساسەن قانۇنىغا ئۈچىنچى نيۇتوننىڭ

نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنىغا ئاساسەن، ئادەمنىڭ لىفتنىڭ پولىغا بولغان بېسىم كۈچىمۇ 515N

بولۇپ، يۆنىلىشى لىفت پولىنىڭ ئادەمنى تىرەپ تۇرۇش كۈچىنىڭ يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى، يەنى

ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا بولىدۇ. دىنامومېتىرنىڭ كۆرسەتكەن سانى دىنامومېتىر ئۈچۈرىغان بېسىم كۈچى

دىن ئىبارەت بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دىنامومېتىرنىڭ كۆرسەتكەن سانى 515N بولىدۇ.

دېمەك، لىفت تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىپ يۇقىرى ئۆرلىگەندە، ئادەمنىڭ لىفت پولىغا قارىتا

بېسىم كۈچى ئادەمنىڭ ئەمەلىي ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىدىن چوڭ بولىدۇ. جىسىمنىڭ ئۆزىنى تىرەپ

تۇرغان جىسىمغا چۈشۈرىدىغان بېسىم كۈچى (ياكى جىسىمنىڭ ئۆزىنى ئېسىپ تۇرغان جىسىمغا بولغان

تارتىش كۈچى) نىڭ جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىدىن چوڭ بولۇش ئەھۋالى ئېغىرلىق ئېشىپ كېتىش

ھادىسىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

لىفت تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىپ تۆۋەنلىگەندە، ئادەمنىڭ لىفت پولىغا قارىتا بولغان بېسىم كۈچى

ئادەم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىدىن كىچىك بولىدۇ. جىسىمنىڭ ئۆزىنى تىرەپ تۇرغان جىسىمغا چۈشۈر

گەن بېسىم كۈچى (ياكى جىسىمنىڭ ئۆزىنى ئېسىپ تۇرغان جىسىمغا بولغان تارتىش كۈچى)نىڭ جىسىم

ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىدىن كىچىك بولۇش ئەھۋالى ئېغىرلىق يوقىتىش ھادىسىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ

بىر نۇقتىنى ساۋاقداشلار ئۆزلىرى تەھلىل قىلىپ كۆرسە بولىدۇ.

لىفت ئادەم بىلەن دىنامومېتىرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشى $g$ بويىچە

تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىپ تۆۋەنلىگەندە، ئادەم خۇددى ئېغىرلىق كۈچىگە ئۇچرىمىغاندەك دىنامومېتىر

نىڭ كۆرسەتكەن سانى نۆل بولىدۇ. جىسىمنىڭ ئۆزىنى تىرەپ تۇرغان جىسىمغا چۈشۈرگەن بېسىم كۈچى

(ياكى جىسىمنىڭ ئۆزىنى ئېسىپ تۇرغان جىسىمغا بولغان تارتىش كۈچى) نۆلگە تەڭ بولىدىغان بۇنداق

ھالەت ئېغىرلىقنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ھادىسىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، جىسىم ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەن ياكى ئېغىرلىقنى يوقاتقان

ھالەتتە تۇرغاندا، يەر شارىنىڭ جىسىمغا چۈشۈرىدىغان ئېغىرلىق كۈچى باشتىن-ئاخىر مەۋجۇت بولىدۇ،

ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، پەقەت جىسىمنىڭ ئۆزىنى تىرەپ تۇرغان جىسىمغا چۈشۈرىدىغان

بېسىم كۈچى (ياكى جىسىمنىڭ ئۆزىنى ئېسىپ تۇرغان جىسىمغا بولغان تارتىش كۈچى)دىلا ئۆزگىرىش

ھاسىل بولۇپ، قارىماققا جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەندەك ياكى كېمىيىپ كەتكەندەكلا بىلىنىدۇ.

## مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە

جىسىمنىڭ گورىزونتال تىرەش يۈزىگە بولغان بېسىم كۈچى ياكى گورىزونتال تىرەش يۈزىنىڭ جىسىمنى تىرەش كۈچى ھامان جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ بولامدۇ؟ قانداق شەرت ئاستىدا، بېسىم كۈچى ياكى تىرەش كۈچى جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ بولىدۇ؟

جىسىمنىڭ ۋېرتىكال ئېسىلىپ تۇرغان تانىنى تارتىش كۈچى ياكى ۋېرتىكال ئېسىلىپ تۇرغان تانىنىڭ جىسىمغا بولغان تارتىش كۈچى ھامان جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ بولامدۇ؟ قانداق شەرت ئاستىدا تارتىش كۈچى ئېغىرلىق كۈچىگە تەڭ بولىدۇ؟



Scanned by CamScanner




## ئېغىرلىق يوقىتىش ھادىسىسىنى كۆزىتىش

ئىشلىتىپ بولغان بىر پاسىلداق قۇتا ، مېتالدىن ياسالغان كونسېرۋا قۇتىسى ياكى سۇلياۋ قۇتىنى تەييارلاپ ، ئۇنىڭ ئاستى قىسمىغا يېقىن يان تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئاچىمىز . بارمىقىمىز بىلەن تۆشۈكنى ئېتىۋېلىپ ، قۇتىغا سۇ قاچىلاپ ، ئاندىن بارمىقىمىزنى تارتىۋالساق ، سۇ تۆشۈكتىن ئېتىلىپ چىقىدۇ (14.3 ـ رەسىم $A$ ) . بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەگەر قولىمىزنى قويۇۋېتىپ ، قۇتىنى ئېگىزدىن تۆۋەنگە ئەركىن چۈشۈرسەك ، قۇتا تۆۋەنگە چۈشۈش جەريانىدا ، سۇ تۆشۈكتىن ئېتىلىپ چىقمايدۇ (14.3 ـ رەسىم $B$ ) . ئەمەلىي ئىشلەپ ، يۈز بەرگەن ھادىسىنى كۆزىتىڭ . بۇ ھادىسىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟




14.3 ـ رەسىم




## ئېغىرلىق يوقىتىش ۋە ئالەمنى ئېچىش

يەر شارى سۈنئىي ھەمراھى ، ئالەم كېمىسى ، ئالەم ئايروپىلانى قاتارلىق ئالەم ئۇچۇش ئاپپاراتلىرى ئوربىتىغا كىرگەندىن كېيىن ، ئۇلاردىكى ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەر ئېغىرلىقنى يوقىتىش ھالىتىدە تۇرىدۇ . ئالەم ئۇچۇش ئاپپاراتى ئوربىتىغا كىرگەندىن كېيىن يەر شارىنى چۆرىدەپ چەمبەر بويىلىما ھەرىكەت قىلىدۇ ، دەپ تەقرىبىي قاراشقا بولىدۇ . چەمبەر بويىلىما ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىمنىڭ تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشى ھەر دائىم ئۆزگىرىدىغانلىقتىن ، بۇ جىسىم تېزلىنىشقا ئىگە بولىدۇ ، تېزلىنىشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى سۈنئىي ھەمراھ تۇرغان ئېگىزلىكنىڭ ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە تەڭ بولىدۇ . بۇ ، ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشى بويىچە تۆۋەنلەۋاتقان لىفتتىكى ئەھۋالغا ئوخشاش بولۇپ ، ئالەم ئۇچۇش ئاپپاراتىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئېغىرلىق يوقىتىش ھالىتىدە تۇرىدۇ .



15.3 ـ رەسىم

پۈتۈنلەي ئېغىرلىق يوقىتىش شەرتى ئاستىدا قانداق ھادىسىلەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى قىياس قىلالامسىز؟ يەر شارىدا ئېغىرلىق كۈچى يوقىسا قانداق ھادىسە يۈز بېرىدىغانلىقىنى قىياس قىلالىسىڭىز ، ئالەم كېمىسىدىمۇ شۇنداق ھادىسە يۈز بېرىدۇ . جىسىملار بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرىدۇ ، سۇيۇقلۇق تامچىلىرى مۇتلەق ھالدا شار شەكلىگە كېلىدۇ ، سۇيۇقلۇق ئىچىدىكى گاز كۆپۈكچىلىرى يۇقىرىغا لەيلەپ چىقمايدۇ . ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلىسىمۇ يېتىپ ئۇخلىغاندەك راھەت ھېس قىلىشىدۇ ، ماڭغاندا چوقۇم ئېھتىيات قىلىشى كېرەك ، سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسا ، «يۇقىرىغىمۇ چىقالماي ، يەرگىمۇ چۈشەلمەي قالىدۇ» (15 .3 ـ رەسىم ) . يېمەكلىك ئۇۋۇندىسىنىڭ بوشلۇقتا «لەيلەپ» يۈرۈپ ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ كۆز ، بۇرۇنلىرىغا كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، يېمەكلىكلەر كاللەك شەكلىدە ياكى مەلھەم ھالىتىدە ياسىلىدۇ . . .
سىز يەنە ئويلاپ كۆرۈڭ ، ئىنسانلار ئېغىرلىق يوقىتىش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ نېمىلەرنى قىلالايدۇ؟ تۆۋەندە بىرنەچچە مىسال كەلتۈرۈپ ، سىزنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىمىز . بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن مىساللار تېخى ئۆزىڭىزنىڭ قىياس قىلىش كۈچىڭىزنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ ، تېخىمۇ كۆپ ھادىسىلەرنى مىسالغا كەلتۈرۈڭ . ئۇزۇنغا قالماي ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئالىملار بۇ ھەقتە تىرىشىپ ئىزدەنمەكتە ، بەلكىم ئۇزۇنغا قالماي ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن .

ئېغىرلىق يوقالغان شارائىت ئاستىدا ، ئېرىگەن مېتالنىڭ سۇيۇقلۇق تامچىلىرى مۇتلەق ھالدا شار شەكلىگە كېلىپ ، سوۋۇغاندىن كېيىن غايىۋى شارىك (شار شەكىللىك ساقا )قا ئايلىنىدۇ . يەر يۈزىدە ھازىرقى زامان تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان شارىكلار مۇتلەق شار شەكلىدە بولمايدۇ ، مانا بۇ ئوق قازىنىنىڭ ئۇپرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان



Scanned by CamScanner

سەۋەبلەرنىڭ بىرى . دىئامېتىرى نەچچە ئون مىكرون كېلىدۇ)

ئەينەك تالا (بۇ بىر خىل ئىنچىكە ئەينەك سىمدىن ئىبارەت بولۇپ ، دىئامېتىرى نەچچە ئون مىكرون كېلىدۇ) ھازىرقى زامان ئوپتىك تالالىق ئالاقىلىشىشتىكى مۇھىم دېتال ھېسابلىنىدۇ . يەر يۈزىدە ناھايىتى ئۇزۇن ئەينەك تالالارنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولمايدۇ ، چۈنكى سۇيۇق ھالەتتىكى ئەينەك سىم قاتماي تۇرۇپلا ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن ، تارتىلىپ كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ . بوشلۇقتىكى ئوربىتىدا نەچچە يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئەينەك تالالارنى ياسىغىلى بولىدۇ .

بوشلۇقتىكى ئوربىتىدا يېڭى بىر خىل كۆپتۈرمە ماتېرىيال ، يەنى كۆپتۈرمە مېتالنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ . ئېغىرلىق يوقالغان شارائىت ئاستىدا سۇيۇق ھالەتتىكى مېتالدىن گاز ئۆتكۈزۈلگەندە ، گاز كۆپۈكچىلىرى «لەيلىمەيدۇ» ، ھەم «چۆكمەيدۇ» ، ئۇلار سۇيۇق ھالەتتىكى مېتالغا تەكشى تارقىلىدۇ ، مېتال قاتقاندىن كېيىن كۆپتۈرمە مېتالغا ئايلىنىدۇ ، شۇنداق قىلىپ ، ياغاچ پورۇپكىدەك يېنىك بولغان كۆپتۈرمە پولات ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ . بۇنداق كۆپتۈرمە پولاتتىن ئايروپىلان قانىتى ياسىسا ھەم يېنىك ، ھەم مۇستەھكەم بولىدۇ .

ئوخشاش پرىنسىپ بويىچە ، ئېغىرلىق يوقالغان شارائىت ئاستىدا ، ئارىلاشمىلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرغىلى بولىدۇ . بۇنىڭدىن يەر يۈزىدە ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئالاھىدە قېتىشمىلارنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ .

ئېلېكترون سانائىتى ، خىمىيە سانائىتى ۋە يادرو سانائىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ يۇقىرى ساپلىق دەرىجىسىگە ئىگە ماتېرىياللارغا بولغان ئېھتىياجى ئۈزلۈكسىز ئاشماقتا ، بۇ ماتېرىياللارنىڭ ساپلىق دەرىجىسى «6 دانە 9 »دىن «8 دانە 9 »غىچە بولۇشى ، يەنى 99.9999%~99.999999% كە يېتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . يەر يۈزىدە مېتاللار قاچىدا تاۋلانغاچقا ، ھامان قاچىنىڭ ئاز مىقداردىكى ئېلېمېنتلىرى تاۋلانغان مېتالغا ئارىلىشىپ قالىدۇ . ئالەم بوشلۇقىدىكى «لەيلىمە ھالەتتىكى تاۋلاش» ئېغىرلىق يوقالغان شارائىت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن ، قاچا كېرەك قىلىنمايدۇ ، بۇنىڭ بىلەن قاچىنىڭ ماتېرىيالنى بۇلغىشىدىن ساقلىنىپ ، ساپلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان مەھسۇلاتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ .

ئېلېكترون تېخنىكىسىدا ئىشلىتىلىدىغان كرىستاللار يەر يۈزىدە ئۆسكەندە ، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . ئېغىرلىق غانلىقتىن ، ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ ، شۇنداقلا ئۇ قاچىنىڭ بۇلغىشىغا ئۇچرايدۇ . ئېغىرلىق يوقالغان شارائىت ئاستىدا ، كرىستال تەكشى ئۆسىدۇ ، شۇنداقلا ئۆسكەن كرىستالمۇ كۆپ چوڭ بولىدۇ . كەلگۈسىدە ئالەم بوشلۇقىدا زاۋۇت قۇرۇلۇپ ، كالىي ئارسېنىدنىڭ ساپ كرىستالى ئىشلەپ چىقىرىلسا ، ئۇ ھازىر بار بولغان كرېمنىي كرىستالىدىن كۆپ ئەۋزەل بولىدۇ ، شۇنداقلا ئېلېكترون تېخنىكىسىنىڭ چوڭ بۆسۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

ئالەم بوشلۇقىدا ئېغىرلىق يوقالغان شارائىت ئاستىدا ، يەر يۈزىدە ئىشلەپ چىقىرىش تەس بولغان بەزى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىشقا بولىدۇ . ئالەم بوشلۇقىدا زاۋۇت قۇرۇش بۇ خىيالىي نەرسە ئەمەس . ئالىملار ئالەم بوشلۇقىدا ھەر خىل تەجرىبىلەرنى ئىشلەۋاتىدۇ ، ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقى تەجرىبە قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، قىياس قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، ئالەمنى ئېچىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

## 6 ـ مەشق

(1) 3 .16ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ، بىر لىفت تەكشى كېمىيىشچان ھەرىكەت قىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەن بولسا ، 3 .16ـ رەسىمدىكى تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشىنى ئىپادىلەپ چىقىڭ . 3 .17ـ رەسىمدىكى قايسى رەسىم لىفتقا تەسىر قىلغان كۈچنىڭ ئەھۋالىنى توغرا ئىپادىلەپ بەرگەن ؟ ($F$ پولات ئارغامچىنىڭ تارتىش كۈچى ، $G$ ئېغىرلىق كۈچى ) .




3 .17ـ رەسىم



3 .16ـ رەسىم

(2) مەلۇم پولات ئارغامچىنىڭ بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەڭ چوڭ تارتىش كۈچى $4.0 \times 10^4 N$ . ئەگەر بۇ پولات ئارغامچا ئارقىلىق $3.5 \times 10^3 kg$ لىق يۈكنى تەكشى تېزلىنىشتا يۇقىرى ئۆرلەتسە ، تېزلىنىشنىڭ 0.5s ئىچىدىكى ئۆزگىرىشى قانچىلىكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك ؟ ($g=10m/s^2$ دەپ ئېلىنىدۇ )



Scanned by CamScanner

(3) يۇرژىنىلىق تارازىنىڭ ئىلمىكىگە 4kg كېلىدىغان بىر جىسىم ئېسىلغان . تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا پۇرژىنىلىق تارازىنىڭ كۆرسىتىدىغان سانى قانچىلىق بولىدۇ ؟

① $0.2m/s^2$ تېزلىنىشتا تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىپ ۋېرتىكال يۇقىرى ئۆرلىگەن .

② $0.2m/s^2$ تېزلىنىشتا كېمىيىشچان ھەرىكەت قىلىپ ۋېرتىكال يۇقىرى ئۆرلىگەن .

③ $0.2m/s^2$ تېزلىنىشتا تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىپ ۋېرتىكال تۆۋەنلىگەن .

④ $0.2m/s^2$ تېزلىنىشتا كېمىيىشچان ھەرىكەت قىلىپ ۋېرتىكال تۆۋەنلىگەن .

## §8*. ئىنېرتسىيىلىك سىستېما ۋە غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېما

**ئىنېرتسىيىلىك سىستېما ۋە غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېما** جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەشتە ، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا قولايلىق بولۇشنى نەزەرگە ئېلىپ ، پايدىلىنىش سىستېمىسىنى خالىغانچە تاللاشقا بولىدۇ . بىر يولۇچى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىۋاتقان پويىز ۋاگونىدا مېڭىۋاتقان بولسا ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەشتە ، يەر يۈزى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىنسىمۇ بولىدۇ ، ۋاگون پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىنسىمۇ بولىدۇ ، ئەمما ھەرىكەت بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلايدىغان نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى خالىغان پايدىلىنىش سىستېمىسى ئۈچۈن ئورۇنلۇق بولىۋەرمەيدۇ .

بىز يەر شارىدا ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ، ئادەتتە جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى يەر يۈزى پايدىلىنىش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىمىز . گاللىيېنىڭ ئىدېئال تەجرىبىسى ۋە يۇقىرىدا ئىشلەنگەن ھەرىكەت بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىنغان تەجرىبىدە يەر يۈزى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىنغان . يەر يۈزىدە ئىشلەنگەن نۇرغۇن تەجرىبە ۋە كۆزىتىشلەر نيۇتون ھەرىكەت قانۇنلىرىنىڭ يەر يۈزى پايدىلىنىش سىستېمىسى ئۈچۈن ئورۇنلۇق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى .

يەر يۈزى پايدىلىنىش سىستېمىسىدىن باشقا ، نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى يەنە قانداق پايدىلىنىش سىستېمىلىرى ئۈچۈن ئورۇنلۇق بولىدۇ ؟ 1632-يىلى گاللىيېنىڭ «ئىككى خىل دۇنيا سىستېمىسىنىڭ سۆھبىتى» دېگەن كىتابىدا ، كېمە بۆلۈمچىسىدە كۆزىتىلگەن ھادىسىگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك بىر ئابزاس جانلىق بايان بېرىلگەن :

«... كېمە ھەرىكەت قىلماي تىنچ تۇرغاندا تەپسىلىي كۆزەتسىڭىز ، ھاشاراتلار تەڭ تېزلىكتە ھەرقايسى يۆنىلىشلەرگە قاراپ ئۇچىدۇ ، بېلىقلار ھەرقايسى يۆنىلىشلەردە خالىغانچە ئۈزۈپ يۈرىدۇ ، سۇ تامچىلىرى تۆۋەنگە قويۇلغان قاچىغا تېمىپ تۇرىدۇ ؛ سىز خالىغان نەرسىنى دوستىڭىزغا ئېتىپ بەرگىنىڭىزدە ، پەقەت ئارىلىقلار تەڭ بولسىلا ، بۇ يۆنىلىشتە يەنە بىر يۆنىلىشكە قارىغاندا كۆپ كۈچ ئىشلەتمەيسىز . ئىككى پۇتىڭىزنى تەكشى قىلىپ سەكرىسىڭىز ، مەيلى قايسى تەرەپكە قاراپ سەكرەڭ ، ئارىلىقلار ئوخشاش بولىدۇ . سىز بۇ ھادىسىلەرنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن ، يەنە كېمىنى خالىغان تېزلىكتە ئىلگىرىلەتسىڭىز ، پەقەت ھەرىكەت تەكشى تېزلىكتە بولسا ، شۇنداقلا بىر دەم سولغا ، بىر دەم ئوڭغا بولمىسىلا ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھادىسىلەردە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى بايقايسىز . يەنە بۇنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىر ھادىسىدىن كېمىنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ياكى ھەرىكەت قىلماي تۇرغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز قالىسىز ... »

گاللىيېنىڭ بۇ بىر ئابزاس بايانى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى : يەر يۈزىگە نىسبەتەن تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلغان كېمە بۆلۈمچىسىدە ئېلىپ بېرىلغان مېخانىكىلىق تەجرىبە ۋە كۆزىتىشلەر بىلەن يەر يۈزىدە ئېلىپ بېرىلغان مېخانىكىلىق تەجرىبە ۋە كۆزىتىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە پەرق يوق ، دېمەك ، يەر يۈزىگە نىسبەتەن تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلغان جىسىمنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلغاندىمۇ ... ئورۇنلۇق بولىدۇ .

يەر يۈزىگە نىسبەتەن ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلىۋاتقان پايدىلىنىش سىستېمىسىدا نيۇتوننىڭ ھەرى-كەت قانۇنلىرى ئورۇنلۇق بولامدۇ-يوق ؟ تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر ۋاگون بار بولۇپ، ۋاگوندىكى ئۈستەل ئۈستىگە بىر شارچە قويۇلغان دەپ پەرەز قىلايلى . ۋاگوندىن ئىبارەت بۇ پايدىلىنىش سىستېمىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، شارچە تىنچ تۇرغاچقا ، شارچە ئۇچرىغان سىرتقى يىغىندى كۈچ نۆل بولىدۇ ، بۇ نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ . ئەمدى ۋاگوننى ئوڭغا قارىتا تەكشى ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى دەپ پەرەز قىلىپ ، ۋاگوندا كۆزەتكەندە ، شارچە سولغا قارىتا ھەرىكەت قىلىدۇ (3 .18–رەسىم ) ، شارچە باشقا جىسىملارنىڭ تەسىر كۈچىگە ئۇچرىمىغاچقا ، ئۇچرىغان يىغىندى كۈچ يەنىلا نۆل بولىدۇ . بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى : يەر يۈزىگە نىسبەتەن ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغان ۋاگون ئىچىدە نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى ئورۇنلۇق بولماي قالىدۇ .




18.3–رەسىم

نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى ئۇچۇن ئورۇنلۇق بولىدىغان پايدىلىنىش سىستېمىسى **ئىنېرتسىيىلىك پايدىلىنىش سىستېمىسى** ، قىسقىچە **ئىنېرتسىيىلىك سىستېما** دەپ ئاتىلىدۇ . نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى ئۇچۇن ئورۇنلۇق بولمايدىغان پايدىلىنىش سىستېمىسى **غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېما** (ياكى **ئىنېرتسىيىلىك بولمىغان سىستېما** )دەپ ئاتىلىدۇ . يەر يۈزىدىكى جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىشتا ، يەر يۈزى پايدىلىنىش سىستېمىسى ئادەتتە ئىنېرتسىيىلىك سىستېما دەپ قارىلىدۇ . يەر يۈزىگە نىسبەتەن تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلىدىغان پايدىلىنىش سىستېمىسىمۇ ئىنېرتسىيىلىك سىستېما بولىدۇ . پلانېتىلارنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىشىنى تەتقىق قىلىشتا ، قۇياشتىن ئىبارەت بۇ پايدىلىنىش سىستېمىسىنى ئىنېرتسىيىلىك سىستېما دەپ قاراشقا بولىدۇ . بۇ كىتابتا بىز ئومۇمەن ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ ئالىمىز .

**غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېما ۋە ئىنېرتسىيىلىك كۈچ** نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېما ئۇچۇن ئورۇنلۇق بولمايدۇ ، لېكىن بەزىدە غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىدا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن ، ئاتموسفېرا ۋە دېڭىز سۇلىرىنىڭ يەر شارىدىن ئىبارەت مۇشۇ تۈردىكى چوڭ دائىرىدىكى ھەرىكەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا ، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىنىڭ تەسىرىنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ ، بۇ چاغدا يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ پايدىلىنىش سىستېمىسىنى ئىنېرتسىيىلىك سىستېما دەپ قاراشقا بولمايدۇ ، بەلكى غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېما بولىدۇ . ئادەملەر يەر شارىدا ياشايدىغانلىقتىن ، يەر يۈزى پايدىلىنىش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىشقا نىسبەتەن ئادەتلىنىپ كەتكەن . بۇنداق مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ؟ ئەگەر



Scanned by CamScanner

«ئىنېرتسىيىلىك كۈچ» ئۇقۇمى كىرگۈزۈلسە، شەكىل جەھەتتىن نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرىنى غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېما ئۈچۈن ئورۇنلۇق بولىدىغان قىلغىلى بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىدا مەسىلىلەرنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ.

3 .18-رەسىمدە ۋاگون پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىنىپ، شارچە چوڭ-كىچىكلىكى $a$ بولغان تېزلىنىش بىلەن سولغا قارىتا ھەرىكەت قىلغاندا، شارچە سولغا قارىتا بولغان بىر گورىزونتال كۈچ $F$ نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بۇ كۈچنىڭ تەسىرىدە شارچىدا گورىزونتال سولغا قارىتا بولغان تېزلىنىش $a$ ھاسىل بولىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ كۈچ $F$ ئىنېرتسىيىلىك كۈچ دەپ ئاتىلىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيە دەرسلىك كىتابىدىكى «يەر يۈزىنى بويلاپ گورىزونتال ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ ئېغىشى»دا تىلغا ئېلىنغان «يەر شارى ئايلىنىشىنىڭ ئېغىش كۈچى»مۇ بىر خىل ئىنېرتسىيىلىك كۈچ بولۇپ، ئۇ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىنېرتسىيىلىك كۈچ ئادەتتىكى مەنىدىكى «ھەقىقىي» كۈچكە ئوخشىمايدىغان، شەكىل جەھەتتىن كىرگۈزۈلگەن «خىيالىي» كۈچتىن ئىبارەت. «ھەقىقىي» كۈچنىڭ كۈچ چۈشۈرگۈچى جىسمى بولىدۇ، ئىنېرتسىيىلىك كۈچنىڭ كۈچ چۈشۈرگۈچى جىسمى بولمايدۇ.

$a$ تېزلىنىشتا مەلۇم بىر ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىغا نىسبەتەن تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلغان غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىدا، بارلىق جىسىملار «ھەقىقىي» كۈچكە ئۇچرىغاندىن باشقا، يەنە ئىنېرتسىيىلىك كۈچ $F$ قا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى $ma$ بولۇپ، يۆنىلىشى غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىنىڭ تېزلىنىش يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى بولىدۇ، يەنى

$$F=-ma$$

فورمۇلىدىكى مىنۇس ئالامەت ئىنېرتسىيىلىك كۈچنىڭ يۆنىلىشى غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىنىڭ تېزلىنىشىنىڭ يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، فورمۇلىدىكى $m$ جىسىمنىڭ ماسسىسى.

شۇنداق قىلىپ، شەكىل جەھەتتىن نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى كېڭەيتىلىپ، غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىدا مېخانىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغان دەرىجىگە يەتتۇق. مەسىلەن، 3 .13-رەسىمدە بىز لىفتنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلالايمىز. لىفتنىڭ تېزلىنىش بىلەن يۇقىرى ئۆرلىشى غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئادەم لىفتتىن ئىبارەت بۇ پايدىلىنىش سىستېمىسىدا «ھەقىقىي» كۈچ، يەنى ئېغىرلىق كۈچى $G$ بىلەن لىفت پولىنىڭ تىرەش كۈچى $F$ قا ئۇچرىغاندىن باشقا، يەنە يۆنىلىشى تۆۋەنگە قارىتا بولغان ئىنېرتسىيىلىك كۈچ $F_1=-ma$ غا ئۇچرايدۇ. ئادەم لىفتتىن ئىبارەت بۇ پايدىلىنىش سىستېمىسىدا تىنچ ھالەتتە تۇرغاندا، بۇ ئۈچ كۈچنىڭ يىغىندى كۈچى نۆل بولىدۇ، يەنى

$$F+G+F_1=0$$

$$F-mg-ma=0$$

شۇنىڭ ئۈچۈن تىرەش كۈچى

$$F=m(g+a)$$

نيۇتون مېخانىكىسىدا، «خىيالىي» ئىنېرتسىيىلىك كۈچ بىلەن ئادەتتىكى مەنىدىكى «ھەقىقىي» كۈچنىڭ پەرقى بولىدۇ، ئەمما كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدە بۇ خىل پەرق ئانچە مۇتلەق بولمايدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بابىدا كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى بىلىملىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

# § 9 . نيۇتون ھەرىكەت قانۇنلىرىنىڭ مۇۋاپىق كېلىش دائىرىسى

XVII ئەسىردىن بۇيان ، نيۇتون قانۇنلىرىنى ئاساس قىلغان كلاسسىك مېخانىكا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . كلاسسىك مېخانىكا پەن تەتقىقاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدا كەڭ قوللىنىلدى . كلاسسىك مېخانىكا بىلەن ئاسترونومىيىنىڭ بىرلىشىشىدىن ئاسمان جىسىملىرى مېخانىكىسى بارلىققا كەلدى . كلاسسىك مېخانىكا بىلەن قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنىڭ بىرلىشىشىدىن ئەمەلىي (قوللىنىلىدىغان ) مېخانىكا ، مەسىلەن ، سۇ ئىنشائاتى ئىلمى (سۇ ئىنشائاتى مېخانىكىسى ) ، ماتېرىيال مېخانىكىسى ، قۇرۇلما مېخانىكىسى قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى . يەر يۈزىدىكى ھەرخىل جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىدىن تارتىپ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىگىچە ؛ ئاتموسفېرانىڭ ئېقىشىدىن تارتىپ يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشىگىچە ؛ توغان ، كۆۋرۈكلەرنى ياساشتىن تارتىپ ھەرخىل مېخانىزملارنى لايىھىلەشكى-چە ؛ ۋېلسىپىتتىن تارتىپ ئاپتوموبىل ، پويىز ، ئايروپىلان قاتارلىق ھازىرقى زامان قاتناش قوراللىرىنىڭ ھەرىكىتىگىچە ؛ ۋاسكېتبولنى ئېتىشتىن تارتىپ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ، سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئالەم كېمىسى قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىشكىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى كلاسسىك مېخانىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇن-دۇ . كلاسسىك مېخانىكا نەتىجىسىنىڭ مۇشۇنداق كەڭ ساھەلەردە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىشى نيۇتون ھەرىكەت قانۇنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى .

ئەمما بارلىق فىزىكا قانۇنلىرىغا ئوخشاشلا ، نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرىنىڭمۇ مۇئەييەن مۇۋاپىق كېلىش دائىرىسى بولىدۇ .

ماكرو جىسىملارنىڭ تۆۋەن سۈرئەتلىك ھەرىكىتى (يورۇقلۇق تېزلىكىدىن كۆپ كىچىك بولغان ھەرىكەتلەر ) مەسىلىلىرى ، مەسىلەن ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەرخىل ماكرو جىسىملارنىڭ ھەرىكەتلىرى-نى بىر تەرەپ قىلىشتا ، كلاسسىك مېخانىكا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ . XX ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاتاقلىق فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېين (1955～1879 ) تار مەنىدىكى (خۇسۇسىي ) نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، كلاسسىك مېخانىكىنىڭ بەزى خۇلاسىلىرىنى ئۆزگەرتتى . كلاسسىك مېخانىكىدا ، جى-سىملارنىڭ ماسسىسى ئۆزگەرمەيدۇ ، نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدە بولسا ماسسا تېزلىككە ئەگىشىپ چوڭىيىدۇ دەپ كۆرسىتىلدى . تۆۋەن تېزلىكتىكى ھەرىكەت (مەسىلەن ، يەر شارىنىڭ $3\times10^4 m/s$ تېزلىكتە قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىشى )تە ماسسىنىڭ چوڭىيىشى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ ، بۇلارغا كلاسسىك مېخانىكا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ . تېزلىك يورۇقلۇق تېزلىكى $c$ غا يېقىنلاشقان ،مەسىلەن ،تېزلىك $v=0.8c$ بولغاندا ، ماسسا چوڭىيىپ تەخمىنەن ئەسلىدىكى ماسسىنىڭ 1.7 ھەسسىسى بولىدۇ ، بۇ چاغدا كلاسسىك مېخانىكا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ .

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان ، فىزىكا تەتقىقاتى مىكرو دۇنياغا چوڭقۇرلاپ كىرگەچكە ، ئېلېكترون ، پروتون ، نېيترون قاتارلىق مىكرو زەررىچىلەرنىڭ زەررىچىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي ، يەنە دولقۇنلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى كلاسسىك مېخانىكىدىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقى بايقالدى . XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كۋانت مېخانىكىسى بەرپا بولدى ، ئۇ ئارقىلىق مىكرو زەررىچىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى توغرا تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولىدۇ ھەم ئۇ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا . دېمەك ، كلاسسىك مېخانىكا ئومۇمەن مىكرو زەررىچىلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ .

نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە كۋانت مېخانىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى كلاسسىك مېخانىكىنىڭ ئەھمىيى-تى قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلىمەستىن ، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتكە بولغان تونۇشىنىڭ تېخى



Scanned by CamScanner

چوڭقۇرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . فىزىكىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرگە كلاسسىك مېخانىكىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇۋاپىق كېلىش دائىرىسى بارلىقىنى تونۇتتى ، يەنى كلاسسىك مېخانىكا پەقەت تۆۋەن تېزلىكتىكى ھەرىكەت مەسىلىلىرىگىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ ، كلاسسىك مېخانىكىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرى سۈرئەتتىكى ھەرىكەت مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ ؛ كلاسسىك مېخانىكا ماكرو جىسىملارغىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ ، مىكرو زەررىچىلەرگە ئومۇمەن مۇۋاپىق كەلمەيدۇ .

## بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە

بۇ بابتا نيۇتوننىڭ ئۈچ ھەرىكەت قانۇنىنى ئۆگەندۇق، بۇلار دىنامىكىنىڭ ئاساسى، شۇڭا ئۇلارنى چوڭقۇر قايتا-قايتا مۇلاھىزە قىلىپ، ئۆگەنگەن مەزمۇنلارنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىم.

بۇ بابتا يەنە نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ دىنامىكا مەسىلىلىرىنى قانداق ھەل قىلىشنى ئۆگەندۇق، بىز دىنامىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىنى خۇلاسىلەپ چىقىشقا دىققەت قىلىپ، بىلىملەردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىپ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش قابىلىيىتىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

(1) نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ گالىلېيىنىڭ ئىدېئال تەجرىبىسىنىڭ قانداق مۇھىم ئەھمىيىتى بار؟ نېمە ئۈچۈن نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى ھەرىكەت بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئېچىپ بەردى دەيمىز؟

(2) نېمە ئۈچۈن جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ زۆرۈر بولمايدۇ، كۈچ پەقەت جىسىمدا تېزلىنىش پەيدا قىلىدىغان سەۋەب دەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن جىسىمنىڭ ماسسىسى جىسىم ئىنېرتسىيىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ ئۆلچىمى دەيمىز؟

(3) نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش فورمۇلىسىنى يېزىپ چىقىڭ. نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىدىن پايدىلىنىپ مېخانىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا، نېمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن جىسىملارنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالى ۋە ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش كېرەك؟

(4) نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟نېمە ئۈچۈن تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچ ئۆزئارا تەڭپۇڭ بولمايدۇ دەيمىز؟

(5) ئېغىرلىق ئېشىپ كېتىش، ئېغىرلىق يوقىتىش ۋە ئېغىرلىقنى پۈتۈنلەي يوقىتىش دېگەنلەر نېمىدىن ئىبارەت؟ جىسىم ئېغىرلىق ئېشىپ كېتىش ۋە ئېغىرلىق يوقىتىش ھالەتلىرىدە تۇرغاندا، ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچى يەنىلا مەۋجۇت بولامدۇ؟ چوڭ-كىچىكلىكىدە ئۆزگىرىش بولامدۇ؟

(6) بىرلىكلەر سىستېمىسىنىڭ فىزىكىلىق ھېسابلاشلاردا نېمە رولى بار؟

(7) ئىنېرتسىيىلىك سىستېما ۋە غەيرىي ئىنېرتسىيىلىك سىستېما دېگەن نېمە؟ ئىنېرتسىيىلىك كۈچ دېگەن نېمە؟

(8) نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرىنىڭ مۇۋاپىق كېلىش دائىرىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

---

دىنامىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا ، ئالدى بىلەن جىسىملارنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالى ۋە ھەرىكەت ئەھۋاللىرىنى تەھلىل قىلىپ ، مىسالدا بېرىلگەن فىزىكىلىق مەنزىرىلەر (ئەھۋاللار) نى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن تەڭلىمە تۈزۈپ يېشىش كېرەك .

ئۆزىڭىز خۇلاسىلەپ چىقىڭ : نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ دىنامىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىكى پىكىر قىلىش يولى ۋە ئادەتتىكى باسقۇچلىرى قانداق بولىدۇ ؟ نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ؟ قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدىڭىز ؟

Scanned by CamScanner

(1) ئىنېرتسىيىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ئېيتىلىشلاردىن توغرىسى :

① قارشىلىق كۈچى ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا ، ماسسىلىرى ئوخشاش بولغان ئىككى جىسىمنىڭ ئىچىدىكى تېزلىكى چوڭ جىسىم ئاسان توختىيالمايدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن تېزلىكى چوڭ جىسىمنىڭ ئىنېرتسىيىسى چوڭ بولىدۇ .

② ماسسىلىرى ئوخشاش بولغان ئىككى جىسىمنىڭ تېزلىكلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئىنېرتسىيىلىرى چوقۇم ئوخشاش بولىدۇ .

③ يەر يۈزىدە تىنچ تۇرغان جىسىمنى ئىتتىرگەندە سەرپ بولىدىغان كۈچ بۇ جىسىمنىڭ تەكشى ھەرىكەت ھالىتىنى ساقلاشقا سەرپ بولىدىغان كۈچكە قارىغاندا چوڭ بولىدۇ ، شۇڭا تىنچ تۇرغان جىسىمنىڭ ئىنېرتسىيىسى چوڭ بولىدۇ .

④ يەر شارىدا ئېغىرلىق كۆتۈرگەنگە قارىغاندا ئاي شارىدا ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئاسان ، شۇنىڭ ئۈچۈن ماسسىسى ئوخشاش بىر جىسىمنىڭ ئاي شارىدىكى ئىنېرتسىيىسى يەر شارىدىكى ئىنېرتسىيىسىدىن كىچىك بولىدۇ .

(2) ھەرىكەت ھالىتى بىلەن ئۇچرىغان سىرتقى كۈچنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ئېيتىلىشلاردىن توغرىسى :

① جىسىم تۇراقلىق كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا ، ئۇنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ .

② جىسىم نۆلگە تەڭ بولمىغان يىغىندى كۈچكە ئۇچرىغاندا ، ئۇنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ .

③ جىسىم ئۇچرىغان يىغىندى كۈچ نۆل بولغاندا ، ئۇ چوقۇم تىنچ ھالەتتە تۇرىدۇ .

④ جىسىمنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى چوقۇم ئۇ ئۇچرىغان يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ .

(3) تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچ ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ئېيتىلىشلاردىن توغرىسى :

① بىر تەسىر كۈچ بىلەن ئۇنىڭ ئەكس تەسىر كۈچىنىڭ يىغىندى كۈچى نۆلگە تەڭ بولىدۇ .

② تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچ ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى كۈچلەر بولسا بولۇۋېرىدۇ .

③ تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچ بىرلا ۋاقىتتا ھاسىل بولۇپ ، بىرلا ۋاقىتتا يوقىلىدۇ .

④ ئىككى جىسىم نىسپىي تىنچ تۇرغاندىلا ، ئاندىن ئۇلار ئارىسىدىكى تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچ ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ .

(4) تىنچ تۇرغان هارۋىنى بىر ئات كۈچەپ تارتقان . بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ : نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنىغا ئاساسەن ئات هارۋىنى تارتسا ، هارۋىمۇ ئاتنى تارتىدۇ ، بۇ ئىككى كۈچ ئۆزئارا تەڭ ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولۇپ ، ئۆزئارا تەڭپۇڭ بولىدۇ ، شۇڭا ئات مەيلى قانداق كۈچەپ تارتسۇن ، هارۋىنى تارتالمايدۇ . بۇنداق دېيىشنىڭ خاتالىقى نەدە؟

(5) ماسسىسى $m=2\text{kg}$ بولغان بىر جىسىم بىر نەچچە تۇراقلىق كۈچنىڭ تەسىرىدە تىنچ ھالەتتە تۇرغان . هازىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۆنىلىشى ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا بولغان بىر تۇراقلىق كۈچ $F=2\text{N}$ ئېلىۋېتىلىپ ، باشقا تۇراقلىق كۈچلەر ئۆزگەرمەيدۇ دەپ پەرەز قىلىنسا ، بۇ جىسىم قانداق ھەرىكەت قىلىدۇ ؟

(6) ماسسىسى 4000kg بولغان بىر قىرغۇچى ئايروپىلاننىڭ ئادەتتە بوشلۇقتا ئۇچقاندا يېتەلەيدىغان ئەڭ چوڭ تېزلىنىشى $10\text{m/s}^2$ بولىدۇ . بۇ ئايروپىلان ئۇرۇش قىلغاندا ماسسىسى 1000kg بولغان قوشۇمچە ماي ساندۇقىنى تاشلىۋەتسە ، يېتەلەيدىغان ئەڭ چوڭ تېزلىنىشنى تېپىڭ (ئايروپىلان ئۇچرايدىغان ئەڭ چوڭ تارتىش كۈچى بىلەن قارشىلىق كۈچى ئۆزگەرمەيدۇ ، دەپ پەرەز قىلىنسۇن ) .

(7) يۈك بېسىلغان بىر ئاپتوموبىلنىڭ ئومۇمىي ماسسىسى $4.0\times10^3\text{kg}$ ، تارتىش كۈچى $4.8\times10^3\text{N}$ ، ئۇ تىنچ ھالەتتىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىپ ، 10s تا 40m ئىلگىرىلىگەن بولسا ، ئاپتوموبىل ئۇچرىغان قارشىلىق كۈچىنى تېپىڭ .

(8) بىر ئىشچى گورىزونتال يولدا ماسسىسى 45kg كېلىدىغان بىر ماتېرىيال توشۇش هارۋىسىنى ئىتتىرىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن گورىزونتال ئىتتىرىش كۈچى 90N ، ھاسىل قىلغان تېزلىنىشى $1.8\text{m/s}^2$ بولغان . بۇ ئىشچى هارۋىنى داۋاملىق ئىتتەرمىسە ، هارۋىنىڭ تېزلىنىشى قانچىلىك بولىدۇ ؟

$f = a\cdot m = 1.8\text{m/s}^2 \times 45 = 81\text{N}$. $a = \frac{9\text{N}}{45\text{kg}} = \frac{f}{m} = 0.2\text{m/s}^2$.

$F-f \Rightarrow f = F-f = 9\text{N}$

(9) بىر جىسىم سىلىق يانتۇ تەكشىلىكنىڭ چوققىسىدىن تىنچ ھالەتتىن باشلاپ تۆۋەنگە سىيرىلسا ، جىسىم نەچچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ؟ بىر كىشى مۇنداق دەيدۇ : جىسىم ئېغىرلىق كۈچى ، يانتۇ تەكشىلىكنىڭ تىرەش كۈچى ۋە يۆنىلىشى يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ تۆۋەنگە قارىتا بولغان تۆۋەنگە سىيرىلىش كۈچىگە ئۇچرايدۇ . بۇنداق دېيىش توغرىمۇ ؟

سىلىق يانتۇ تەكشىلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5m ، ئېگىزلىكى 2.5m دەپ ئېلىنسا ، جىسىمنىڭ تېزلىنىشى قانچىلىك بولىدۇ؟ جىسىمنىڭ يانتۇ تەكشىلىكنىڭ چوققىسىدىن سىيرىلىپ تۆۋەنكى ئۇچىغا چۈشۈشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

$\sin\theta = \frac{h}{s} = \frac{2.5}{5} = 0.5$ $s = \frac{1}{2}at^2$, $t^2 = \frac{s}{\frac{1}{2}a} = \frac{2s}{a}$

$a = \frac{mg\sin\theta}{m} = g\sin\theta$ $t^2 = \frac{10}{5}$

بىر جىسىم ئوخشىمىغان ھەرىكەت ھالەتلىرىدە تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مېخانىكىدىكى **تەڭپۇڭلۇق ھالەت** بىر
كۆپ ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا بۇ ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، كۆۋرۈك، كران، بىنا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەڭپۇڭ
ھالەتنى ساقلىشى كېرەك. ئۇنداقتا، جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇق ھالىتى دېگەن نېمە؟ جىسىم قانداق شەرت ئاستىدا تەڭپۇڭ
ھالەتتە تۇرىدۇ؟

بۇ بابتىكى مەزمۇنلارنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، جىسىمنىڭ ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەر تەسىرىدىكى تەڭپۇڭلۇق شەر
بىلەن مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىنى بىلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا
قوللىنىلىشىنى بىلىۋالالايسىلەر.

## § 1 . ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەر تەسىرىدىكى جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقى

بىر جىسىم ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەرنىڭ تەسىرىدە تىنچ ھالىتىنى ياكى تۈز سىزىقلىق تەكشى
ھەرىكىتىنى ساقلىسا، بۇ جىسىم **تەڭپۇڭلۇق ھالىتىدە** تۇرىدۇ، دەيمىز. ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەرنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغان جىسىم قانداق شەرتلەر ئاستىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايدۇ؟

نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىدىن مەلۇمكى، جىسىم ئۇچرىغان يىغىندى كۈچ نۆل بولغاندا، تېزلىنىش
نۆل بولۇپ، تىنچ ھالىتىنى ياكى تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكىتىنى ساقلايدۇ، يەنى جىسىم تەڭپۇڭلۇق
ھالىتىدە تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەر تەسىرىدىكى جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتى
يىغىندى كۈچنىڭ نۆلگە تەڭ بولۇشىدىن ئىبارەت، يەنى

$$F_{\text{يىغىندى}}=0$$

بۇ تەڭپۇڭلۇق شەرتىنىمۇ تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

**تەجرىبە**




1.4-رەسىم. ئۈچ كۈچنىڭ تەڭپۇڭلۇقى

1.4-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، پۇرژىنىلىق ئۈچ دانە تارازىنى بىر تەكشىلىككە قويۇپ، بۇ ئۈچ دانە تارازىنىڭ ئىلمەكلىرىنى بىر جىسىمغا ئىلىپ قويىمىز. ئالدى بىلەن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسىنى مەلۇم بىر بۇلۇڭ ھاسىل قىلدۇرۇپ مۇقىملاشتۇرۇپ قويىمىز، ئاندىن قولىمىز بىلەن ئۈچىنچى پۇرژىنىلىق تارازىنى تارتىپ، تەڭپۇڭ بولغاندا ئايرىم-ئايرىم ئۈچ تارازىنىڭ كۆرسەتكەن سانلىرىنى خاتىرىلىۋالىمىز ھەم ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، يۆنىلىشلىرىگە ئاساسەن كۈچلەرنى گرافىكتا ئىپادىلەپ چىقىمىز. كۈچلەرنىڭ پاراللېل تۆت تەرەپلىك قائىدىسىگە ئاساسەن، بۇ ئۈچ كۈچنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بارلىقىغا قاراپ چىقىمىز.

تەجرىبە بۇ ئۈچ كۈچنىڭ يىغىندى كۈچىنىڭ نۆل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.
جىسىمغا تەسىر قىلغان بىرنەچچە كۈچنىڭ يىغىندى كۈچىنىڭ نۆل بولۇشىدىن ئىبارەت بۇنداق ئەھۋال
**كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقى** دەپ ئاتىلىدۇ. جىسىم ئورتاق نۇقتىلىق ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا
پەقەت بۇ ئىككى كۈچ ئۆزئارا تەڭ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولسىلا، ئاندىن يىغىندى كۈچى نۆل
بولىدۇ. مانا بۇ بىز ئۆگىنىپ ئۆتكەن ئىككى كۈچنىڭ تەڭپۇڭلۇقىدىن ئىبارەت.



Scanned by CamScanner

## مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە

> 1.4ــرەسىمدىكى تەجرىبىدە، جىسىم تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغاندا، خالىغان ئىككى كۈچنىڭ يىغىندى كۈچى بىلەن ئۈچىنچى بىر كۈچنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئەگەر سىز ئىككى كۈچنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىنى بىلىۋالسىڭىز، ئورتاق نۇقتىلىق كۆپلىگەن كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالامسىز؟ قانداق كەلتۈرۈپ چىقىرىسىز؟

# §2 . ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىنىڭ قوللىنىلىشى

ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەر تەسىرىدىكى جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتى ئەمەلىيەت جەريانىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. تۆۋەندە ئىككى كونكرېت مىسالنى تەھلىل قىلىمىز.

**【1-مىسال】** بىر پۇتبولنى تور خالتىغا سېلىپ سىلىق تامنى بويلىتىپ $A$ نۇقتىغا ئېسىپ قويىمىز (2.4ــرەسىم $A$)، پۇتبولنىڭ ماسسىسى $m$ بولۇپ، تور خالتىنىڭ ماسسىسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. پۇتبول بىلەن تامنىڭ تېگىشىش نۇقتىسى $B$، ئېسىلغان يىپ بىلەن تامنىڭ ئارا بۇلۇڭى $\alpha$ بولسا، ئېسىلغان يىپنىڭ توپنى تارتىش كۈچى بىلەن تامنىڭ توپقا بولغان تىرەش كۈچىنى تاپايلى.

**تەھلىل** پۇتبولنى تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇنىڭ قايسى كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى تەھلىل قىلىمىز. 2.4ــرەسىم $B$ دا كۆرسىتىلگەندەك ئۇ جەمئىي مۇنداق ئۈچ كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ: ئېغىرلىق كۈچى $G=mg$، تامنىڭ تىرەش كۈچى $F_1$، ئېسىلغان يىپنىڭ تارتىش كۈچى $F_2$.

بۇ ئۈچ كۈچ چوقۇم ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىر قىلىش نۇقتىسى توپ مەركىزى $O$ نۇقتىدا بولىدۇ، تىرەش كۈچى $F_1$ توپنىڭ رادىئۇس يۆنىلىشىنى بويلىغان بولىدۇ، $G$ بىلەن $F_1$ نىڭ تەسىر قىلىش سىزىقى چوقۇم $O$ نۇقتىدا كېسىشىدۇ. پاراللېل تۆت تەرەپلىك قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ يىغىندى كۈچى $F$ نى تېپىپ چىقساق، بۇ چاغدا پۇتبول بىلەن تور خالتا ئىككى كۈچ ($F$ بىلەن $F_2$)كە ئۇچرىغانغا تەڭداش بولىدۇ. ئىككى كۈچنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىدىن $F_2$نىڭ تەسىر قىلىش سىزىقىنىڭمۇ چوقۇم $O$ نۇقتىدىن ئۆتىدىغانلىقى، يەنى ئەسلىدىكى ئۈچ كۈچنىڭ ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەردىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ.




3.4ــرەسىم




2.4ــرەسىم

$G$ بىلەن $\alpha$ بېرىلگەن بولۇپ، ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىدىن $F_1$بىلەن $F_2$نى تېپىشقا بولىدۇ.

**يېشىش** پۇتبولنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ ئالىمىز. ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىدىن بىلىش مۇمكىنكى، $F_1$بىلەن $mg$ نىڭ يىغىندى كۈچى $F$ بولسا $F_2$گە تەڭ، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولىدۇ، 2.4ــرەسىم


Scanned by CamScanner

$B$ دىكى كۆچلەرنىڭ پاراللېل تۆت تەرەپلىكىدىن تۆۋەندىكىلەرنى تېپىشقا بولىدۇ:

$$F_1 = mg\tan\alpha$$
$$F_2 = mg/\cos\alpha$$

**【2-مىسال】** $A$ جىسىم گورىزونتال كۈچ $F_1=400\text{N}$ نىڭ تەسىرىدە يانتۇلۇق بۇلۇڭى $\theta=60°$ بولغان يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ تەكشى تېزلىكتە تۆۋەنگە سىيرىلىدۇ (3.4-رەسىم $A$). جىسىم $A$ ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچى $G=400\text{N}$ بولسا، يانتۇ تەكشىلىكنىڭ $A$ جىسىمنى تىرەش كۈچىنى ۋە $A$ بىلەن يانتۇ تەكشىلىك ئارىسىدىكى ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسىيېنتى $\mu$ نى تاپايلى.

**تەھلىل** $A$ جىسىمنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ ئالىمىز. $A$ جىسىم ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا بولغان ئېغىرلىق كۈچى $G$، گورىزونتال ئوڭغا قارىتا بولغان كۈچ $F_1$، يانتۇ تەكشىلىككە تىك بولغان يانتۇ يۇقىرىغا قارىتا يۆنىلىشتىكى تىرەش كۈچى $F_2$ ۋە يانتۇ تەكشىلىككە پاراللېل بولغان يۇقىرىغا قارىتا يۆنەلگەن سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى $F_3$ دىن ئىبارەت تۆت كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ (3.4-رەسىم $B$). بۇلارنىڭ ئىچىدىكى $G$ بىلەن $F_1$ بېرىلگەن. سىيرىلما سۈركىلىش قانۇنى $F_3=\mu F_2$ دىن بىلىشكە بولىدۇكى، $F_2$ بىلەن $F_3$ نى تېپىپ چىقساقلا، $\mu$ نى تېپىشقا بولىدۇ. $A$ جىسىم ئورتاق نۇقتىلىق تۆت كۈچنىڭ تەسىرىدە تەڭپۇڭلۇق ھالەتتە تۇرىدۇ. يانتۇ تەكشىلىككە پاراللېل ۋە تىك بولغان يۆنىلىشلەردە ئايرىم-ئايرىم جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇق تەڭلىمىسىنى تۈزۈپ چىقساق، $F_2$ بىلەن $F_3$ نى تېپىپ چىقالايمىز.

**يېشىش** يانتۇ تەكشىلىككە پاراللېل يۆنىلىشنى $x$ ئوق، يانتۇ تەكشىلىككە تىك يۆنىلىشنى $y$ ئوق قىلىپ ئېلىپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا بۇ ئىككى يۆنىلىشتە تەڭپۇڭلۇق شەرتلىرىدىن پايدىلىنىپ يېشىمنى تاپىمىز. تەڭپۇڭلۇق شەرتىدىن بىلىشكە بولىدۇكى، بۇ ئىككى يۆنىلىشتىكى يىغىندى كۈچ $F_{x\,\text{يىغىندى}}$ بىلەن $F_{y\,\text{يىغىندى}}$ ئايرىم-ئايرىم ھالدا نۆلگە تەڭ بولىدۇ،

يەنى

$$F_{x\,\text{يىغىندى}} = F_3 + F_1\cos\theta - G\sin\theta = 0 \qquad (1)$$
$$F_{y\,\text{يىغىندى}} = F_2 - F_1\sin\theta - G\cos\theta = 0 \qquad (2)$$

ئىپادە (2) دىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$F_2 = G\cos\theta + F_1\sin\theta = 546\text{N}$$

ئىپادە (1) دىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$F_3 = G\sin\theta - F_1\cos\theta = 146\text{N}$$

شۇنىڭ ئۈچۈن

$$\mu = \frac{F_3}{F_2} = 0.27$$

يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالدىن بىلىشكە بولىدۇكى، كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇق مەسىلىسىنى يېشىشتىمۇ ئالدى بىلەن جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، ئاندىن تەڭپۇڭلۇق شەرتىگە ئاساسەن تەڭلىمە تۈزۈپ چىقىپ يېشىش كېرەك.

## 1- مەشىق

(1) يانتۇلۇق بۇلۇڭى $\theta=15°$ بولغان يانتۇ تەكشىلىكتە تىنچ تۇرغان بىر جىسىمنىڭ ماسسىسى $m=10\text{kg}$ بولسا، جىسىمنىڭ يانتۇ تەكشىلىككە بولغان بېسىم كۈچى قانچىلىك بولىدۇ؟ جىسىم ئۇچرىغان تىنچ سۈركىلىش كۈچىنىڭ يۆنىلىشى قانداق بولىدۇ؟ تىنچ سۈركىلىش كۈچى قانچىلىك بولىدۇ؟

(2) ماسسىسى $50\text{kg}$ بولغان بىر جىسىم يانتۇ تەكشىلىككە پاراللېل بولغان تارتىش كۈچى $F$ نىڭ تەسىرىدە يانتۇلۇق بۇلۇڭى $30°$ بولغان يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ تەكشى تېزلىكتە ھەرىكەت قىلغان (4.4-رەسىم)، يانتۇ تەكشىلىكنىڭ سۈركىلىش كوئېففىتسىيېنتى 0.3 ئىكەنلىكى بېرىلگەن بولسا، تارتىش كۈچى $F$ قانچىلىك بولىدۇ؟



Scanned by CamScanner

(3) 4 .5ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ، جىسىم بىر تال تانا $a$ ئارقىلىق ئېسىپ قويۇلۇپ ، يەنە بىر تال گورىزونتال تانا $b$ ئارقىلىق جىسىم بىر يانغا مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلغان . جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى 40N ، تانا $a$ بىلەن ۋېرتىكال يۆنىلىش ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ $\theta=30^\circ$ بولسا ، تانا $a$ بىلەن $b$ نىڭ جىسىمنى تارتىش كۈچلىرى ئايرىم-ئايرىم قانچىلىك بولىدۇ ؟



6.4ـ رەسىم



5.4ـ رەسىم



4.4ـ رەسىم

(4) 4 .6ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ، جىسىم ئورتاق نۇقتىلىق بەش كۈچنىڭ تەسىرىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغان . ئەگەر كۈچ $F_1$ نى ئېلىۋېتىپ ، قالغان تۆت كۈچنى ئۆزگەرتمىگەندە ، بۇ تۆت كۈچنىڭ يىغىندى كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە يۆنىلىشلىرى قانداق بولىدۇ ؟

## §3* . مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقى

**ئايلانما ھەرىكەت تەڭپۇڭلۇقى** كۈچ جىسىمنى ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ . جىسىم ئايلانما ھەرىكەت قىلغاندا ، ئۇنىڭ ھەرقايسى نۇقتىلىرىنىڭ ھەممىسى چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلىدۇ ، چەمبەر ئايلانمىسىنىڭ مەركىزى ئوخشاش بىر تۈز سىزىقتا بولىدۇ . بۇ تۈز سىزىق ئايلىنىش ئوقى دەپ ئاتىلىدۇ . ئىشىك ، قۇمچاق ، ماشىنىلارنىڭ ماخاۋىكى ، ئېلېكتر ماتورىنىڭ روتورى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىملاردۇر . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە سۆزلەنگەن ھەر خىل پىشاڭلارمۇ مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىملارغا تەۋە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئايلىنىش ئوقىنى چۆرىدەپ ئايلانما ھەرىكەت قىلىدۇ . مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىم كۈچ تەسىرىدە تىنچ (ياكى تەكشى ئايلانما ھەرىكەت) ھالىتىنى ساقلىسا ، بۇ جىسىم ئايلانما ھەرىكەت تەڭپۇڭلۇق ھالىتىدە تۇرىدۇ ، دەپ ئېيتىمىز .



7.4ـ رەسىم. پىشاڭغا تەسىر قىلغان كۈچ ۋە كۈچ يەلكىسى

**كۈچ مومېنتى** كۈچ قانچە چوڭ بولسا ، كۈچنىڭ جىسىمنى ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرۇش رولى شۇنچە چوڭ بولىدۇ . لېكىن كۈچنىڭ جىسىمنى ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرۇش رولى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي ، يەنە كۈچ بىلەن ئايلىنىش ئوقى ئارىسىدىكى ئارىلىققا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . ئىشىكنى ئايلىنىش ئوقىغا يېقىنراق جايدىن ئىتتەرسەك ، چوڭراق كۈچ ئىشلەتسەك ئاندىن ئىشىكنى ئاچالايمىز ؛ ئىشىكنى ئايلىنىش ئوقىدىن يىراقراق بولغان جايدىن ئىتتەرسەك ، كىچىكرەك كۈچ بىلەنلا ئىشىكنى ئاچالايمىز . گايكىنى قولىمىز بىلەن بىۋاستە بۇرىساق ، ئۇنى بۇراپ چىڭدىتالمايمىز ؛ كولۇچ بىلەن بۇرىساق ، ئاسانلا بۇراپ چىڭىتالايمىز . دېمەك ، كۈچ قانچە چوڭ ، كۈچ بىلەن ئايلىنىش ئوقى ئارىسىدىكى ئارىلىق قانچە چوڭ بولسا ، كۈچنىڭ ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرۇش رولى شۇنچە چوڭ بولىدۇ .

كۈچ بىلەن ئايلىنىش ئوقى ئارىسىدىكى ئارىلىق ، يەنى ئايلىنىش ئوقىدىن كۈچنىڭ تەسىر قىلىش سىزىقىغىچە بولغان ئارىلىق كۈچ يەلكىسى دەپ ئاتىلىدۇ . 4 .7ـ رەسىمدىكى $F_1$ بىلەن $F_2$ دىن ئىبارەت ئىككى كۈچ پىشاڭغا تەسىر قىلىدۇ ، پىشاڭنىڭ ئايلىنىش ئوقى $O$ دىن ئۆتۈپ قەغەز يۈزىگە تىك بولىدۇ ،



Scanned by CamScanner

$L_1$ بولسا كۈچ $F_1$ نىڭ ئايلىنىش ئوقىغا بولغان كۈچ يەلكىسى ، $L_2$ بولسا كۈچ $F_2$ نىڭ ئايلىنىش ئوقىغا بولغان كۈچ يەلكىسى . كۈچ $F$ بىلەن كۈچ يەلكىسى $L$ نىڭ كۆپەيتمىسى كۈچنىڭ ئايلىنىش ئوقىغا قارىتا بولغان كۈچ مومېنتى دەپ ئاتىلىدۇ . كۈچ مومېنتىنى $M$ بىلەن ئىپادىلىسەك ، ئۇ ھالدا مۇنداق بولىدۇ :

$$M=FL$$

كۈچنىڭ جىسىمنى ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرۇش رولى كۈچ مومېنتىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ، كۈچ مومېنتى قانچە چوڭ بولسا ، كۈچنىڭ جىسىمنى ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرۇش رولى شۇنچە چوڭ بولىدۇ . كۈچ نۆلگە تەڭ بولغاندا ، كۈچ مومېنتىمۇ نۆلگە تەڭ بولۇپ ، روشەنكى جىسىمدا ئايلانما ھەرىكەت ھاسىل قىلىنمايدۇ . كۈچ نۆلگە تەڭ بولماي ، كۈچ يەلكىسى نۆلگە تەڭ بولسىلا ، كۈچ مومېنتى ئوخشاشلا نۆلگە تەڭ بولۇپ ، بۇ كۈچنىڭ جىسىمغا قارىتا ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرۇش رولى بولمايدۇ . سىز بۇنىڭغا دائىر بىرنەچچە ئەمەلىي مىسال كەلتۈرەلەمسىز ؟

كۈچ مومېنتىنىڭ بىرلىكى كۈچ بىلەن كۈچ يەلكىسىنىڭ بىرلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا كۈچ مومېنتىنىڭ بىرلىكى نيۇتون مېتىر ، بەلگىسى **N · m** .

## مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە

بىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە پىشاڭنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەنىدۇق، سىز بۇ يەردە ئۆگەنگەن كۈچ مومېنتى ئۇقۇمىدىن پايدىلىنىپ پىشاڭنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىنى ئىپادىلەپ چىقالامسىز؟

**كۈچ مومېنتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى** كۈچ مومېنتى جىسىمنى ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەردە ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ . 4 .7ـرەسىمدە كۆرسىتىلگەن كۈچ $F_1$ نىڭ كۈچ مومېنتى $M_1$ پىشاڭنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى يۆنىلىشتە ئايلاندۇرىدۇ ، كۈچ $F_2$ نىڭ كۈچ مومېنتى $M_2$ پىشاڭنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى بويىچە ئايلاندۇرىدۇ . ئەگەر بۇ ئىككى كۈچ مومېنتى ئۆزئارا تەڭ بولسا ، پىشاڭ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ ، بۇ بىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگىنىپ ئۆتكەن پىشاڭنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتى بولۇپ ، كۈچ مومېنتى تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئەڭ ئاددىي ئەھۋالىدۇر . ئۇنداقتا كۈچ مومېنتى تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئومۇمىي شەرتى نېمىدىن ئىبارەت ؟

تۆۋەندە تەجرىبە ئارقىلىق بۇ شەرتنى ئىزدەپ تاپىمىز .

## تەجرىبە




8.4ـرەسىم. تەكشى ماسسىلىق دىسكىنىڭ مەركىزى $O$ دىن ئۆتكەن ھەم دىسكا يۈزىگە تىك بولغان ئايلىنىش ئوقىنى چۆرىدەپ ئايلانما ھەرىكەت قىلىشى

8.4ـرەسىمدە كۆرسىتىلگەن دىسكا ئۆزىنىڭ مەركىزى $O$ دىن ئۆتكەن ھەم دىسكا يۈزىگە تىك بولغان ئوقنى چۆرىدەپ ئايلانما ھەرىكەت قىلىدۇ. دىسكا كۈچ $F_1$، $F_2$ ۋە $F_3$ لەرنىڭ كۈچ مومېنتلىرىنىڭ تەسىرىدە تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇ ئۈچ كۈچنىڭ كۈچ يەلكىلىرى $L_1$، $L_2$ ۋە $L_3$ لەرنى ئۆلچەپ چىقىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا دىسكىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى بويىچە ئايلاندۇرىدىغان كۈچ مومېنتى $M_1=F_1L_1$، $M_2=F_2L_2$ ۋە دىسكىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى يۆنىلىشتە ئايلاندۇرىدىغان كۈچ مومېنتى $M_3=F_3L_3$ نى ھېسابلاپ چىقىمىز. بۇنىڭ قانداق قانۇنىيىتى بارلىقىغا قاراپ باقايلى.

Scanned by CamScanner

شۇنى بايقاشقا بولىدۇكى، دىسكىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى بويىچە ئايلاندۇرىدىغان كۈچ مومېنتلىرىنىڭ يىغىندىسى دىسكىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى يۆنىلىشتە ئايلاندۇرىدىغان كۈچ مومېنتلىرىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولىدۇ، يەنى

$$M_1+M_2=M_3$$

كۈچلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە تەسىر قىلىش نۇقتىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ تەجرىبىنى قايتا ئىشلىسەك ئوخشاش نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئەگەر كۆپلىگەن كۈچ مومېنتلىرى مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە بىر جىسىمغا تەسىر قىلغاندا، جىسىمنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئايلاندۇرىدىغان بارلىق كۈچ مومېنتلىرىنىڭ يىغىندىسى جىسىمنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى يۆنىلىشتە ئايلاندۇرىدىغان بارلىق كۈچ مومېنتلىرىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولغاندا، جىسىم ئايلانما ھەرىكەت تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.

ئەگەر جىسىمنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى يۆنىلىشتە ئايلاندۇرىدىغان كۈچ مومېنتىنى مۇسبەت كۈچ مومېنتى، جىسىمنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى بويىچە ئايلاندۇرىدىغان كۈچ مومېنتىنى مەنپىي كۈچ مومېنتى دەپ بېكىتسەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەتىجىنى مۇنداق بايان قىلىشقا بولىدۇ: مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتى كۈچ مومېنتلىرىنىڭ ئالگېبرالىق يىغىندىسى نۆلگە تەڭ بولۇشتىن ئىبارەت. يەنى

$$M_1+M_2+M_3+\cdots=0$$

ياكى

$$M_{\text{يىغىندى}}=0$$

جىسىمغا تەسىر قىلغان بىرنەچچە كۈچنىڭ يىغىندى كۈچ مومېنتىنىڭ نۆلگە تەڭ بولۇش ئەھۋالى **كۈچ مومېنتلىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى** دەپ ئاتىلىدۇ.

## § 4. كۈچ مومېنتلىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىنىڭ قوللىنىلىشى



9.4-رەسىم

**【1-مىسال】** 9.4-رەسىمدىكى $BO$ ماسسىسى تەكشى بولغان بىر تال توغرا لىم بولۇپ، ئېغىرلىقى $G_1=80\text{N}$. توغرا لىم $BO$ نىڭ بىر ئۇچى $B$ نۇقتىغا ئورنىتىلغان، ئۇ $B$ نۇقتىدىن ئۆتكەن ھەم قەغەز يۈزىگە تىك بولغان ئوقنى چۆرىدەپ ئايلىنالايدۇ، يەنە بىر ئۇچى پولات ئارغامچا $AO$ بىلەن تارتىپ قويۇلغان. توغرا لىم گورىزونتال ھالەتنى ساقلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ پولات ئارغامچا بىلەن بولغان ئارا بۇلۇڭى $\theta=30°$. توغرا لىمنىڭ $O$ نۇقتىسىغا ئېغىرلىقتىكى $G_2=240\text{N}$ بىر جىسىم ئېسىلغان بولسا، پولات ئارغامچىنىڭ توغرا لىمغا بولغان تارتىش كۈچى $F_1$ نى تاپايلى.

**تەھلىل** توغرا لىم $BO$ مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىم بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ كۈچ مومېنتىنىڭ تەسىرىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ، يەنى تارتىش كۈچى $F_1$ نىڭ كۈچ مومېنتى $F_1l\sin\theta$، ئېغىرلىق كۈچى $G_1$ نىڭ كۈچ مومېنتى $G_1l/2$، تارتىش كۈچى $F_2$ نىڭ كۈچ مومېنتى $F_2l$. ئېسىلغان جىسىم تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغانلىقى، يەنى $F_2=G_2$ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، $F_2$ نىڭ كۈچ مومېنتى $F_2l=G_2l$ بولىدۇ. مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىگە ئاساسەن $F_1$ نى تېپىشقا بولىدۇ.

**يېشىش** تەڭپۇڭلۇق شەرتىگە ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ:



Scanned by CamScanner

$$F_1 l\sin\theta - G_1\frac{l}{2} - G_2 l = 0$$

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ:

$$F_1=\frac{G_1+2G_2}{2\sin\theta}=560\text{N}$$

【2-مىسال】 ئېغىرلىقى $1.2\times10^4$N بولغان بىر ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى چاقى يەر گىرىنى بېسىپ تۇرغان (10.4-رەسىم A)، ئۆلچەش نەتىجىسى $6.7\times10^3$N، ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى چاقى بىلەن كەينى چاقى ئارىسىدىكى ئارىلىق 2.7m بولسا، ئاپتوموبىلنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئورنىنى تاپايلى (يەنى ئالدى چاقى ياكى كەينى چاقىنىڭ يەر يۈزىگە تېگىشىش نۇقتىسىدىن ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىر قىلىش سىزىقىغىچە بولغان ئارىلىقنى تاپايلى).




10.4-رەسىم

**تەھلىل** ئاپتوموبىلنى مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىم دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر كەينى چاقنىڭ يەر يۈزىگە تېگىشىپ تۇرغان جايىنى ئايلىنىش ئوقى دەپ ئالساق، ئاپتوموبىل ئىككى كۈچ مومېنتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بىرى ئېغىرلىق كۈچى $G$ نىڭ كۈچ مومېنتى، يەنە بىرى يەر گىرىنىڭ ئالدى چاقىقا بولغان تىرەش كۈچى $F$ نىڭ كۈچ مومېنتى بولۇپ، $F$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئاپتوموبىل ئالدى چاقىنىڭ يەر گىرىنى بېسىش كۈچىگە تەڭ، يەنى مىسالدا بېرىلگەن ئۆلچەنگەن نەتىجە $6.7\times10^3$N غا تەڭ. ئاپتوموبىل بۇ ئىككى كۈچ مومېنتىنىڭ تەسىرىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. ئايلانما ھەرىكەتنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتىدىن پايدىلىنىپ ئاپتوموبىل ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئورنىنى تېپىشقا بولىدۇ.

ئويلاپ كۆرەيلى، نېمە ئۈچۈن ئالدى چاقىنىڭ يەر يۈزىگە تېگىشىپ تۇرغان جايىنى ئايلىنىش ئوقى قىلىپ ئالمايمىز؟

**يېشىش** 10.4-رەسىم $B$ دا كۆرسىتىلگەندەك، ئاپتوموبىلنىڭ كەينى چاقىنىڭ يەر يۈزىگە تېگىشىپ تۇرغان جايىنى ئايلىنىش ئوقى قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئېغىرلىق كۈچى $G$ نىڭ ئايلىنىش ئوقىغا قارىتا بولغان كۈچ يەلكىسىنى $l$، يەر گىرىنىڭ ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى چاقىغا بولغان تىرەش كۈچى $F$ نىڭ كۈچ مومېنتىنى $L$ دەپ ئالساق، $FL=Gl$ دىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشىمىز:

$$l=\frac{FL}{G}=\frac{6.7\times10^3\times2.7}{1.2\times10^4}\text{m}=1.5\text{m}$$

## 2-مەشىق

(1) ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئاچقاندا ھەم ياپقاندا، ئەگەر كۈچنىڭ تەسىر قىلىش سىزىقى ئايلىنىش ئوقىدىن ئۆتسە، مەيلى قانچىلىك چوڭلۇقتىكى كۈچ ئىشلىتىلمىسۇن، ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئاچقىلى ياكى ياپقىلى بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟




11.4-رەسىم

(2) 11.4-رەسىمدە كۆرسىتىلگەن $OAB$ ئېگىپ تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىنغان بىر دەستە بولۇپ، ئۇ $O$ نۇقتىدىن ئۆتكەن قەغەز يۈزىگە تىك بولغان ئوقنى چۆرىدەپ ئايلىنالايدۇ. دەستىنىڭ $OA$ قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30cm، $AB$ قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40cm. ئەمدى $F=10$N كۈچ بىلەن دەستە $OAB$ غا تەسىر قىلدۇرۇپ، كۈچ $F$ نىڭ ئوق $O$ غا بولغان كۈچ مومېنتىنى ئەڭ چوڭ قىلىش ئۈچۈن، $F$ نى دەستىگە قانداق تەسىر قىلدۇرۇش كېرەك؟ سخېمىسىنى سىزىپ چىقىڭ ھەم بۇ ئەڭ چوڭ كۈچ مومېنتىنى تېپىپ چىقىڭ.

(3) بىر تال ياغاچنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى ئۇچىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا بولغان 480N كۈچ كېتىدۇ، ئۇنىڭ سول تەرەپتىكى ئۇچىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا بولغان 650N كۈچ كېتىدۇ. بۇ ياغاچنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك؟



Scanned by CamScanner

(4) 4.12-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، ۋىنتا بىلەن گايكا ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ تىنچ سۈركىلىش كۈچىنىڭ ئوق O غا قارىتا بولغان كۈچ مومېنتى 40N • m. ئەگەر ئۇزۇنلۇقى 20cm بولغان كۇلۇچ بىلەن بۇ گايكىنى چىڭىتقاندا، كۇلۇچقا ئاز دېگەندە قانچىلىك كۈچ چۈشۈرگەندە ئاندىن بۇ گايكىنى چىڭىتقىلى بولىدۇ؟




4.12-رەسىم




## تەڭپۇڭلۇقنىڭ تۈرلىرى ۋە تۇرغۇنلۇق

### تەڭپۇڭلۇقنىڭ تۈرلىرى

سىز پولات سىم ئۈستىدە مېڭىش سىرك ئويۇنىنى كۆرۈپ باققانمۇ (4.13-رەسىم)؟ موللا قوپقاق (يىقىلماس قورچاق)نى ئويناپ باققانمۇ (4.14-رەسىم A)؟ پولات سىم ئۈستىدە ماڭىدىغان سىركچى، بالىلار ئوينايدىغان موللا قوپقاق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېغىرلىق كۈچى ۋە تىرەش كۈچىنىڭ تەسىرىدە تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرىدۇ، پولات سىم ئۈستىدە ماڭغان سىركچى سەل دىققەتسىزلىك قىلسا يىقىلىپ چۈشىدۇ، موللا قوپقاقنى ئۆرۈۋەتكەندە، ئۇ ئۆزلۈكىدىن تۇرۇۋالىدۇ. دېمەك، تەڭپۇڭلۇقلارمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئۇنداق بولسا تەڭپۇڭلۇقنىڭ قانداق تۈرلىرى بار؟




4.14-رەسىم



4.13-رەسىم

ئەگەر 4.15-رەسىم A دا كۆرسىتىلگەندەك، ياغاچ تاختىنىڭ بىر ئۇچىدىكى تۆشۈكچىنى گورىزونتال ئوق O غا ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ياغاچ تاختىنى تەڭپۇڭلۇق ئورنىدىن ئازراق يۆتكەپ قويساق، ئېغىرلىق مەركىزى C نىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ-دە، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئوق O غا بولغان كۈچ مومېنتى ئۇنى ئەسلىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئورنىغا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق تەڭپۇڭلۇق مۇقىم تەڭپۇڭلۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر 4.15-رەسىم B دا كۆرسىتىلگەندەك، ياغاچ تاختىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى دەل گورىزونتال ئوقنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرۈپ، ياغاچ تاختىنى تەڭپۇڭلۇق ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئاندىن ياغاچ تاختىنى تەڭپۇڭلۇق ئورنىدىن مەلۇم سەۋەبلەر ئارقىلىق ئازراق يۆتكىسەك، ئېغىرلىق مەركىزى C نىڭ ئورنى تۆۋەنلەيدۇ-دە، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئوق O غا بولغان كۈچ مومېنتى ئۇنى تەڭپۇڭلۇق ئورنىدىن ئۈزلۈكسىز يىراقلاشتۇرىدۇ، بۇنداق تەڭپۇڭلۇق مۇقىمسىز تەڭپۇڭلۇق دەپ ئاتىلىدۇ.




4.15-رەسىم

ئەگەر 4.15-رەسىم C دا كۆرسىتىلگەندەك، ياغاچ تاختىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى C دىكى تۆشۈكچىنى ئوق O غا ئۆتكۈزۈپ قويساق، بۇ چاغدا ياغاچ تاختىنى مەيلى قايسى ئورۇنغا كەلتۈرەيلى، ئۇ ھەممىسىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئېغىرلىق مەركىزى C نىڭ ئورنى ئۆزگەرمىگەچكە، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئوق O غا بولغان كۈچ مومېنتى ئۆزگەرمەيدۇ، بۇنداق تەڭپۇڭلۇق پەرقسىز (ئەھمىيەتسىز) تەڭپۇڭلۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك، جىسىملارنىڭ ئېغىرلىق كۈچى بىلەن تىرەش كۈچىنىڭ تەسىرىدىكى تەڭپۇڭلۇقىنى مۇقىم تەڭپۇڭلۇق، مۇقىمسىز تەڭپۇڭلۇق ۋە پەرقسىز تەڭپۇڭلۇق دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. جىسىم تەڭپۇڭلۇق ئورنىدىن ئازراقلا ئېغىشسا، يەنى ئېغىرلىق مەركىزى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسا، مۇقىم تەڭپۇڭلۇق، ئېغىرلىق مەركىزى تۆۋەنلىگەن بولسا، مۇقىمسىز تەڭپۇڭلۇق، ئېغىرلىق مەركىزى ئۆزگەرمىگەن بولسا، پەرقسىز تەڭپۇڭلۇق بولىدۇ.

موللا قوپقاقنىڭ تېگى قىسمى ئېغىرراق لاي پارچىسى ياكى تۆمۈر پارچىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ، ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ ئىچى كاۋاك بولىدۇ، ئۆرە تۇرغاندا ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئورنى ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ (4.14-رەسىم B)، ئۇنى قانداقلا قوزغىسا، ئۇنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، شۇڭا ئۆزلۈكىدىن ئۆرە تۇرۇۋالىدۇ.

پولات سىمدا ماڭىدىغان سىركچى دائىم ئۆزىنى تەڭشەش ئارقىلىق مۇقىمسىز تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرالايدۇ، دەل



Scanned by CamScanner

مۇشۇنداق ئاسان ئېگىلگىلى بولمايدىغان يۇقىرى ماھارەتكە تايىنىپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

ماشىنىلارنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىدىغان قىسىملىرى، مەسىلەن، ئېلېكتر ماتورىنىڭ روتورى، ھور تۇربىنىسى، ئايلانغاندا تەۋرىنىشنىڭ چاقپەلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم پەرقسىز تەڭپۇڭلۇققا تەڭشىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ئايلانغاندا تەۋرىنىش ھاسىل بولۇپ، ماشىنا بۇزۇلۇپ قالىدۇ.



16.4–رەسىم

**تۇرغۇنلۇق** ياتقۇزۇپ قويۇلغان خىش بىلەن تىكلەپ قويۇلغان خىش ئوخشاشلا مۇقىم تەڭپۇڭلۇق ھالەتتە تۇرىدۇ، تەڭپۇڭلۇق ئورنىدىن ئازراق ئايرىلسا، ئېغىرلىق مەركىزى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇقىملىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. تىكلەپ قويۇلغان خىش ئاسانلا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەمما ياتقۇزۇپ قويۇلغان خىش ئاسانلىقچە ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ. جىسىملارنىڭ مۇقىملىق دەرىجىسىنى تۇرغۇنلۇق دەپ ئاتايمىز.

16.4–رەسىمدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ياتقۇزۇپ قويۇلغان خىشنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى تۆۋەن، يۈزى چوڭ بولۇپ، ئۇنى ناھايىتى چوڭ بۇلۇڭدا ئېغىشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىر قىلىش سىزىقى تىرەش يۈزىدىن چىقىپ كېتىپ، خىش سىرتقا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. تىكلەپ قويۇلغان خىشنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى يۇقىرى، ئاساسىنىڭ يۈزى كىچىك بولىدۇ، شۇڭا ئانچە چوڭ بولمىغان بۇلۇڭدا ئېغىشسىلا، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىر قىلىش سىزىقى تىرەش يۈزىدىن چىقىپ كېتىپ، خىش ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. دېمەك، جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى قانچە تۆۋەن، ئاساسىنىڭ يۈزى قانچە چوڭ بولسا، تۇرغۇنلۇقى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

جىسىملارنىڭ تۇرغۇنلۇقىنى چوڭايتىشنىڭ مۇھىم ئەمەلىي ئەھمىيىتى بار. جىسىمنىڭ تۇرغۇنلۇقىنى چوڭايتىشتا ھەم ئاساسىنىڭ يۈزىنى چوڭايتىش، ھەم ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئېگىزلىكىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئاساسىنىڭ يۈزىنى چوڭايتىش ۋە ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئېگىزلىكىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان تارازا ئاساسىنىڭ يۈزى چوڭراق ھەم ئېغىرراق بولغان تەگلىككە ئورنىتىلىدۇ، تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان فوتو ئاپپارات تىرەش يۈزى خېلى چوڭ بولغان ئۈچ پۇتلۇق جازىغا ئورنىتىلىدۇ، يۇقىرى بېسىملىق توك ئۆزىتىش سىملىرىنىڭ تۆمۈر مۇنارىنىڭ چوڭ تىرەش يۈزى تۆمۈر جازىنىڭ يۈزى چوڭراق بولغان بىر چويۇن تەگلىكى بولىدۇ، فوتو ئاپپارات تىرەش يۈزى خېلى چوڭ بولغان بولىدۇ. دالا ئاپتوموبىللىرى ۋە تاغلىق رايونلاردا ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنىڭ چاقلىرى ئارىسىدىكى كەڭلىك چوڭراق بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرغۇنلۇقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر.

## بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە

(1) جىسىمنىڭ ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى تەڭپۇڭلۇق شەرتى نېمىدىن ئىبارەت؟

(2) كۈچ بەلكىسى دېگەن نېمە؟ كۈچ مومېنتى دېگەنچۇ؟ كۈچنىڭ جىسىمنى ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرۇش رولى نېمىدىن بەلگىلىنىدۇ؟

(3) مۇقىم ئايلىنىش ئوقىغا ئىگە جىسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتى نېمىدىن ئىبارەت؟

(4) جىسىملارنىڭ تەڭپۇڭلۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى پىكىر قىلىش يولى ۋە ئومۇمىي باسقۇچلار قانداق بولىدۇ؟ ئۆزىڭىز خۇلاسىلەپ كۆرۈڭ.

مەيلى دىنامىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بولسۇن ياكى جىسىملارنىڭ تەڭپۇڭلۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا بولسۇن، ھەممىسىدە ئالدى بىلەن جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، ئاندىن دىنامىكىلىق تەڭلىمىسىنى ياكى تەڭپۇڭلۇق تەڭلىمىسىنى تۈزۈپ چىقىپ يېشىش كېرەك. جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش مېخانىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالىنى قانداق تەھلىل قىلىش كېرەكلىكى، قايسى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆزىڭىز سىستېمىلىق خۇلاسىلەپ كۆرۈڭ. بۇلار مېخانىكا بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل مېخانىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ناھايىتى پايدىلىق.

Scanned by CamScanner

(1) 1-مەشقنىڭ (4) مىسالىدىكى $F_1$ نىڭ يۆنىلىشىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى يۆنىلىشتە $90°$ ئايلاندۇرۇپ ، چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆزگەرتمەي ، قالغان تۆت كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتمەي ، گرافىك سىزىش ئارقىلىق بۇ بەش كۈچنىڭ يىغىندى كۈچىنى گرافىكتا ئىپادىلەپ چىقىڭ .

(2) 4 .17-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ، ماسسىسى $m$ بولغان تەكشى شار جىسىم يانتۇلۇق بۇلۇڭى $\theta$ بولغان سىلىق تەكشىلىككە قويۇلغان ھەم يانتۇ تەكشىلىكتە گورىزونتال يۆزگە تىك بولغان سىلىق توسۇق تاختا بىلەن توسۇپ قويۇلغان بولۇپ ، تەڭپۇڭلۇق ھالەتتە تۇرغان بولسا ، جىسىمنىڭ توسۇق تاختا بىلەن يانتۇ تەكشىلىككە بولغان بېسىم كۈچىنى تېپىڭ .

(3) بىر ھاۋا شارى يىپنىڭ بىر ئۇچىغا باغلانغان ، شامال كۈچىنىڭ تەسىرىدە ھاۋا شارى تەڭپۇڭ بولغاندا ، يىپ گورىزونتال تەكشىلىك بىلەن $60°$ لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان . ئەگەر يىپنىڭ تارتىش كۈچى 40N ئىكەنلىكى ئۆلچەنگەن بولسا ، شامالنىڭ ھاۋا شارىغا بولغان گورىزونتال تەسىر كۈچى قانچىلىك بولىدۇ ؟

・(4) 4 .18-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ، تەكشى بولغان بىر تال تۈز تاياقچە $OA$ ئوق $O$ نى چۆرىدەپ ئايلانما ھەرىكەت قىلىدۇ ، گورىزونتال تارتىش كۈچى $F=10N$ نى تاياقچىنىڭ $A$ ئۇچىغا تەسىر قىلدۇرغاندا ، بۇ تۈز تاياقچە ۋېرتىكال يۆنىلىش بىلەن $30°$ لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان ئورۇندا توختاپ قالغان بولسا ، بۇ تۈز تاياقچىنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك بولىدۇ . ؟

・(5) 4 .19-رەسىمدە بىر كراننىڭ سخېمىسى كۆرسىتىلگەن ، كران گەۋدىسى بىلەن تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى $G_1=4.2\times10^5N$ ، كۆتۈرگۈچى دەستىسىنىڭ ئېغىرلىقى $G_2=2.0\times10^4N$ ، باشقا سانلىق مەلۇماتلار رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولسا ، كران ئەڭ كۆپ بولغاندا قانچىلىك ئېغىرلىقتىكى يۈكنى كۆتۈرەلەيدۇ ؟

ئەسكەرتىش : بۇ چاغدا كران $O$ نى ئايلىنىش ئوقى قىلىپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ .



4.17-رەسىم



4.18-رەسىم



4.19-رەسىم




$\cos\theta = \frac{F}{T}$

$F = T\cos\theta = 40N \cdot \frac{1}{2} = 20N$

# بەشىنچى باب . ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت



Scanned by CamScanner

هازىرغا قەدەر تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان كىنېماتىكا ۋە دىنامىكىلىق مەسىلىلەرنىلا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتتۇق، ئەمما ئومۇمىيۈزلۈك يۈز بېرىدىغىنى بولسا ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت. تەنھەرىكەتچى ئاتقان تۆمۈر دىسكىنىڭ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىشى (1.5-رەسىم)، ئېتىلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ بوشلۇقتا ئەگرى سىزىقنى بويلاپ ئۇچۇشى (2.5-رەسىم)، ئاپتوموبىلنىڭ ئايلانغاندىكى ھەرىكىتىنىڭ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت بولۇشى (3.5-رەسىم)، يەر شارى، يەر شارىنىڭ سۈنئىي ھەمراھى قاتارلىقلارنىڭ ئوربىتا بويلاپ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىشى قاتارلىقلار، شۇڭا ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتلەر تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتلەردىن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەمدى بىز ئۆگىنىپ ئۆتكەن كىنېماتىكىنىڭ ئاساسىي ئۇقۇملىرى ۋە دىنامىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى — نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتكە دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىمىز. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا بىز تېخى ئادەتتىكى ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتلەرنى مۇھاكىمە قىلالمايمىز، بۇ بابتا پەقەت ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتنىڭ ئىككى خىل مۇھىم ئالاھىدە ئەھۋالى — گورىزونتال ئېتىلىش ھەرىكىتى بىلەن چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنى مۇھاكىمە قىلىمىز.



1.5-رەسىم. تۆمۈر دىسكىنىڭ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىشى



2.5-رەسىم. باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىشى



3.5-رەسىم. ئاپتوموبىلنىڭ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىشي

## §1 . ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت

**ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتتىكى تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى** ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت بىلەن تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتنىڭ روشەن پەرقى شۇكى ، ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتتە تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى ھەر دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . ئۇنداق بولسا ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ خالىغان پەيتتىكى تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشىنى قانداق ئېنىقلاشقا بولىدۇ ؟

ئالدى بىلەن دائىم ئۇچرايدىغان بەزى ھادىسىلەرنى كۆزىتىپ كۆرەيلى .

تىغلىق سايمانلارنى قۇمچاق بىلەن چاقلىغاندا ، تىغنىڭ قۇمچاق بىلەن تېگىشكەن جايىدىن چىققان ئۇچقۇنلارنىڭ قۇمچاقنىڭ ئورۇنما يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۇچۇپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرىمىز (4.5-رەسىم) . بۇ ئۇچقۇنلار تىغ بىلەن قۇمچاقنىڭ تېگىشكەن جايىدىكى سۈركىلىشىدىن چىققان چوغلانغان مىكرو زەررىچىلەردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇلار ئايرىلىپ چىققان چاغدا ئىنېرتسىيە تۇپەيلىدىن تېزلىككە ئىگە بولۇپ تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ ، شۇڭلاشقا ئۇچقۇنلارنىڭ ئۇچۇپ چىقىش يۆنىلىشى قۇمچاقنىڭ تىغ بىلەن تېگىشكەن جايىدىكى ماددىي نۇقتىنىڭ تېزلىك يۆنىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ .


Scanned by CamScanner



4.5ـ رەسىم. ئۈچقۇنلار قومچاقنىڭ ئۇرۇنمىسىنى بويلاپ ئۇچۇپ چىقىدۇ



5.5ـ رەسىم. سۇ تامچىلىرى كۈنلۈك چۆرىسىنىڭ ئۇرۇنمىسىنى بويلاپ ئۇچۇپ چىقىدۇ




6.5ـ رەسىم. ماددىي نۇقتىنىڭ $A$ نۇقتىدىكى پەيتلىك تېزلىكى $v$ نىڭ يۆنىلىشى ئەگرى سىزىقنىڭ $A$ نۇقتىسىدىن ئۆتكەن ئۇرۇنما يۆنىلىشىدە بولىدۇ

ئېچىلغان ھۆل كۈنلۈكنى دەستىسىدىن تۇتۇپ پىرقىراتساق، كۈنلۈكتىكى سۇ تامچىلىرى كۈنلۈك ئەگىشىپ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ. سۇ تامچىلىرى كۈنلۈكنىڭ چۆرىسىدىن ئۇچۇپ چىققاندا، سۇ تامچىلىرىنىڭ كۈنلۈكنىڭ چۆرىسىدىكى ھەرقايسى نۇقتىلار شەكىللەندۈرگەن چەمبەر ئايلانمىسىنىڭ ئۇرۇنما يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۇچۇپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرىمىز (5.5ـ رەسىم).

دېمەك، ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتتە تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى ھەرقاچان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ماددىي نۇقتىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتا (ياكى مەلۇم بىر پەيت) دىكى تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشى ئەگرى سىزىقنىڭ شۇ نۇقتىسىدىكى ئۇرۇنمىسىنىڭ يۆنىلىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

بىزگە مەلۇم، تېزلىك ۋېكتور بولۇپ، ئۇ ھەم چوڭ-كىچىكلىككە، ھەم يۆنىلىشكە ئىگە، تېزلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ ئۆزگىرىش-ئۆزگەرمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەرسىلا، بۇ، تېزلىك ۋېكتورىنىڭ ئۆزگىرىش قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى تېزلىنىشقا ئىگە بولىدۇ. ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتتە تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى ھەرقاچان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت بولىدۇ.

**جىسىمنىڭ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىشىنىڭ شەرتلىرى**

جىسىم قانداق ئەھۋالدا ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ؟ تۆۋەندىكى تەجرىبىنى كۆزىتەيلى.

**تەجرىبە**



7.5ـ رەسىم

گورىزونتال تەكشىلىكتە تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىۋاتقان پولات ساقىغا يان تەرەپتىن يانغا يۆنەلگەن بىر كۈچ بېرىلسە، ئۇنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى ئۆزگىرىدۇ. پولات ساقىغا ئۈزلۈكسىز تۈردە يانغا يۆنەلگەن كۈچ بېرىلسە ياكى پولات ساقىنىڭ ھەرىكەت لىنىيىسىنىڭ يان تەرىپىگە بىر ماگنىت قويۇلسا، پولات ساقا ئەسلىدىكى ھەرىكەت يۆنىلىشىدىن ئېغىپ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ (7.5ـ رەسىم).

Scanned by CamScanner




9.5ـ رەسىم. يەر شارىنىڭ سۈنئىي ھەمراھى ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ



8.5ـ رەسىم. ئېتىلغان تاش ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ

تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى : ھەرىكەتتىكى جىسىم ئۇچرىغان يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئۇنىڭ تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشى ئوخشاش بىر تۈز سىزىقتا بولمىغان چاغدا ، جىسىم ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ .

ھەرىكەتتىكى جىسىمنىڭ تېزلىنىشىنىڭ يۆنىلىشى ئۇ ئۇچرىغان يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشىگە ئوخشاش بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ تېزلىنىشىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئۇنىڭ تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشىمۇ بىر تۈز سىزىقتا بولمايدۇ .

ئېتىلغان تاش ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشى بىر تۈز سىزىقتا بولمايدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن تاش ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ (5 .8ـ رەسىم) . يەر شارىنىڭ سۈنئىي ھەمراھى يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغاندا ، ئۇچرىغان يەرشارىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ يۆنىلىشى تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن بىر تۈز سىزىقتا بولمىغانلىقتىن ، سۈنئىي ھەمراھ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ (5 .9ـ رەسىم) .

جىسىملارنىڭ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىش شەرتىنى نيۇتوننىڭ ئىككىنچى ھەرىكەت قانۇنىغا ئاساسەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ . ئەگەر يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشى جىسىم تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بىر تۈز سىزىقتا بولسا ، ھاسىل بولغان تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشىمۇ بۇ تۈز سىزىقتا بولۇپ ، جىسىم تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ . ئەگەر يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشى تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى بىلەن بىر تۈز سىزىقتا بولماي ، بەلكى مەلۇم بىر بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان بولسا ، ھاسىل بولغان تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشىمۇ تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى بىلەن بىر تۈز سىزىقتا بولماي ، بەلكى مەلۇم بىر بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ ، بۇ چاغدا يىغىندى كۈچ تېزلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي ، يەنە تېزلىكنىڭ يۆنىلىشىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ-دە ، جىسىم ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ .

## 1ـ مەشىق

(1) ئىككى ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈپ ، جىسىمنىڭ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىش شەرتىنى چۈشەندۈرۈڭ .




10.5ـ رەسىم

(2) 5 .10ـ رەسىمدە ئېتىلغان چويۈن توپنىڭ ھەرىكەت لىنىيىسىنىڭ سخېمىسى (چويۈن توپنى ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولىدۇ) كۆرسىتىلگەن . چويۈن توپنىڭ بۇ ئەگرى سىزىقنى بويلاپ ھەرىكەت قىلغاندىكى $A$ ، $B$ ، $C$ ، $D$ ، $E$ قاتارلىق ھەرقايسى نۇقتىلاردىكى تېزلىكلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى سىزىپ چىقىڭ .

(3) ئاپتوموبىلنىڭ تۇراقلىق سۈرئەتتە چەمبەر شەكىللىك مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن 2min كەتكەن . ئاپتوموبىل ھەر يېرىم مەيدان ئايلانغاندا ، ئۇنىڭ تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشى قانچە گرادۇس ئۆزگىرىدۇ ؟ ئاپتوموبىل ھەر يېرىم مەيدان ئايلانغاندا ، ئۇنىڭ تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشى قانچە گرادۇس ئۆزگىرىدۇ ؟ ئاپتوموبىلنىڭ

ئاپتوموبىل ھەر 10s ئايلانغاندا ، ئۇنىڭ تېزلىكىنىڭ



Scanned by CamScanner

10s ئارىلىقتىكى ئىككى نۇرۇندىكى تېزلىك ۋېكتورىنىڭ سخېمىسىنى سىزىپ چىقىڭ .

(4) بىر ئادەم ۋېلسىپىت مىنىپ تۇراقلىق سۈرئەت بىلەن بىر بۆلەك ئەگرى يولنى ماڭغان بولسا ، ۋېلسىپىتنىڭ ھەرىكىتى تەكشى ھەرىكەت بولامدۇ ياكى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت بولامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

## § 2 . ھەرىكەتلەرنى قوشۇش ۋە ئاجرىتىش

**تەجرىبە**




11.5-رەسىم

ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100cm ~ 80cm بولغان بىر ئۇچى ھىملانغان ئەينەك نەيچىگە لىق سۈزۈك سۇ قاچىلاپ، سۇغا قىزىل مومدىن ياسالغان كىچىك سىلىندىر جىسىم $R$ نى سېلىپ قويىمىز (سىلىندىر جىسىمنىڭ دىئامېتىرىنى ئەينەك نەيچىنىڭ ئىچكى دىئامېتىرىدىن سەل كىچىك، ئېغىر-يېنىكلىكى ۋە چوڭ-كىچىكلىكىنى مۇۋاپىق قىلىپ، ئۇنى سۇدا تەكشى تېزلىكتە يۇقىرىغا لەيلەپ چىقىدىغان قىلىمىز). ئەينەك نەيچىنىڭ ئۇچۇق ئېغىزىنى رېزىنكە پۇرۇپكا بىلەن چىڭ ئېتىپ قويىمىز (11.5-رەسىم $A$).

ئەينەك نەيچىنى دوسكىغا چىڭ تىرەپ تۇرۇپ ۋېرتىكال ھالدا دۈم كۆمتۈرسەك (11.5-رەسىم $B$)، قىزىل موم سىلىندىر $R$ ئەينەك نەيچىنى بويلاپ تەكشى تېزلىكتە يۇقىرى ئۆرلەپ، تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ. قىزىل موم سىلىندىر $R$ بولسا $A$ دىن ھەرىكەت قىلىپ $B$ غا كېلىدۇ، ئۇنىڭ يۆتكىلىشى $AB$ بولىدۇ. ئۇ $A$ دىن ھەرىكەت قىلىپ $B$ غا كەلگىچە كەتكەن ۋاقىتنى خاتىرىلىۋالىمىز.

ئاندىن كېيىن ئەينەك نەيچىنى ۋېرتىكال ھالدا دۈم كۆمتۈرۈپ، قىزىل موم سىلىندىرنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەينەك نەيچىنى گورىزونتال ئوڭ تەرەپكە تەكشى تېزلىكتە يۆتكەپ، قىزىل موم سىلىندىرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتسەك، ئۇنىڭ يانتۇ ھالدا ئوڭ يۇقىرى تەرەپكە قاراپ ھەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئوخشاش ۋاقىت ئۆتكەندە، قىزىل موم سىلىندىر تۈز سىزىق $AC$ نى بويلاپ $C$ غا يېتىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۆتكىلىشى $AC$ بولىدۇ (11.5-رەسىم $C$).

قىزىل موم سىلىندىرنى بىرلا ۋاقىتتا ئەينەك نەيچىدە ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا بولغان ھەرىكەت ($A$ دىن $B$ غىچە) ۋە ئەينەك نەيچىگە ئەگىشىپ گورىزونتال ئوڭغا قارىتا بولغان ھەرىكەت ($A$ دىن $D$ غىچە) تىن ئىبارەت ئىككى ھەرىكەتكە قاتناشتى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. قىزىل موم سىلىندىرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھەرىكىتى ($A$ دىن $C$ غىچە) بۇ ئىككى ھەرىكەتنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى تەجرىبىدىكى قىزىل موم سىلىندىرنىڭ ئەينەك نەيچىنى بويلىغان ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى ھەرىكىتى بىلەن ئەينەك نەيچىگە ئەگىشىپ قىلغان گورىزونتال يۆنىلىشتىكى ھەرىكىتى ئادەتتە تارماق ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ . قىزىل موم سىلىندىرنىڭ ئەمەلىيەتتە قىلغان ھەرىكىتى ($A$ دىن $C$ غىچە) ئادەتتە يىغىندى (نەتىجىلىگۈچى) ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ ، يىغىندى ھەرىكەتنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى تارماق ھەرىكەتنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ .

يىغىندى ھەرىكەتنىڭ يۆتكىلىشى $s=AC$ يىغىندى يۆتكىلىش دەپ ئاتىلىدۇ ، تارماق ھەرىكەتنىڭ




A




B

12.5ـ رەسىم. يۆتكىلىش بىلەن تېزلىك ۋېكتور بولۇپ، ئۇلارنى پاراللېل تۆت تەرەپلىك قائىدىسى بويىچە قوشۇشقا ۋە ئاجرىتىشقا بولىدۇ

$s_1=AB$ بىلەن $s_2=AD$ لار **تارماق يۆتكىلىش** دەپ ئاتىلىدۇ . يىغىندى يۆتكىلىش $s$ پاراللېل تۆت تەرەپلىك قائىدىسى بويىچە تارماق يۆتكىلىش $s_1$ بىلەن $s_2$ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت بولىدۇ (12.5ـ رەسىم $A$ ) ، يەنى يىغىندى يۆتكىلىش $s$ ئىككى تارماق يۆتكىلىش $s_1$ بىلەن $s_2$ نىڭ ۋېكتورلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ .

يۇقىرىدىكى تەجرىبىدە ، يىغىندى ھەرىكەت بىلەن تارماق ھەرىكەتلەر بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇپ ، كەتكەن ۋاقىت $t$ ئوخشاش . يىغىندى ھەرىكەتنىڭ بۇ بۆلەك ۋاقىت ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكى (**يىغىندى تېزلىكى**) $v=\frac{s}{t}$ ، تارماق ھەرىكەتلەرنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكلىرى (**تارماق تېزلىكلىرى**) ئايرىم-ئايرىم ھالدا $v_1=\frac{s_1}{t}$ ۋە $v_2=\frac{s_2}{t}$ بولىدۇ . يىغىندى تېزلىك $v$ ئىككى تارماق تېزلىك $v_1$ بىلەن $v_2$ نىڭ ۋېكتورلۇق يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ (12.5ـ رەسىم $B$ ) . ۋاقىت $t$ نى يېتەرلىك قىسقا دەپ پەرەز قىلساق ، $v$ يىغىندى ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر پەيتتىكى پەيتلىك تېزلىكى بولۇپ ، $v_1$ بىلەن $v_2$ ئىككى تارماق ھەرىكەتنىڭ ئوخشاش بىر پەيتتىكى پەيتلىك تېزلىكلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ .

تېزلىنىشمۇ ۋېكتوردۇر ، يىغىندى ھەرىكەتنىڭ تېزلىنىشمۇ ئىككى تارماق ھەرىكەت تېزلىنىشلىرىنىڭ ۋېكتورلۇق يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ .

بېرىلگەن تارماق ھەرىكەتلەرنىڭ يىغىندى ھەرىكىتىنى تېپىش **ھەرىكەتلەرنى قوشۇش** دەپ ئاتىلىدۇ . بېرىلگەن يىغىندى ھەرىكەتنىڭ تارماق ھەرىكەتلىرىنى تېپىش **ھەرىكەتنى ئاجرىتىش** دەپ ئاتىلىدۇ . ئەمدى تۆۋەندىكى مىسالغا قاراپ باقايلى .

**【1-مىسال】** ئەگەر يۇقىرىدا ئىشلەنگەن تەجرىبىدە (11.5ـ رەسىم) ئەينەك نەيچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 90cm بولۇپ، قىزىل موم سىلىندىر ئەينەك نەيچىنىڭ بىر ئۇچىدىن ئەينەك نەيچىنى بويلاپ تەكشى تېزلىكتە ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا ھەرىكەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەينەك نەيچىنى تەكشى تېزلىكتە گورىزونتال ھالەتتە يۆتكىگەن، ئەينەك نەيچە 80cm گورىزونتال يۆتكەلگەندە، قىزىل موم سىلىندىر ئەينەك نەيچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا يېتىپ كەلگەن. پۈتكۈل ھەرىكەت جەريانى ئۇچۇن كەتكەن ۋاقىت 20s بولسا، قىزىل موم سىلىندىر ھەرىكىتىنىڭ يىغىندى تېزلىكىنى تاپايلى.

**تەھلىل** قىزىل موم سىلىندىرنىڭ ئەينەك نەيچىنى بويلاپ تەكشى تېزلىكتە ۋېرتىكال يۇقىرىغا قارىتا قىلغان ھەرىكىتى بىلەن ئەينەك نەيچىنىڭ گورىزونتال يۆتكىلىشى ئىككى تارماق ھەرىكەتتىن ئىبارەت. بۇ بىر تارماق ھەرىكەتلەر بېرىلىپ، يىغىندى ھەرىكەتنى تېپىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. تارماق ھەرىكەتلەر بىلەن يىغىندى ھەرىكەتكە كەتكەن ۋاقىت ئوخشاش، شۇڭا ئالدى بىلەن ئايرىم – ئايرىم ھالدا تارماق ھەرىكەتلەرنىڭ تېزلىكلىرىنى تېپىپ، ئاندىن يىغىندى تېزلىكنى تېپىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە ئالدى بىلەن يىغىندى يۆتكىلىشنى تېپىپ چىقىپ، ئاندىن يىغىندى تېزلىكنى ھېسابلاپ چىقساقمۇ بولىدۇ. بۇ يەردە بىز ئىككىنچى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىمىز.

**يېشىش** پاراللېل تۆت تەرەپلىك قائىدىسىگە ئاساسەن يىغىندى ھەرىكەتنىڭ يۆتكىلىشىنى تاپىمىز ، 12.5ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك $AC^2=AB^2+AD^2$ ، شۇنىڭ ئۇچۇن يىغىندى يۆتكىلىش

$$AC=\sqrt{AB^2+AD^2}=\sqrt{(0.9)^2+(0.8)^2}\text{m}=1.2\text{m}$$

يىغىندى تېزلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى

$$v=\frac{AC}{t}=\frac{1.2}{20}\text{m/s}=6.0\times10^{-2}\text{m/s}$$

رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، يىغىندى تېزلىك بىلەن يىغىندى يۆتكىلىشنىڭ يۆنىلىشلىرى ئوخشاش.

ساۋاقداشلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرىنچى خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ يىغىندى تېزلىكنى تاپسا ھەم بۇ يەردە چىققان



Scanned by CamScanner

نەتىجە بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسە بولىدۇ.

【2-مىسال】 ئايروپىلان 300km/h تېزلىكتە يانتۇ يۇقىرىغا قاراپ ئۇچقان، يۆنىلىشى گورىزونتال يۆنىلىش بىلەن 30° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان بولسا، ئۇنىڭ گورىزونتال يۆنىلىشتىكى تارماق تېزلىكى $v_x$ بىلەن ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى تارماق تېزلىكى $v_y$ نى تاپايلى (13.5-رەسىم).



13.5-رەسىم. تېزلىكنى ئاجرىتىش

**تەھلىل** ئايروپىلاننىڭ يانتۇ يۇقىرىغا قاراپ ئۇچقاندىكى ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ گورىزونتال يۆنىلىش ۋە ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى ئىككى تارماق ھەرىكىتىنىڭ يىغىندى ھەرىكىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. $v=300km/h$ نى ئاجراتساق، تارماق تېزلىكلەرنى تېپىشقا بولىدۇ.

**يېشىش**

$$v_x=v\cos30°=260km/h$$
$$v_y=v\sin30°=150km/h$$



14.5-رەسىم

ئەگەر ئىككىلا تارماق ھەرىكەت تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت بولسا، تارماق تېزلىك ۋېكتورلىرى تۇراقلىق بولۇپ، يىغىندى تېزلىك ۋېكتورىمۇ تۇراقلىق بولىدىغانلىقتىن، يىغىندى ھەرىكەتمۇ تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن موم سىلىندىرنىڭ يىغىندى ھەرىكىتى تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتتىن ئىبارەت. ئەمما، ئەگەر ئەينەك نەيچىنى گورىزونتال تېزلىنىشتا يۆتكىگەندە، گورىزونتال يۆنىلىشتىكى تارماق تېزلىك ۋېكتورلىرى تۇراقلىق بولمايدىغانلىقتىن، يىغىندى تېزلىك ۋېكتورىمۇ تۇراقلىق بولمايدۇ-دە، موم سىلىندىرمۇ تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلالمايدۇ. 14.5-رەسىمدە موم سىلىندىرنىڭ ھەرىكەت قىلغاندىكى ھەربىر سېكۇنت ئارىلىقىدا يېتىپ بارىدىغان ئورنى سىزىلغان، بۇنىڭدىن موم سىلىندىرنىڭ ئەگرى سىزىقنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىپ $C$ نۇقتىغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ يەردە ئىككى تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتنىڭ يىغىندى ھەرىكىتىنى ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. ئەكسىچە، بىر ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتنىمۇ ئىككى يۆنىلىشتىكى تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتكە ئاجرىتىشقا بولىدۇ. بۇ ئىككى يۆنىلىشتىكى كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالى بىلەن ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇھاكىمە قىلىپ، تارماق ھەرىكەت بولغان تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساق، يىغىندى ھەرىكەت بولغان ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىۋالايمىز. كېيىنكى پاراگرافتا مۇشۇنداق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ گورىزونتال ئېتىلىش ھەرىكىتىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

## مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە

يۇقىرىدىكى نەچچە مىسالدا تارماق ھەرىكەتلەر ئۆزئارا تىك بولغان ئىككى يۆنىلىشنى بويلىغان. ئەمەلىيەتتە تارماق ھەرىكەتلەرمۇ ئوخشاش بىر يۆنىلىشنى بويلىغان بولىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ: دەسلەپكى تېزلىكى $v_0$ بولغان تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنى ئوخشاش بىر تۈز سىزىقتىكى قايسى ئىككى تارماق ھەرىكەتنىڭ يىغىندى ھەرىكىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ؟

## 2-مەشىق

(1) زەمبىرەك ئىستۇۋۇلى گورىزونتال يۆنىلىش بىلەن 60° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان، زەمبىرەك ئوقىنىڭ



Scanned by CamScanner

زەمبىرەك ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىققاندىكى تېزلىكى 800m/s بولسا، بۇ تېزلىكنىڭ گورىزونتال يۆنىلىش ۋە ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى تارماق تېزلىكلىرى قانچىلىكتىن بولىدۇ؟ تېزلىكنى ئاجرىتىشنىڭ گرافىكىنى سىزىپ چىقىڭ.

(2) پاراشوتنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت تۆۋەنلىگەندىن كېيىنكى ھەرىكىتى تەكشى (تەكشى تېزلىكتە) بولىدۇ. شامال يوق چاغدا مەلۇم بىر پاراشوتچى ۋېرتىكال ھالدا تۆۋەنلەپ، يەرگە چۈشكەندىكى تېزلىكى 5m/s بولغان. ھازىر شامال بار بولۇپ، شامال پاراشوتچىنى 4m/s تېزلىكتە گورىزونتال يۆنىلىشتە شەرققە قارىتا ھەرىكەت قىلدۇرغان بولسا، ئۇ قانچىلىك چوڭلۇقتىكى تېزلىكتە يەرگە چۈشىدۇ؟ تېزلىكلەرنى قوشۇشنىڭ گرافىكىنى سىزىپ چىقىڭ.

(3) غەربتىن شەرققە ماڭغان تويچى پاراخوتتىن توپ ئېتىپ، جەنۇبىي قىرغاق ياكى شىمالىي قىرغاقتىكى نىشانغا تەگكۈزۈشتە، ئېتىش يۆنىلىشى نىشانغا بىۋاستە توغرىلىنىشى كېرەكمۇ ياكى شەرققە ئازراق ئېغىشى ۋە ياكى غەربكە ئازراق ئېغىشى كېرەكمۇ؟ گرافىكىنى سىزىڭ ھەم سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ.



15.5-رەسىم

(4) مۇشۇ پاراگرافتىكى 5 .11-رەسىمدە، مەلۇم بىر $t=0$ پەيتتىن باشلاپ قىزىل موم سىلىندىرنىڭ ئەينەك نەيچە ئىچىدە ھەر 1s تىكى ئۆرلىگەن ئارىلىقلىرى ئوخشاشلا 10cm، $t=0$ دىن باشلاپ ئەينەك نەيچە ئوڭغا قاراپ تەكشى تېزلىنىشتا يۆتكىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەر 1s تىكى بېسىپ ئۆتكەن گورىزونتال يۆتكىلىشلىرى تەرتىپ بويىچە 4cm، 12cm، 20cm، 28cm . . . دەپ پەرەز قىلىمىز. 5 .15-رەسىمدە y موم سىلىندىرنىڭ ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى يۆتكىلىشىنى، x موم سىلىندىرنىڭ ئەينەك نەيچە بىلەن بىللە بېسىپ ئۆتكەن گورىزونتال يۆتكىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ، $t=0$ بولغاندا موم سىلىندىر كوئوردېنات بېشىغا جايلىشىدۇ. رەسىمدە $t$ ۋاقىت 1s، 2s، 3s، 4s لارغا تەڭ بولغان چاغلاردىكى موم سىلىندىرنىڭ ئورنىنى ئىپادىلەڭ ھەم تەكشى ئەگرى سىزىق ئارقىلىق موم سىلىندىرنىڭ ترايېكتورىيىسىنى تەسۋىرلەپ چىقىڭ.

## § 3 . گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەرىكىتى

**گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەرىكىتى** جىسىم بەلگىلىك دەسلەپكى تېزلىكتە گورىزونتال يۆنىلىش بويىچە ئېتىلغاندا، ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندا، جىسىمنىڭ پەقەت ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە قىلغان ھەرىكىتى گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈستەل ئۈستىدىكى شارچىنى ئۇرۇپ، ئۇنى بەلگىلىك گورىزونتال دەسلەپكى تېزلىكتە ئۈستەل يۈزىدىن ئايرىۋەتكەندە، شارچىنىڭ ئۈستەل يۈزىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قىلغان ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكىتى گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەرىكىتى بولىدۇ. گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتىدە، جىسىم تېزلىك يۆنىلىشى بىلەن بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدىغان ئېغىرلىق كۈچىگە ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ.

گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى گورىزونتال يۆنىلىش ۋە ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى ئىككى تارماق ھەرىكەتكە ئاجرىتىشقا بولىدۇ. گورىزونتال يۆنىلىش (يەنى دەسلەپكى تېزلىك يۆنىلىشى)تە جىسىم كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىمىغاچقا، جىسىم ئىنېرتسىيە تۈپەيلىدىن تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلىدۇ-دە، تېزلىكى گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ دەسلەپكى تېزلىكىگە تەڭ بولىدۇ. ۋېرتىكال يۆنىلىشتە جىسىم ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ھەم دەسلەپكى تېزلىكى نۆل بولۇپ، ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولامدۇ؟ بىز تۆۋەندىكى تەجرىبىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

Scanned by CamScanner



16.5‐رەسىم. گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى تار… ماق ھەرىكىتى ئەركىن چۈشۈش ھە… رىكىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ

16.5‐رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولقا بىلەن ئېلاستىك مېتال پلاستىنكىنى ئۇرساق، $A$ شارچە گورىزونتال يۆنىلىشتە ئۇچۇپ چىقىپ، گورىزونتال ئېتىلىش ھەرىكىتى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا $B$ شارچە قويۇپ بېرىلىپ، ئۇ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى قىلىدۇ. تەجرىبە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، مېتال پلاستىنكىنى قانچە كۈچەپ ئۇرساق، $A$ شارچىنىڭ گورىزونتال تېزلىكى شۇنچە چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ يەرگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇچۇپ چىقىش گورىزونتال ئارىلىقى شۇنچە يىراق بولىدۇ. ئەمما $A$ شارچىنىڭ دەسلەپكى تېزلىكىنىڭ چوڭلۇقى قانداق بولۇشى، شۇنداقلا ئىككى شارچىنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، $A$ شارچە ھامان $B$ شارچە بىلەن تەڭلا يەرگە چۈشىدۇ.

تەجرىبە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ۋېرتىكال يۆنىلىشتە ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى قىلىدۇ، گورىزونتال يۆنىلىشتىكى تېزلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى ھەرىكىتىگە تەسىر قىلمايدۇ.



17.5‐رەسىم. گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتى بىلەن ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىنىڭ نۇر چاقنىتىپ تارتىلغان سۈرىتى

بىز يەنە گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى نۇر چاقنىتىپ سۈرەتكە تارتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى. 17.5‐رەسىم بولسا گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم بىلەن ئەركىن چۈشكەن جىسىم سىپلىشتۇرمىسىنىڭ نۇر چاقنىتىپ تارتىلغان سۈرىتى. شۇنى كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، گەرچە بۇ ئىككى شارچىنىڭ گورىزونتال يۆنىلىشتىكى ھەرىكىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى ھەرىكىتى ئوخشاش، يەنى تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدە چۈشكەن ئېگىزلىكلىرى تەڭ بولىدۇ. گورىزونتال ئېتىلغان شارچىنىڭ تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدە ئىلگىرىلىگەن گورىزونتال ئارىلىقلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆلچەش ئارقىلىق، گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتىنىڭ گورىزونتال يۆنىلىشتىكى تارماق ھەرىكىتىنىڭ تەكشى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

بۇ، ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى ھەرىكەتنىڭمۇ گورىزونتال يۆنىلىشتىكى ھەرىكەتكە تەسىر قىلمايدىغانلىقى… چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتى** گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەر… كىتىنى گورىزونتال يۆنىلىشتىكى تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت بىلەن ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى ئەرك… چۈشكەن جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىگە ئاجرىتىشقا بولغانىكەن، گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ خالىغ… بىر $t$ پەيتتىكى ئورنىنىڭ كوئوردىناتى $x$ بىلەن $y$ نى ئايرىم-ئايرىم ھېسابلاپ چىقالايمىز. گورىزونتا… يۆنىلىشنى $x$ ئوق قىلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ يۆنىلىشنى دەسلەپكى تېزلىك $v$ نىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشا… قىلىپ ئالىمىز. ۋېرتىكال يۆنىلىشنى $y$ ئوق قىلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ يۆنىلىشنى تۆۋەنگە قارىتا قىلى…



Scanned by CamScanner

ئالىمىز . ئېتىلىش نۇقتىسىنى كوئوردىنات بېشى قىلىپ ئالىمىز . تېزلىنىشـ نىڭ يۆنىلىشى $y$ ئوقىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ ، شۇڭا مۇسبەت قىممەت ئالىدۇ ، يەنى $a=g$ بولىدۇ . جىسىمنىڭ خالىغان $t$ پەيتتىكى ئورنىنىڭ كوئوردىناتىنى تۆۋەندىكى فورمۇلىدىن تېپىشقا بولىدۇ :

$$x=v_0t \tag{1}$$

$$y=\frac{1}{2}gt^2 \tag{2}$$




18.5-رەسىم. گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتىنىڭ ترايېكتورىيىسى ($g=10\text{m/s}^2$)

بۇ ئىككى فورمۇلىغا ئاساسەن جىسىمنىڭ خالىغان پەيتلەردىكى ئورۇنلىرىنى تېپىپ چىقىپ ، تەكشى ئەگرى سىزىق بىلەن بۇ ئورۇنلارنى تۇتاشتۇرساق ، ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتىنىڭ ترايېكتورىيىسى كېلىپ چىقىدۇ ، بۇ ترايېكـ تورىيە بىر پارابولادىن ئىبارەت بولىدۇ . 18.5-رەسىم $v=20\text{m/s}$ تىكى گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتىنىڭ ترايېكتورىيىسىدىن ئىبارەت .

| $t$/s | 1 | 2 | 3 | 4 | … |
|---|---|---|---|---|---|
| $x$/m | 20 | 40 | 60 | 80 | … |
| $y$/m | 5 | 20 | 45 | 80 | … |




19.5-رەسىم. گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ تېزلىكى

گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ $t$ سېكۇنتىنىڭ ئاخىرىدىكى گورىزونتال تارماق تېزلىكى $v_x$ بىلەن ۋېرتىكال تارماق تېزلىكى $v_y$ ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ (19.5-رەسىم ) :

$$v_x=v_0$$

$$v_y=gt$$

$t$ سېكۇنتنىڭ ئاخىرىدىكى تېزلىكى $v_t$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى مۇنداق بولىدۇ :

$$v_t=\sqrt{v_x^2+v_y^2}$$

$v_t$ نىڭ يۆنىلىشىنى $v_t$ بىلەن $x$ ئوقىنىڭ ئوڭ يۆنىلىشىنىڭ ئارا بۇلۇڭى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ :

$$\tan\theta=\frac{v_y}{v_x}$$

**【مىسال】** كونا تىپتىكى بىر ئايروپىلان يەر يۈزىدىن 0.81km ئېگىزلىكتە $2.5\times10^2\text{km/h}$ تېزلىك بىلەن گورىزونتال ئۇچقان. ئايروپىلاندىن تاشلانغان بومبىنىڭ بەلگىلەنگەن نىشانغا چۈشۈشى ئۈچۈن، بومبىنى نىشاندىن گورىزونتال ئارىلىقى قانچىلىك يىراقلىقتىكى ئورۇندىن تاشلاش كېرەك؟ (ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.)

**تەھلىل** گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەرىكىتىگە دائىر مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەرىكەتنى ئاجرىتىشـ تىن پايدىلىنىپ تەھلىل ئېلىپ بارىمىز.

گورىزونتال ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاندىن چۈشكەن بومبا ئايروپىلاندىن ئايرىلغاندا ئايروپىلان بىلەن ئوخشاش بولغان گورىزونتال تېزلىككە ئىگە بولىدۇ، شۇڭا بومبا گورىزونتال ھەرىكەت قىلىدۇ. بومبا بىرلا ۋاقىتتا ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى بىلەن گورىزونتال يۆنىلىشتىكى تەكشى ھەرىكەتتىن ئىبارەت ئىككى تارماق ھەرىكەتكە قاتنىشىدۇ. بومباردىمان قىلىنىدىغان نىشان يەر يۈزىدە بولغاچقا، بومبا يەر يۈزىگە چۈشكىچە كېتىدىغان ۋاقىت $t$ ۋېرتىكال



Scanned by CamScanner

يۆنىلىشتىكى ھەرىكەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، بۇ بۆلەك ۋاقىت $t$ ئىچىدە، ئەگەر بومبىنىڭ گورىزونتال يۆنىلىشتى
بېسىپ ئۆتكەن ئارىلىقى ئايروپىلاننىڭ بومبا تاشلىغاندىكى نىشانغىچە بولغان گورىزونتال ئارىلىقىغا تەڭ بولسا، بوم
نىشانغا تېگىدۇ (20.5-رەسىم).




20.5-رەسىم. ئەگەر ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، گورىزونتال ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاندىن چۈشكەن بومبا گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتى قىلىدۇ

**يېشىش** $y=\frac{1}{2}gt^2$ تىن بومبىنىڭ ئۇچۇش ۋاقتىنى تېپىشقا بولىدۇ:

$$t=\sqrt{\frac{2y}{g}}$$

بۇ بۆلەك ۋاقىت ئىچىدە بومبىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن گورىزونتال ئارىلىقى مۇنداق بولىدۇ:

$$x=v_0t=v_0\sqrt{\frac{2y}{g}}$$

بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلارنى ئورنىغا قويساق تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ:

$$x=0.89\text{km}$$

يەنى ئايروپىلان بومبىنى بومباردىمان قىلىنىدىغان نىشاندىن گورىزونتال ئارىلىقى 0.89km بولغان ئورۇندىن تاشلاش كېرەك.

## مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە

گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ دەسلەپكى تېزلىكى ئانچە چوڭ بولمىغاندا، گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى ئىچىدە، يەر يۈزىنى گورىزونتال تەكشىلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ-دە، ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشىنىڭ يۆنىلىشى باشتىن-ئاخىر گورىزونتال تەكشىلىككە تىك بولىدۇ. ئەگەر گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ دەسلەپكى تېزلىكى ناھايىتى چوڭ بولسا، ئۇنىڭ ئېتىلىش مۇساپىسىمۇ يىراق بولىدۇ. مەسىلەن، قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى قويۇپ بېرىپ، راكېتا ئىشلەشتىن توختىغاندىن كېيىن، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ناھايىتى چوڭ گورىزونتال تېزلىككە ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھەرىكىتى يەنىلا مىسالدىكى ئايروپىلان تاشلىغان بومبىغا ئوخشاش گورىزونتال ئېتىلىش ھەرىكىتى قىلامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ چاغدا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتموسفېرا قەۋىتىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ، ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى بولمايدۇ.

Scanned by CamScanner



## ئويۇنچۇق تاپانچا ئوقىنىڭ ئېتىلىپ چىققاندىكى تېزلىكىنى گەز ئارقىلىق ئۆلچەش

گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتى ھەققىدىكى بىلىملەرگە ئاساسەن، ئويۇنچۇق تاپانچا ئوقىنىڭ ئېتىلىپ چىققاندىكى تېزلىكىنى گەز (سىزغۇچ) ئارقىلىق ئاسانلا ئۆلچەپ چىققىلى بولىدۇ. بۇ تەجرىبىنى لايىھەلەپ چىقىڭ (21.5 ـ رەسىمدىن پايدىلىنىڭ) ھەم تەجرىبە پرىنسىپى ۋە ئۆلچەشكە تېگىشلىك سانلىق مەلۇماتلارنى چۈشەندۈرۈڭ. ئاندىن كېيىن بۇ تەجرىبىنى ئەمەلىي ئىشلەپ، ئويۇنچۇق تاپانچا ئوقىنىڭ ئېتىلىپ چىققاندىكى تېزلىكىنى ئۆلچەپ چىقىڭ.




21.5 ـ رەسىم

### 3 ـ مەشىق

تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

(1) $m$، $v_0$، $h$ لار ئارقىلىق ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ ماسسىسى، دەسلەپكى تېزلىكى ۋە ئېتىلغان نۇقتىدىن گورىزونتال يەر يۈزىگىچە بولغان ئېگىزلىكنى ئىپادىلىسەك، بۇ ئۈچ مىقدار ئىچىدە:

① جىسىمنىڭ بوشلۇقتىكى ھەرىكەت ۋاقتى ________ ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

② بوشلۇقتىكى ھەرىكەتنىڭ گورىزونتال يۆتكىلىشى ________ ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

③ يەرگە چۈشكەندىكى پەيتلىك تېزلىكنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ________ ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

④ يەرگە چۈشكەندىكى پەيتلىك تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى ________ ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

(2) تۆۋەندىكى ئېيتىلىشلارنىڭ قايسىسى توغرا؟

① ئوخشاش بىر ئېگىزلىكتىن ئوخشىمىغان تېزلىكتە بىرلا ۋاقىتتا گورىزونتال ئېتىلغان ئىككى جىسىم چوقۇم بىرلا ۋاقىتتا يەرگە چۈشىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئېتىلغان گورىزونتال ئارىلىقلىرى چوقۇم ئوخشاش بولمايدۇ.

② ئوخشىمىغان ئېگىزلىكلەردىن ئوخشاش تېزلىكتە بىرلا ۋاقىتتا گورىزونتال ئېتىلغان ئىككى جىسىم چوقۇم يەرگە بىرلا ۋاقىتتا چۈشمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىلغان گورىزونتال ئارىلىقلىرىمۇ چوقۇم ئوخشاش بولمايدۇ.

③ ئوخشىمىغان ئېگىزلىكلەردىن ئوخشىمىغان تېزلىكتە بىرلا ۋاقىتتا گورىزونتال ئېتىلغان ئىككى جىسىم چوقۇم يەرگە بىرلا ۋاقىتتا چۈشمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىلغان گورىزونتال ئارىلىقلىرىمۇ چوقۇم ئوخشاش بولمايدۇ.

(3) تاپانچىدىن نىشانغا گورىزونتال ھالدا ئوق ئېتىلغان (22.5 ـ رەسىم)، ئوق تاپانچا ئېغىزىدىن گورىزونتال ئېتىلىپ چىققان پەيتتە، نىشان تىنچ ھالەتتىن ئەركىن چۈشۈشكە باشلايدۇ دەپ پەرەز قىلساق، ئوق نىشانغا تېگەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟



22.5 ـ رەسىم. ئوق تاپانچا ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا نىشان ئەركىن چۈشۈشكە باشلىسا، ئوق نىشانغا تېگەمدۇ؟

(4) 1.6m ئېگىزلىكتىكى جايدىن ئويۇنچۇق تاپانچىدىن گورىزونتال يۆنىلىشتە بىر پاي ئوق ئېتىلغان، ئوقنىڭ دەسلەپكى تېزلىكى 35m/s بولسا، بۇ ئوقنىڭ ئۇچقان گورىزونتال ئارىلىقىنى تېپىڭ.

(5) بىر شارچە 1.0m ئېگىزلىكتىكى ئۈستەل يۈزىدىن گورىزونتال ئېتىلىپ، يەرگە چۈشكەندىكى ئورنى بىلەن ئۈستەل يۈزى گىرۋىكىنىڭ گورىزونتال ئارىلىقى 2.4m بولسا، شارچىنىڭ ئۈستەل يۈزى گىرۋىكىدىن ئايرىلغاندىكى دەسلەپكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟



Scanned by CamScanner

(6) 18. 5 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەن گورىزونتال ئېتىلىش ھەرىكىتىدە، گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ 2s نىاڭ ئاخىرىدىكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟ تېزلىك يۆنىلىشى بىلەن ۋېرتىكال تۈۋەنگە قارىتا يۆنىلىش ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ قانچىلىك بولىدۇ؟ ( $g=10m/s^2$ قىلىپ ئېلىنىدۇ )

(7) 15m ئېگىزلىكتىكى سۇيېدىن 1m/s تېزلىكتە گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمناڭ يەرگە چۈشكەندىكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟ ئۇناڭ تېزلىكىنىاڭ يۆنىلىشى يەر يۈزىگە تىك بولامدۇ ـ يوق؟

## § 4 . چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت

جىسىملارنىڭ چەمبەر بويلىما ھەرىكىتى دائىم ئۇچرايدىغان بىر خىل ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتتىن ئىبارەت. چەمبەر بويلىما ھەرىكەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاددىيسى چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتتۇر. چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلغان ماددىي نۇقتىنىڭ تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن ياي ئۇزۇنلۇقلىرى ئۆزئارا تەڭ بولسا، بۇ خىل ھەرىكەت چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، تەكشى تېزلىكتە ئايلىنىۋاتقان قومچاقتىكى ھەربىر ماددىي نۇقتىنىڭ ھەرىكىتى چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت بولىدۇ. يەر شارى ۋە ھەربىر پلانېتىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىش ئوربىتىسى چەمبەرگە يېقىنلاشقان ئېللىپستىن ئىبارەت بولۇپ، دەسلەپكى تەتقىقاتلاردا پلانېتىلارنى قۇياشنى چەمبەر مەركىزى قىلىپ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىنى قانداق تەسۋىرلەشكە بولىدۇ؟

**سىزىقلىق تېزلىك** چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىنى سىزىقلىق تېزلىك ئارقىلىق تەسۋىرلەشكە بولىدۇ. چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ ئېنىقلىمىسىغا ئاساسەن، جىسىمنىڭ ھەرىكەت ۋاقتى $t$ قانچە ھەسسە چوڭايسا، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن ياي ئۇزۇنلۇقى $s$ مۇ شۇنچە ھەسسە چوڭىيىدۇ. مەلۇم بىر چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتكە قارىتا ئېيتقاندا، $s$ بىلەن $t$ نىڭ نىسبەت قىممىتى قانچە چوڭ بولسا، بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن ياي ئۇزۇنلۇقى شۇنچە ئۇزۇن بولۇپ، بۇ، ھەرىكەتنىڭ شۇنچە تېز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ نىسبەت قىممەت چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ سىزىقلىق تېزلىكىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بولۇپ، $v$ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، يەنى

$$v=\frac{s}{t}$$




23.5 ـ رەسىم. سىزىقلىق تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى

سىزىقلىق تېزلىك دېگەن نام تۈۋەندە سۆزلىنىدىغان بۇلۇڭلۇق تېزلىككە نىسبەتەن بېرىلگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جىسىمنىڭ چەمبەر بويلىما ھەرىكىتىنىڭ يەيتلىك تېزلىكىدىن ئىبارەت. سىزىقلىق تېزلىك ۋېكتوردۇر، ئۇ چوڭ ـ كىچىكلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە يۆنىلىشكە ئىگە. بىرىنچى پاراگرافتا سۆزلەنگەن بىلىملەرگە ئاساسەن، سىزىقلىق تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى چەمبەر ئايلانمىسىدىكى شۇ نۇقتىنىڭ ئورۇنما يۆنىلىشىدە بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ (23. 5 ـ رەسىم).

چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتتە، جىسىمنىڭ ھەرقايسى پەيتلەردىكى سىزىقلىق تېزلىكلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولىدۇ ھەم يۇقىرىقى فورمۇلا ئارقىلىق ئېنىقلىنىدۇ. سىزىقلىق تېزلىكنىڭ يۆنىلىشى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت بىر خىل ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ يەردىكى «تەكشى» سۈرئىتى ئۆزگەرمەيدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇلۇڭلۇق تېزلىك** چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىنى بۇلۇڭلۇق تېزلىك بىلەنمۇ تەسۋىرلەشكە بولىدۇ. جىسىمنىڭ چەمبەر بويلىما ھەرىكىتى قانچە تېز بولسا، ھەرىكەتتىكى جىسىم



Scanned by CamScanner

بىلەن چەمبەر مەركىزىنى تۇتاشتۇرغان رادىئۇسنىڭ ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە ئايلىنىپ ئۆتكەن بۇلۇڭىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى يەنە رادىئۇس ئايلىنىپ ئۆتكەن بۇلۇڭ $\varphi$ نىڭ كەتكەن ۋاقىت $t$ غا بولغان نىسبەت قىممىتى ئارقىلىق تەسۋىرلەشكىمۇ بولىدۇ (24.5 -رەسىم). بۇ نىسبەت قىممەت چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ بۇلۇڭلۇق تېزلىكى دەپ ئاتىلىپ، $\omega$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ھالدا




24.5 -رەسىم. $t$ ۋاقىتتا ماددىي نۇقتا $A$ دىن ھەرىكەت قىلىپ $B$ غا كەلگەندە، رادىئۇسنىڭ ئايلانغان بۇلۇڭى $\varphi$ غا تەڭ بولىدۇ

$$\omega=\frac{\varphi}{t}$$

بىزگە مەلۇم، مەركىزىي بۇلۇڭى $\varphi$ ياي ئۇزۇنلۇقى $s$ بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، شۇڭا مەلۇم بىر ئېنىق چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، $\varphi$ نىڭ $t$ غا بولغان نىسبەت قىممىتى $\omega$ تۇراقلىق بولىدۇ.

بۇلۇڭلۇق تېزلىكنىڭ بىرلىكى بۇلۇڭ بىلەن ۋاقىتنىڭ بىرلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا بۇلۇڭلۇق تېزلىكنىڭ بىرلىكى رادىئان ھەر سېكۇنت بولۇپ، بەلگىسى rad/s .

**دەۋر** چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت بىر خىل دەۋرلىك ھەرىكەتتىن ئىبارەت. دەۋر دېگىنىمىز ھەرىكەتتىكى جىسىم بەلگىلىك ۋاقىتتىن كېيىن قايتا ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ كەلگەندە، پەيتلىك تېزلىكىمۇ قايتا ئەسلىدىكى چوڭ-كىچىكلىكى ۋە يۆنىلىشىگە قايتىپ كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ چەمبەرنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت دەۋر دەپ ئاتىلىپ، $T$ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دەۋرمۇ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار، دەۋرنىڭ ئۇزۇن بولۇشى جىسىم ھەرىكىتىنىڭ ئاستا ئىكەنلىكىنى، دەۋرنىڭ قىسقا بولۇشى جىسىم ھەرىكىتىنىڭ تېز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دەۋرنىڭ ئەكس سانى چاستوتا دەپ ئاتىلىپ، $f$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، يەنى $f=1/T$ . چاستوتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى جىسىم ھەرىكىتىنىڭ تېز ئىكەنلىكىنى، چاستوتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى جىسىم ھەرىكىتىنىڭ ئاستا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ يەردىكى چاستوتىنىڭ فىزىكىلىق مەنىسى نېمە؟

ئەمەلىيەت جەريانىدا ئادەتتە ئايلىنىش تېزلىكى ئارقىلىق چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېز-ئاستىلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئايلىنىش تېزلىكى دېگىنىمىز ھەربىر سېكۇنتتا ئايلىنىپ ئۆتكەن چەمبەر ساننى كۆرسىتىدۇ، بۇ دائىم $n$ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئايلىنىش تېزلىكىنىڭ بىرلىكى $\frac{\text{قېتىم}}{\text{سېكۇنت}}$، بەلگىسى r/s ۋە $\frac{\text{قېتىم}}{\text{مىنۇت}}$، بەلگىسى r/min .

## مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە

رادىئۇسى 10cm بولغان قۇمچاق ھەر 0.2s تا بىر قېتىم ئايلانسا، قۇمچاقنىڭ چۆرىسىدىكى مەلۇم بىر ماددىي نۇقتىنىڭ چەمبەر بويلىما ھەرىكىتىنىڭ سىزىقلىق تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟ بۇلۇڭلۇق تېزلىكچۇ؟ قۇمچاقتىكى ئايلىنىش ئوقىدىن يىراقلىقى ئوخشاش بولمىغان ماددىي نۇقتىلارنىڭ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتلىرىنىڭ سىزىقلىق تېزلىكلىرى ئوخشاش بولامدۇ؟ بۇلۇڭلۇق تېزلىكلىرى ئوخشاش بولامدۇ؟ دەۋرلىرىچۇ؟

**سىزىقلىق تېزلىك، بۇلۇڭلۇق تېزلىك ۋە دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتى** سىزىقلىق تېزلىك، بۇلۇڭلۇق تېزلىك ۋە دەۋرلەرنىڭ ھەممىسى چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ، ئۇنداق بولسا ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق بولىدۇ؟

جىسىم رادىئۇسى $r$ بولغان چەمبەر ئايلانمىسىنى بويلاپ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىدۇ،



Scanned by CamScanner

دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا بىر دەۋر $T$ ئىچىدە ئايلىنىپ ئۆتكەن ياي ئۇزۇنلۇقى $2\pi r$، ئايلىنىپ ئۆتكەن بۇلۇڭى $2\pi$ بولىدۇ، شۇڭا ئۇچۇن سىزىقلىق تېزلىكى بىلەن بۇلۇڭلۇق تېزلىكى ئايرىم-ئايرىم مۇنداق بولىدۇ:

$$v=\frac{2\pi r}{T} \qquad (1)$$

$$\omega=\frac{2\pi}{T} \qquad (2)$$

فورمۇلا (1) بىلەن (2) دىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$v=r\omega \qquad (3)$$

يۇقىرىقى ئۈچ فورمۇلىدىن چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان ئۈچ فىزىكىلىق مىقدار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. فورمۇلا (3) چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتتە، سىزىقلىق تېزلىكنىڭ بۇلۇڭلۇق تېزلىك بىلەن رادىئۇسنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. رادىئۇس بەلگىلىك بولغاندا، سىزىقلىق تېزلىك بىلەن بۇلۇڭلۇق تېزلىك ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ؛ بۇلۇڭلۇق تېزلىك بەلگىلىك بولغاندا، سىزىقلىق تېزلىك بىلەن رادىئۇس ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

## 4 - مەشىق

(1) چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان جىسىمغا نىسبەتەن تۆۋەندىكى ئېيتىلىشلارنىڭ قايسىسى توغرا، قايسىسى خاتا؟

① سىزىقلىق تېزلىكى ئۆزگەرمەيدۇ.

② سىزىقلىق تېزلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزگەرمەيدۇ.

③ بۇلۇڭلۇق تېزلىكى ئۆزگەرمەيدۇ.

④ دەۋرى ئۆزگەرمەيدۇ.

(2) يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىش ھەرىكىتىنى تەقرىبىي ھالدا چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەر شارىدىن قۇياشقىچە بولغان ئارىلىق تەخمىنەن $1.5\times10^{8}$km بولسا، يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىشىنىڭ بۇلۇڭلۇق تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟ سىزىقلىق تېزلىكچۇ؟

(3) يەر شارى ئېكۋاتورىدىكى جىسىم يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشى بىلەن بىللە ئايلىنىپ، رادىئۇسى $r=6.4\times10^{3}$km بولغان چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلسا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ بۇلۇڭلۇق تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟ سىزىقلىق تېزلىكچۇ؟

(4) مېخانىكىسى توغرا بولغان چوڭ سائەت بىلەن كىچىك سائەتنىڭ (ئۇلارنىڭ ئىسترېلكىلىرى ئۈزلۈكسىز تەكشى ئايلىنىدۇ، دەپ پەرەز قىلىنىدۇ) مىنۇت ئىسترېلكىلىرىدىكى بىر ماددىي نۇقتىنىڭ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتلىرىنىڭ دەۋرلىرى، بۇلۇڭلۇق تېزلىكلىرى ئوخشاش بولامدۇ؟ سىزىقلىق تېزلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىچۇ؟




25.5_رەسىم

(5) 25.5_رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، سۈركىلىشكە تايىنىپ ھەرىكەت ئۆزىتىلىدىغان (ئايلاندۇرۇلىدىغان) تەكشى تېزلىكتە ئايلانغان چوڭ، كىچىك ئىككى چاق تېگىشىش يۈزىدە تېيىلمايدۇ، چوڭ چاقنىڭ رادىئۇسى كىچىك چاقنىڭ رادىئۇسىنىڭ 2 ھەسسىسىگە تەڭ. $A$، $B$ لار ئايرىم-ئايرىم ھالدا چوڭ چاق، كىچىك چاقلارنىڭ چۆرىسىدىكى نۇقتىلار، $C$ بولسا چوڭ چاقتىكى بىر رادىئۇسنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسى بولسا، $A$، $B$، $C$ ئۈچ نۇقتىنىڭ ئىچىدىكى ئىككى نۇقتىنى مىسالغا ئېلىپ تۆۋەندىكى خۇلاسىلەرنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا چۈشەندۈرۈڭ:

① ئەگەر چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان ئىككى ماددىي نۇقتىنىڭ سىزىقلىق تېزلىكلىرى تەڭ بولسا، رادىئۇسى كىچىك بولغىنىنىڭ بۇلۇڭلۇق تېزلىكى چوڭ بولىدۇ.

② ئەگەر چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان ئىككى ماددىي نۇقتىنىڭ بۇلۇڭلۇق تېزلىكلىرى تەڭ بولسا، رادىئۇسى چوڭ بولغىنىنىڭ سىزىقلىق تېزلىكى چوڭ بولىدۇ.

③ ئەگەر چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان ئىككى ماددىي نۇقتىنىڭ رادىئۇسلىرى تەڭ بولسا، بۇلۇڭلۇق



Scanned by CamScanner

**مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ** جىسىم ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلغاندا، چوقۇم ئۇنىڭ ھەرىكەت تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن بىر تۈز سىزىقتا بولمىغان يىغىندى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت بولۇپ، چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىمۇ چوقۇم ئۇنىڭ تېزلىك يۆنىلىشى بىلەن بىر تۈز سىزىقتا بولمىغان يىغىندى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ يىغىندى كۈچ قانداق بولىدۇ؟

ئالدى بىلەن يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ باقايلى. 5 .26 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، سىلىق گورىزونتال ئۈستەل يۈزىدىكى $O$ نۇقتىغا بىر تال مىخ ئورنىتىلغان بولۇپ، تانىنىڭ بىر ئۇچى مىخقا ئۆتكۈزۈلگەن، يەنە بىر ئۇچىغا بىر شارچە باغلاپ قويۇلۇپ، شارچە ئۈستەل يۈزىدە چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلدۇرۇلغان. شارچىنىڭ $O$ نۇقتىنى ئايلىنىپ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى — تانىنىڭ شارچىغا قارىتا باشتىن-ئاخىر بىر تارتىش كۈچى $F$ نى تەسىر قىلىپ تۇرغانلىقىدا، بۇ تارتىش كۈچىنىڭ يۆنىلىشى گەرچە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھامان رادىئۇس (تانا) نى بويلاپ چەمبەر مەركىزىگە قارىتا بولىدۇ، شۇڭا **مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ** دەپ ئاتىلىدۇ.



26.5 ـ رەسىم. چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلغان شارچە تانىنىڭ تارتىش كۈچى $F$ نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ

مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ چەمبەر مەركىزىگە قارىتا يۆنىلىدۇ، جىسىمنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى بولسا ئۇرۇنما يۆنىلىشنى بويلىغان بولىدۇ، شۇڭا مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ يۆنىلىشى ھامان جىسىمنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىگە تىك بولىدۇ، يەنى جىسىم ھەرىكەت يۆنىلىشىدە كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىمىغاچقا، بۇ يۆنىلىشتە تېزلىنىشقا ئىگە بولمايدۇ، تېزلىكىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزگەرمەيدۇ، شۇڭا مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ رولى پەقەت تېزلىكىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى قايسى ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك؟ كونكرېت مۇناسىۋىتى يەنە قانداق بولىدۇ؟

## تەجرىبە



27.5 ـ رەسىم

مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى تەجرىبە قىلىپ كۆرسىتىش ئەسۋابى 27.5 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ. دەستە 1 نى ئايلاندۇرغاندا، باسقۇچلۇق چاق 2 بىلەن 3 ھەم ئۇزۇن ئوقۇر 4 بىلەن قىسقا ئوقۇر 5 بۇنىڭغا ئەگىشىپ تەكشى تېزلىكتە ئايلىنىدۇ-دە، ئوقۇرلار ئىچىدىكى شارچىلار چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىدۇ. شارچىلارنى چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلدۇرىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى توغرا يەلكە 6 نىڭ توسقۇچى تاختىلىرىنىڭ شارچىلارغا بولغان بېسىم كۈچى تەمىنلەپ بېرىدۇ، شارچىلارنىڭ توسقۇچى تاختىلارغا بولغان ئەكس تەسىر كۈچى توغرا يەلكىلەرنىڭ پىشاڭلىق رولى ئارقىلىق پۇرژىنلىق كۈچ ئۆلچىگۈچى قاپلىما كاناي 7 نى تۆۋەنلىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن رېيكا 8 ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ، رېيكا 8 دىكى ئاشكارىلىنىپ چىققان قىزىل-ئاق ئارىلاپ كەلگەن تەڭ بۆلۈنگەن كاتەكچىلەر ئىككى شارچە ئۇچرىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچلەرنىڭ نىسبەت قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

Scanned by CamScanner

1. ماسسىسى ئوخشاش بولمىغان پولات شارچە بىلەن ئالىيۇمىن شارچىدىن پايدىلىنىپ تەجرىبە ئىشلەپ، ئىككى شارچىنىڭ ھەرىكەت قىلىش رادىئۇسلىرى $r$ بىلەن بۇلۇڭلۇق تېزلىكلىرى $\omega$ لارنى ئوخشاش قىلساق شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ماسسىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ماسسا قانچە چوڭ بولسا، كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

2. ماسسىلىرى ئوخشاش بولغان ئىككى شارچىدىن پايدىلىنىپ تەجرىبە ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش رادىئۇسلىرىنى ئوخشاش قىلساق شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئايلىنىشنىڭ تېز-ئاستىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بۇلۇڭلۇق تېزلىكى قانچە چوڭ بولسا، كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

3. يەنىلا ماسسىلىرى ئوخشاش بولغان ئىككى شارچىدىن پايدىلىنىپ تەجرىبە ئىشلەپ، شارچىلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش بۇلۇڭلۇق تېزلىكلىرىنى ئوخشاش قىلساق شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى شارچىنىڭ ھەرىكەت قىلىش رادىئۇسىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ھەرىكەت قىلىش رادىئۇسى قانچە چوڭ بولسا، كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى جىسىمنىڭ ماسسىسى $m$، چەمبەر ئايلانمىسىنىڭ رادىئۇسى $r$ ۋە بۇلۇڭلۇق تېزلىك $\omega$ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتتە كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى تۆۋەندىكىدەك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

$$F=mr\omega^2 \qquad (1)$$

ئۇرغۇن ئەھۋاللاردا سىزىقلىق تېزلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنى سىزىقلىق تېزلىك بىلەن بۇلۇڭلۇق تېزلىكنىڭ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ تېپىشقا بولىدۇ. $\omega=\frac{v}{r}$ نى فورمۇلا (1) دىكى ئورنىغا قويساق تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ:

$$F=m\frac{v^2}{r} \qquad (2)$$

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى تەجرىبە قىلىپ كۆرسىتىش ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ ماسسا $m$ بىلەن سىزىقلىق تېزلىك $v$ بەلگىلىك بولغاندا، كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ ھەرىكەت قىلىش رادىئۇسىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

**مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىش** چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلغان جىسىم مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ $F$ نىڭ تەسىرىدە مۇقەررەر ھالدا بىر تېزلىنىش ھاسىل قىلىدۇ، بۇ تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشى مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ يۆنىلىشىگە ئوخشاش بولۇپ، ھامان چەمبەر مەركىزىگە يۆنىلىدۇ، بۇ تېزلىنىش مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى $F=ma$ غا ئاساسەن، فورمۇلا (1) بىلەن (2) دىن مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىش $a$ نىڭ تۆۋەندىكىدەك بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ:



28.5-رەسىم

$$a=r\omega^2 \qquad (3)$$

ياكى

$$a=\frac{v^2}{r} \qquad (4)$$

Scanned by CamScanner

مەلۇم بىر ئېنىق چەمبەر بويىلىما تەكشى ھەرىكەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، $m$ ۋە $r$ ، $v$ ، $\omega$ لارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرمەيدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ بىلەن مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزگەرمەيدۇ ، ئەمما مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ بىلەن مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنىڭ يۆنىلىشى ھەر دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . چەمبەر بويىلىما تەكشى ھەرىكەت پەيتلىك تېزلىنىش ۋېكتورىنىڭ يۆنىلىشى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتتىن ئىبارەت .

### مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە

بىر دىسكا دىسكىنىڭ مەركىزى $O$ دىن ئۆتكەن ھەم دىسكا يۈزىگە تىك بولغان ۋېرتىكال ئوقنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ. دىسكا ئۈستىگە بىر كىچىك ياغاچ پارچىسى $A$ قويۇلغان بولۇپ، ئۇ دىسكا بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدۇ. يەنى چەمبەر بويىلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىدۇ (5 .28–رەسىم). ئۇنداق بولسا ياغاچ پارچىسى نەچچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ ھەرقايسىسى قانداق خۇسۇسىيەتلىك كۈچلەر؟ يۆنىلىشلىرى قانداق بولىدۇ؟ ياغاچ پارچىسى ئۇچرىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى قايسى كۈچ تەمىنلەپ بەرگەن؟

## مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنىڭ فورمۇلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش







29.5–رەسىم

29 .5–رەسىم $A$ دا كۆرسىتىلگەندەك ، ماددىي نۇقتا رادىئۇسى $r$ بولغان چەمبەر ئايلانمىسىنى بويلاپ چەمبەر بويىلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىپ ، مەلۇم پەيت $t$ دا $A$ نۇقتىدا تۇرغاندىكى تېزلىكى $v_A$ بولغان ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت $\Delta t$ ئۆتكەندىن كېيىن ھەرىكەت قىلىپ $B$ نۇقتىغا كەلگەن ، بۇ چاغدىكى تېزلىكى $v_B$ بولغان دەپ پەرەز قىلايلى . 29.5–رەسىم $B$ دا كۆرسىتىلگەندەك ، تېزلىك ۋېكتورلىرى $v_A$ بىلەن $v_B$ نىڭ باشلىنىش ئۇچلىرىنى يۆتكەپ بىر نۇقتىغا كەلتۈرۈپ ، تېزلىك ۋېكتورىنىڭ ئۆزگىرىش مىقدارى $\Delta v=v_B-v_A$ نى تېپىپ چىقىمىز .

نىسبەت قىممەت $\Delta v/\Delta t$ ماددىي نۇقتىنىڭ $\Delta t$ ۋاقىت ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىنىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ يۆنىلىشى $\Delta v$ نىڭ يۆنىلىشىگە ئوخشاش بولىدۇ . $\Delta t$ يېتەرلىك قىسقا بولغان ياكى $\Delta t$ نۆلگە ئىنتىلگەندە ، $\Delta v/\Delta t$ ماددىي نۇقتىنىڭ $A$ نۇقتىدىكى پەيتلىك تېزلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ . 5 .29–رەسىم $B$ دا كۆرسىتىلگەن ۋېكتورلۇق ئۈچبۇلۇڭدا $v_A$ بىلەن $v_B$ ئۆزئارا نىڭ ، $\Delta t$ نۆلگە ئىنتىلگەندە ، $\Delta\varphi$ مۇ نۆلگە ئىنتىلىدۇ ، $\Delta v$ نىڭ يۆنىلىشى $v_A$ غا تىك بولۇپ چەمبەر مەركىزىگە ئىنتىلىدۇ . دېمەك ، چەمبەر بويىلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان ماددىي نۇقتىنىڭ خالىغان بىر نۇقتىدىكى پەيتلىك تېزلىنىشىنىڭ يۆنىلىشى رادىئۇس بويلاپ چەمبەر مەركىزىگە قارىتا يۆنىلىدۇ .

29 .5–رەسىم $B$ دىكى ۋېكتورلۇق ئۈچبۇلۇڭ بىلەن 5 .29–رەسىم $A$ دىكى ئۈچبۇلۇڭ $\triangle OAB$ ئوخشاش بولۇپ ، $v_A$ بىلەن $v_B$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى $v$ بىلەن ، خوردا $AB$ نىڭ ئۇزۇنلۇقىنى $\Delta s$ بىلەن ئىپادىلىسەك ، ئۇ ھالدا مۇنداق بولىدۇ :

$$\Delta v=\Delta s\,\frac{v}{r} \quad \text{ياكى} \quad \frac{\Delta v}{v}=\frac{\Delta s}{r}$$

يۇقىرىقى ئىپادىنى $\Delta t$ غا بۆلسەك تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ :

$$\frac{\Delta v}{\Delta t}=\frac{\Delta s}{\Delta t}\cdot\frac{v}{r}$$

$\Delta t$ نۆلگە ئىنتىلگەندە ، $\frac{\Delta v}{\Delta t}$ مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىش $a$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ، $\frac{\Delta s}{\Delta t}$ سىزىقلىق تېزلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى $v$ نى ئىپادىلەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ :

$$a=\frac{v^2}{r}=w^2r.$$

Scanned by CamScanner

مانا بۇ مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنىڭ فورمۇلىسى . يەنە $v=r\omega$ بىلەن $F=ma$ دىن يۇقىرىدىكى مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىش بىلەن مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ فورمۇلىسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ .



## مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى ھېس قىلىش



30.5ـ رەسىم

پۇختا بىر تال تانىنىڭ بىر ئۇچىغا بىر رېزىنكە پۇگەت ياكى باشقا كىچىك جىسىمنى چىگىپ ، تانىنى ئايلاندۇرۇپ ، كىچىك جىسىم (رېزىنكە پۇگەت )نى چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلدۇرىمىز (30.5ـ رەسىم ) . ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق تېزلىكى ، رادىئۇسى ۋە كىچىك جىسىمنىڭ ماسسىسىنى تەرتىپ بويىچە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ، قولدا تانىنى تارتىش كۈچى (كىچىك جىسىمنى ھەرىكەت قىلدۇرىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ )نىڭ چوڭ-كىچىكلىكىدە تۆۋەندىكى نەچچە خىل ئەھۋالدا قانداق ئوخشىماسلىقلار بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ باقايلى : رېزىنكە پۇگەتنىڭ بۇلۇڭلۇق تېزلىكى $\omega$ چوڭايتىلغان ياكى كىچىكلىتىلگەندە ، مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ چوڭىيامدۇ ياكى كىچىكلەمدۇ ؟ رادىئۇس $r$ نى ئۆزگەرتىپ ، بۇلۇڭلۇق تېزلىكنى ئامال قىلىپ ئۆزگەرتمىگەندە ، مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ قانداق ئۆزگىرىدۇ؟ باشقا رېزىنكە پۇگەتنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىپ ، يەنى رېزىنكە پۇگەتنىڭ ماسسىسى $m$ نى ئۆزگەرتىپ ، رادىئۇس $r$ بىلەن بۇلۇڭلۇق تېزلىك $\omega$ نى ئۆزگەرتمىگەندە ، مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ يەنە قانداق ئۆزگىرىدۇ ؟

بۇ تەجرىبىنى ئىشلىگەندە ، چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلىۋاتقان رېزىنكە پۇگەتنىڭ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپ ، ئادەم ياكى باشقا نەرسىلەرگە سوقۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش كېرەك .

## 5 - مەشىق

(1) 3kg كېلىدىغان بىر جىسىم رادىئۇسى 2m بولغان چەمبەر ئايلانمىسىدا 4m/s تېزلىكتە ھەرىكەت قىلغان بولسا ، ئۇنىڭ مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشى قانچىلىك بولىدۇ ؟ كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ قانچىلىك بولىدۇ؟

(2) ئاي شارىنىڭ يەرشارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىش ئوربىتىسى چەمبەرگە يېقىنلىشىدۇ ، ئۇنىڭ ئوربىتىسىنىڭ رادىئۇسى $3.84\times10^5$km ، يەرشارىنى ئايلىنىش دەۋرى 27.3 كۈن بولسا ، ئاي شارىنىڭ يەر شارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىشىنىڭ مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشى قانچىلىك ؟



31.5ـ رەسىم

(3) 31.5ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەن تاسمىلىق ھەرىكەت ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىدا ، يېتەكلىگۈچى چاقنىڭ رادىئۇسى $r_1$ ئەگەشكۈچى چاقنىڭ رادىئۇسى $r_2$ دىن چوڭ بولسا ، چاق گىرۋەكلىرىدىكى $A$ نۇقتا بىلەن $B$ نۇقتىنىڭ مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشلىرىنىڭ قايسىسى چوڭ بولىدۇ ؟ $A$ نۇقتا بىلەن $C$ نۇقتىنى سېلىشتۇرغاندىچۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

(4) $a=r\omega^2$ تىن قارىغاندا ، $a$ بىلەن $r$ ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ ؛ $a=\frac{v^2}{r}$ تىن قارىغاندا ، $a$ بىلەن $r$ تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ . ئەگەر بىر كىشى سىزدىن : «مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى رادىئۇسقا ئوڭ تاناسىپ بولامدۇ ياكى تەتۈر تاناسىپ بولامدۇ ؟» دەپ سورىسا ، سىز قانداق جاۋاب بېرىشىڭىز لازىم ؟

(5) يىپنىڭ بىر ئۇچىغا بىر جىسىمنى چىگىپ ، قول بىلەن يىپنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى تۇتۇپ بۇ جىسىمنى سىلىق گورزونتال ئۈستەل ئۈستىدە چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلدۇرۇپ ، ئايلىنىش تېزلىكىنى ئوخشاش قىلغاندا ، يىپ ئۇزۇن بولسا ئاسان ئۈزۈلۈپ كېتەمدۇ ياكى يىپ قىسقا بولسا ئاسان ئۈزۈلۈپ كېتەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئەگەر جىسىم ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا ، چىگىلگەن يىپ ئۈستەل ئۈستىدىكى بىر مىخ تەرىپىدىن توسۇلۇپ قېلىپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن جىسىم ئۆزگەرمەيدىغان سۈرئەتتە چىگىلگەن يىپنىڭ تارتىشى بىلەن مىخنى چۆرىدەپ چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلسا ، چىگىلگەن يىپ مىخقا ئۇرۇلغاندا ، مىخ جىسىمدىن قانچىكى يىراق بولسا ئاسان ئۈزۈلۈپ كېتەمدۇ ياكى جىسىمغا قانچىكى يېقىن بولسا ئاسان ئۈزۈلۈپ كېتەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

(6) بىر جىسىم چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان ، ئۇنىڭ رادىئۇسى $r$ ، دەۋرى $T$ بولسا ، مەركەزگە ئىنتىلمە



Scanned by CamScanner

تېزلىنىش $a=4\pi^2r/T^2$ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاڭ .

(7) A ، B دىن ئىبارەت ئىككى شارچە چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان ، A شارچىنىڭ ماسسىسى B شارچە ماسسىسىنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ ، A شارچە رادىئۇسى 25cm بولغان چەمبەر ئايلانمىسىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلغان ، B شارچە رادىئۇسى 16cm بولغان چەمبەر ئايلانمىسىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلغان ، A شارچىنىڭ ئايلىنىش تېزلىكى 30r/min ، B شارچىنىڭ ئايلىنىش تېزلىكى 75r/min بولسا ، A شارچە ئۇچرىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ بىلەن B شارچە ئۇچرىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ نىسبىتىنى تېپىڭ .

## § 6 . چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتكە دائىر ئەمەلىي مىساللارنى تەھلىل قىلىش

چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتكە دائىر مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا ، ئاساسلىقى مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك . تۆۋەندە بەزى ئەمەلىي مىساللارنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز ، ساۋاقداشلارنىڭ بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

بەزى ساۋاقداشلار ، چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان جىسىم ئىككىنچى بىر جىسىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن سىرت ، يەنە مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ، دەپ قارايدۇ . بۇ توغرا ئەمەس . مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ ئۈنۈمگە ئاساسەن نام بېرىلگەن كۈچ بولۇپ ، ھەرقانداق بىر كۈچ ياكى بىرقانچە كۈچنىڭ يىغىندى كۈچىنىڭ تەسىر قىلىش ئۈنۈمى جىسىمدا مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنى ھاسىل قىلسا ، ئۇ ، جىسىم ئۇچرىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچتىن ئىبارەت بولىدۇ .




32.5_رەسىم. پويىز چاقىنىڭ ئېگىز چىقىپ تۇرغان گىرۋىكى بولىدۇ




33.5_رەسىم. سىرتقى رېلىسنىڭ پويىز چاقىنىڭ گىرۋىكىگە تەسىر قىلغان كۈچى F پويىزنى بۇرۇلۇش قىلدۇرىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچتىن ئىبارەت بولىدۇ




34.5_رەسىم. سىرتقى رېلىس ئىچكى رېلىستىن ئېگىز بولغاندا، ئېغىرلىق كۈچى G بىلەن تىرەش كۈچى $F_N$ نىڭ يىغىندى كۈچى F پويىزنى بۇرۇلۇش قىلدۇرىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ بولىدۇ

**پويىزنىڭ بۇرۇلۇشى** تۈپتۈز رېلىستا تەكشى تېزلىكتە كېتىۋاتقان پويىز ئۇچرىغان يىغىندى كۈچ نۆلگە تەڭ بولىدۇ . پويىز بۇرۇلغاندا ، قانداق كۈچ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ بولىدۇ؟ ئەسلىدە پويىز چاقىنىڭ ئېگىز چىقىپ تۇرغان گىرۋىكى بار بولىدۇ (5 .32_رەسىم) . ئەگەر بۇرۇلىدىغان جايدا ئىچكى-تاشقى رېلىسلار ئوخشاش ئېگىزلىكتە بولسا ، سىرتقى ياقتىكى چاقنىڭ ئېگىز گىرۋىكى سىرتقى رېلىسنى چىڭ بېسىپ ، سىرتقى رېلىسنىڭ ئېلاستىك دېفورماتسىيىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، ئېلاستىك دېفورماتسىيە ھاسىل قىلغان سىرتقى رېلىسنىڭ چاق گىرۋىكىگە بولغان ئېلاستىك كۈچى پويىزنى بۇرۇلۇش قىلدۇرىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچتىن ئىبارەت بولىدۇ (5 .33_رەسىم) . بۇ خىل ئۇسۇلغا تايىنىپ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچكە ئېرىشكەندە ، پويىزنىڭ ماسسىسى ناھايىتى چوڭ بولغانلىقتىن ، چاق گىرۋىكى بىلەن سىرتقى رېلىس ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۈچ ناھايىتى چوڭ بولۇپ كېتىدۇ-دە ، رېلىس

Scanned by CamScanner

ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، پويىز بۇزۇلىدۇ

ئەگەر بۇزۇلىدىغان جايدا سىرتقى رېلىس ئىچكى رېلىستىن ئازراق ئېگىز قىلىنسا، پويىز بۇزۇلىدىغان جايدىن ئۆتكەن چاغدا، رېلىسنىڭ پويىزغا قارىتا بولغان تىرەش كۈچى $F_N$ نىڭ يۆنىلىشى بەلكى ۋېرتىكال بولماستىن، بەلكى بۇزۇلىدىغان ئورۇننىڭ ئىچكى يېقىغا قىيسايغان بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئېغىرلىق كۈچى $G$ نىڭ يىغىندى كۈچى چەمبەر مەركىزىگە قارىتا يۆنىلىپ، پويىزنى بۇزۇلۇش قىلدۇرىدىغان كۈچكە ئايلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چاق گىرۋىكىنىڭ سىرتقى رېلىسنى بېسىشى يېنىكلىتىلىدۇ. تۆمۈر يول ياسىغاندا، بۇزۇلىدىغان جايدىكى ئوربىتىنىڭ رادىيۇسى ۋە بەلگىلەنگەن مېڭىش تېزلىكىگە ئاساسەن، ئىچكى-تاشقى رېلىسلارنىڭ ئېگىزلىك پەرقىنى مۇۋاپىق تاللاپ، بۇزۇلۇشتا كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى پۈتۈنلەي ئېغىرلىق كۈچى $G$ بىلەن تىرەش كۈچى $F_N$ نىڭ يىغىندى كۈچى $F$ تەمىنلەپ بېرىدىغان قىلىش كېرەك (5 .34-رەسىم). مۇشۇنداق قىلغاندا، سىرتقى رېلىس چاق گىرۋىكىنىڭ بېسىشىغا ئۇچرىمايدۇ.

**ئاپتوموبىلنىڭ ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشى** تاشيوللاردا دۆگمە كۆۋرۈكلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ماسسىسى $m$ بولغان ئاپتوموبىل ئەگمە كۆۋرۈك ئۈستىدە $v$ تېزلىكتە ئىلگىرىلىگەن، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ ياي رادىئۇسى $R$ بولسا، ئاپتوموبىلنىڭ كۆۋرۈكنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدىن ئۆتكەندىكى كۆۋرۈك يۈزىگە بولغان بېسىم كۈچىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.



35.5-رەسىم

بۇ يەردە بىز ئاپتوموبىلنى تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ (5 .35-رەسىم)، ئالدى بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى. كۆۋرۈكنىڭ ئاپتوموبىلغا قارىتا بولغان تەسىر كۈچىنى بىلىۋالساقلا، كۆۋرۈك ئۇچرىغان بېسىم كۈچىنىمۇ بىلىۋالالايمىز. ئاپتوموبىل ۋېرتىكال يۆنىلىشتە ئېغىرلىق كۈچى $G$ بىلەن كۆۋرۈكنىڭ تىرەش كۈچى $F_1$ دىن ئىبارەت ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئاپتوموبىل بۇ يەردە تىنچ تۇرغاندا، $G$ بىلەن $F_1$ ئۆزئارا تەڭپۇڭ بولۇپ، يىغىندى كۈچى نۆل بولىدۇ. ئاپتوموبىل مېڭىپ كۆۋرۈكنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدىن ئۆتكەندە، $G$ بىلەن $F_1$ بىر تۈز سىزىقتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىغىندى كۈچى ئاپتوموبىلنى چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلدۇرىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ $F$ تىن ئىبارەت بولۇپ، يۆنىلىشى ۋېرتىكال تۆۋەنگە قارىتا بولىدۇ، يەنى $F=G-F_1$.

يەنە $F=m\frac{v^2}{r}$، شۇنىڭ ئۈچۈن

$$G-F_1=m\frac{v^2}{r}$$

بۇنىڭدىن كۆۋرۈكنىڭ ئاپتوموبىلنى تىرەش كۈچىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$F_1=G-m\frac{v^2}{r}$$

ئاپتوموبىلنىڭ كۆۋرۈككە بولغان بېسىم كۈچى بىلەن كۆۋرۈكنىڭ ئاپتوموبىلنى تىرەش كۈچى بىر جۈپ تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچتىن ئىبارەت بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ. يۇقىرىقى فورمۇلىدىن بۇ بېسىم كۈچىنىڭ ئاپتوموبىلنىڭ ئېغىرلىقى $G$ دىن كىچىك بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ بىلەن مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنىڭ فورمۇلىسى چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتتىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئەمما چەمبەر بويلىما ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەرگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. چەمبەر بويلىما ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتتە، يۇقىرىدىكى فورمۇلىدىن پايدىلىنىپ ماددىي نۇقتىنىڭ چەمبەر ئايلانمىسىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىدىكى مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچى بىلەن مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنى تېپىشتا، چوقۇم شۇ نۇقتىدىكى پەيتلىك تېزلىكنىڭ قىممىتىدىن پايدىلىنىش كېرەك.

## مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە




36.5 ـ رەسىم

1. يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتوموبىلنىڭ مېڭىش تېزلىكى قانچە چوڭ بولسا، ئاپتوموبىلنىڭ كۆۋرۈككە بولغان بېسىم كۈچى شۇنچە كىچىك بولىدۇ. تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ، ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىكى ئۈزلۈكسىز چوڭايغاندا، قانداق ھادىسە يۈز بېرىدۇ؟

2. يۇقىرىدىكى ئاپتوموبىلنىڭ ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشىنى تەھلىل قىلىشتىكى پىكىر قىلىش يولىغا ئاساسەن، ئاپتوموبىلنىڭ پېتىنقى شەكىللىك كۆۋرۈكنىڭ ئەڭ نۆۋەن نۇقتىسىدىن ئۆتكەندىكى كۆۋرۈككە بولغان بېسىم كۈچىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ (36.5 ـ رەسىم). بۇ چاغدىكى بېسىم كۈچى ئاپتوموبىلنىڭ ئېغىرلىقىدىن چوڭ بولامدۇ ياكى كىچىك بولامدۇ؟

## 6 ـ مەشىق



37.5 ـ رەسىم

(1) بىر كىچىك شارچىنى تانىغا چىگىپ، ئۇنى سىلىق گورىزونتال ئۈستەل ئۈستىدە چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلدۇرساق، شارچە نەچچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ بەزىلەر ئېغىرلىق كۈچى، ئۈستەل يۈزىنىڭ تىرەش كۈچى، تانىنىڭ تارتىش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچتىن ئىبارەت تۆت كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ دەيدۇ. بۇنداق تەھلىل قىلىش توغرىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

(2) كىچىك شارچىنى ئەينەك پەركا ئىچىگە سېلىپ، شارچىنى قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، شارچىنى سىلىق پەركا دىۋارىنى بويلىتىپ مەلۇم بىر گورىزونتال تەكشىلىكتە چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا بولىدۇ (37.5 ـ رەسىم). شارچىنىڭ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچىنى قايسى كۈچ تەمىنلەپ بېرىدۇ؟

(3) هازىر «سېھىرلىك دىسكا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش قۇرۇلمىسى بار (38.5 ـ رەسىم). «سېھىرلىك دىسكا» ناھايىتى ئاستا ئايلانغاندا، دىسكا ئۈستىدە تۇرغان ئادەملەر دىسكا بىلەن بىرلىكتە ئايلىنىپ، تاشلىنىپ كەتمەيدۇ. دىسكىنىڭ ئايلىنىش تېزلىكى تەدرىجىي چوڭايغاندا، دىسكا ئۈستىدە تۇرغان ئادەملەر تەدرىجىي ھالدا دىسكىنىڭ چېتىگە سىيرىلىپ بارىدۇ، ئايلىنىش ئوقى مەركىزىدىن قانچىكى يىراق تۇرغان ئادەملەرنىڭ بۇ خىل سىيرىلما ھەرىكەتكە يۈزلىنىشى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. «سېھىرلىك دىسكا»نىڭ ئايلىنىش تېزلىكىنى 6r/min، بەدەن ئېغىرلىقى 30kg كېلىدىغان بىر بالا ئوق مەركىزىدىن 1m يىراقلىقتا (دىسكىنىڭ رادىئۇسى 1m دىن چوڭ) دىسكا بىلەن بىللە ئايلانغان (سىيرىلمىغان) بولسا، بۇ بالا ئۇچرىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ قانچىلىك؟ بۇ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى قايسى كۈچ تەمىنلەپ بەرگەن؟



38.5 ـ رەسىم

(4) ماسسىسى 800kg بولغان بىر پىكاپ رادىئۇسى 50m بولغان چەمبەر شەكىللىك ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ كۆۋرۈك چوققىسىدىن ئۆتكەندىكى تېزلىكى 5m/s بولسا، بۇ چاغدىكى پىكاپنىڭ كۆۋرۈككە بولغان بېسىم كۈچىنى تېپىڭ.

(5) ئېغىرلىقى 25kg كېلىدىغان بىر كىچىك بالا ئەلەڭگۈچتە ئولتۇرغان، ئەلەڭگۈچ تاختىسىدىن ئارغامچا چىگىلگەن لىمغىچە بولغان ئارىلىق 2.5m. ئەگەر ئەلەڭگۈچ تاختىسىنىڭ ئېغىشىپ ئەڭ تۆۋەن ئورۇندىن ئۆتكەندىكى تېزلىكى 3m/s بولسا، بۇ چاغدا ئەلەڭگۈچ تاختا ئۇچرىغان بېسىم كۈچى قانچىلىك بولىدۇ؟ ($g=10m/s^2$ دەپ ئېلىنىدۇ)



Scanned by CamScanner

## §7 . مەركەزدىن قېچىش ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى




39.5-رەسىم. يىغىندى كۈچ تۇساتتىن يوقاپ كەتكەن ياكى كېرەكلىك بولغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى تەمىنلەپ بېرىشكە يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، جىسىم مەركەزدىن قاچما ھەرىكەت قىلىدۇ

### مەركەزدىن قاچما ھەرىكەت

چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلغان جىسىم ئۆزىنىڭ ئىنېرتسىيىسى تۈپەيلىدىن ھامان چەمبەر ئايلانمىسى ئۇرۇنمىسى يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشكە ئىنتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇپ چىقىپ كەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ جىسىمنى ئۈزلۈكسىز ھالدا چەمبەر ئايلانمىسىغا تارتىپ كېلىپ، جىسىم بىلەن چەمبەر مەركىزىنىڭ ئارىلىقىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ تۇساتتىن يوقاپ كەتسە، مەسىلەن، تانا تۇساتتىن ئۈزۈلۈپ كەتسە، جىسىم ئۇرۇنما يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۇچۇپ چىقىپ، چەمبەر مەركىزىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىدۇ.

مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ تۇساتتىن يوقاپ كېتىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئەھۋالدىن باشقا، يىغىندى كۈچ $F$ جىسىمنىڭ چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلىشىغا كېرەكلىك بولغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ ($F=mr\omega^2$)نى تەمىنلەپ بېرىشكە يېتىشمىگەن چاغدا، جىسىممۇ چەمبەر مەركىزىدىن تەدرىجىي ھالدا يىراقلىشىدۇ. بۇ چاغدا جىسىم گەرچە ئۇرۇنما يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۇچۇپ چىقىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن يىغىندى كۈچ جىسىمنى چەمبەر ئايلانمىسىغا تارتىپ كېلىشكە يېتىشمەيدۇ-دە، جىسىم 39.5-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ئۇرۇنما بىلەن چەمبەر ئايلانمىسى ئارىسىدىكى مەلۇم بىر ئەگرى سىزىقنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىپ، چەمبەر مەركىزىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىدۇ.

چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىم ئۇچرىغان يىغىندى كۈچ تۇساتتىن يوقاپ كەتكەن ياكى چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلىشقا كېرەكلىك بولغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى تەمىنلەپ بېرىشكە يېتىشمىگەن ئەھۋالدا چەمبەر مەركىزىدىن تەدرىجىي يىراقلىشىش ھەرىكىتىنى قىلىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت مەركەزدىن قاچما ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ.

### مەركەزدىن قاچما ھەرىكەتتىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش

مەركەزدىن قاچما ھەرىكەتلەر كۆپ قوللىنىلىدۇ، كىرئالغۇنىڭ سۇ سارقىتىش ساندۇقى (40.5 - رەسىم) مەركەزدىن قاچما ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ كىيىمگە يېپىشىپ قالغان سۇلارنى سىلكىپ چىقىرىۋېتىدىغان قۇرۇلمىدىن ئىبارەت. كىرئالغۇنىڭ سۇ سارقىتىش ساندۇقىنىڭ ئايلىنىشى ئاستىراق بولغاندا، سۇ تامچىلىرىنىڭ كىيىمگە يېپىشىش كۈچى $F$ كېرەكلىك بولغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ $F$ نى تەمىنلەپ بېرىشكە يېتىشىپ، سۇ تامچىلىرىنى چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ. ساندۇقنىڭ ئايلىنىشى بىرقەدەر تېز بولغاندا، يېپىشىش كۈچى $F$ كېرەكلىك بولغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ $F$ نى تەمىنلەپ بېرىشكە يېتىشمەي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇ تامچىلىرى مەركەزدىن قاچما ھەرىكەت قىلىپ، ساندۇقنىڭ تۆشۈكچىلىرىدىن ئۆتۈپ، ساندۇقنىڭ سىرتىغا ئۇچۇپ چىقىدۇ (41.5-رەسىم).




41.5-رەسىم. سۇ تامچىلىرىنىڭ مەركەزدىن قاچما ھەرىكىتى



40.5-رەسىم. كىرئالغۇنىڭ سۇ سارقىتىش ساندۇقى



Scanned by CamScanner

كۆپلىگەن كىچىك باللار «پاختا كەمپۈت»نى ياقتۇرۇپ يەيدۇ. بۇنى ئىشلەش ئۇسۇلىدىمۇ مەركەزدىن قاچما ھەرىكەتنىڭ پرىنسىپىدىن پايدىلىنىلغان (5 .42-رەسىم).

گورىزونتال تاشيولدا كېتىۋاتقان پىكاپ بۇرۇلغاندا كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى چاقلار بىلەن يول يۈزى ئارىسىدىكى تىنچ سۈركىلىش كۈچى تەمىنلەيدۇ (5 .43-رەسىم). ئەگەر بۇرۇلغاندا، تېزلىكى بەك چوڭ بولۇپ كەتسە، كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ $F$ ئەڭ چوڭ تىنچ سۈركىلىش كۈچى $F_{max}$تىن چوڭ بولۇپ كېتىدۇ-دە، پىكاپ مەركەزدىن قاچما ھەرىكەت قىلىپ قاتناش ۋەقەسى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، تاشيوللارنىڭ بۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا پىكاپ (ئاپتوموبىللار) نىڭ بەلگىلەنگەن تېزلىكتىن ئېشىپ كېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.



5.42-رەسىم. كىرئالغۇنىڭ سۇ سارقىتىش تۇڭىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىچكى تۇڭىغا ئاق شېكەرنى سېلىپ، قىزدۇرۇش ئارقىلىق شېكەر ئېرىتىلىپ شىرنىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئىچكى تۇڭ يۇقىرى تېزلىكتە ئايلاندۇرۇلسا، سۇيۇقلاندۇرۇلغان شىرنە مەركەزدىن قاچما ھەرىكەت قىلىپ، ئىچكى تۇڭنىڭ دىۋارىدىكى تۆشۈكچىلەردىن چاچراپ چىقىپ، ئىنچىكە تالالار (يىپچىلار)غا ئايلىنىپ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنرەك بولغان سىرتقى تۇڭىغا يېتىپ بارىدۇ ھەم تېزلىكتە سوۋۇپ قېتىپ، قاردەك ئاپئاق ھەم ئىنچىكە بولۇپ، بەئەينى كاللەك-كاللەك پاختىلارغىلا ئوخشاپ قالىدۇ.

يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىدىغان قۇمچاق، ماخاۋىك قاتارلىقلار رۇخسەت قىلىنغان ئەڭ چوڭ ئايلىنىش تېزلىكىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ، ئەگەر ئايلىنىش تېزلىكى بەك چوڭ بولۇپ كەتسە، قۇمچاق، ماخاۋىكلارنىڭ ئىچكى قىسىم مولېكۇلىلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۈچ كېرەك بولغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى تەمىنلەپ بېرىشكە يېتىشمىگەن چاغدا، مەركەزدىن قاچما ھەرىكەت ئۇلارنى يېرىۋېتىدۇ، ھەتتا ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.




5.43-رەسىم. پىكاپ بۇرۇلغاندا تېزلىكى بەك چوڭ بولۇپ كەتسە، مەركەزدىن قاچما ھەرىكەت قىلىش تۈپەيلىدىن قاتناش ۋەقەسى كېلىپ چىقىدۇ

## بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە

بۇ بابتا بىر جىسىملارنىڭ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىشىنىڭ شەرتلىرىنى ۋە ھەرىكەتلەرنى قوشۇش ھەم ئاجرىتىشنى چۈشەندۇردۇق، شۇنداقلا گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتى بىلەن چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنى ئىبارەت ئىككى خىل ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتنىڭ قانۇنىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەتلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى ھەرىكەتلەرنى قوشۇش ۋە ئاجرىتىشتىن ئىبارەت.

(1) بىر جىسىم كۈچ تەسىرىدە قانداق شەرت ئاستىدا تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ؟ قانداق شەرت ئاستىدا ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ؟

(2) ھەرىكەتلەرنى قوشۇش دېگەن نېمە؟ ھەرىكەتنى ئاجرىتىش دېگەنچۇ؟ ھەرىكەتلەرنى قوشۇش ۋە ئاجرىتىش قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

(3) گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتىنى قايسى ئىككى ھەرىكەتنىڭ بىرىكمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ھەرىكەت ترايېكتورىيىسى قانداق ئەگرى سىزىقتىن ئىبارەت بولىدۇ؟ گورىزونتال ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتىنىڭ مەلۇم بىر پەيتتىكى ئورنى بىلەن تېزلىكىنى قانداق ئېنىقلاشقا بولىدۇ؟

(4) گورىزونتال ئېتىلغان جىسىمنىڭ بوشلۇقتا ئۇچقان ۋاقتى نېمىدىن بەلگىلىنىدۇ؟ ئېتىلغان چاغدىكى دەسلەپكى تېزلىكى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ-يوق؟ ئۇنىڭ ئۇچقان گورىزونتال ئارىلىقى نېمىدىن بەلگىلىنىدۇ؟ ئېتىلغان چاغدىكى ئېگىزلىكى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ-يوق؟ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

(5) چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت دېگەن نېمە؟ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەتنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدارلار قايسىلار؟ ئۇلارنىڭ مەنىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئۇلار ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟

(6) نېمە ئۈچۈن چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان جىسىمغا بىر مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ كېرەك بولىدۇ؟ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ رولى نېمىدىن ئىبارەت؟ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان جىسىمنىڭ كۈچكە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ بەزىلەر: چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان جىسىم ئىككىنچى بىر جىسىمنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا بولغان تەسىر كۈچىگە ئۇچرىغاندىن باشقا، يەنە بىر مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، دەيدۇ. بۇنداق تەھلىل قىلىش نېمە ئۈچۈن خاتا؟ ئېكسپېرىمېنتتا سۆزلەنگەن ۋە ئۆزىڭىز ئىشلىگەن مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى تەھلىل قىلىش ھەققىدىكى ئەمەلىي مىسالنى تەكرارلاڭ ھەم خۇلاسىلەپ چىقىڭ.

(7) مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ ۋە مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىش قايسى ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك؟ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ بىلەن مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدىكى فورمۇلىلىرىنى يېزىپ چىقىڭ، ئۇلارنىڭ ئېنىق مەنىسى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈڭ.

(8) مەركەزدىن قاچما ھەرىكەت دېگەن نېمە؟ قوللىنىلىدىغان بىرقانچە ئەمەلىي مىسالنى كەلتۈرۈڭ.

## كۆنۈكمە

(1) دەريا سۇيىنى ئاقمايدۇ، دەپ پەرەز قىلىپ ئالساق ماتورلۇق كېمە 10km/h تېزلىكتە دەريا قىرغىقىغا تىك يۆنىلىشتە تەكشى تېزلىكتە ماڭغان ھەم دەريانىڭ كەڭلىكى 500m بولسا، ماتورلۇق كېمىنىڭ قارشى تەرەپتىكى قىرغاققا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ دەريا سۇيىنىڭ ئېقىشى تۈپەيلىدىن، ماتورلۇق كېمە بىرلا ۋاقىتتا دەريا سۇيى تەرىپىدىن تۆۋەن ئېقىنغا ئىتتىرىلىپ، ئۇنىڭ دەريانى بويلاپ قىلغان ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى دەريا سۇيىنىڭ ئېقىش تېزلىكىگە ئوخشاش بولغان، ئەگەر دەريا سۇيىنىڭ ئېقىش تېزلىكى 3km/h بولسا، ماتورلۇق كېمىنىڭ قارشى



Scanned by CamScanner

ەرەپتىكى قىرغاقتا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ ؟
ماتورلۇق كېمە قارشى قىرغاقنىڭ قايسى جايىدا قىرغاققا يېقىنلىشىدۇ ؟ دەريا سۈيىنىڭ ئېقىش تېزلىكى 2km/h ياكى 4km/h بولسا ، يۇقىرىقى جاۋاب يەنە قانداق بولىدۇ ؟




44.5-رەسىم

(2) گورىزونتال يولدا موتسىكلىت مىنىپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم بىر ئازگالغا يولۇققان (44.5-رەسىم) دا ، موتسىكلىتنىڭ تېزلىكى ئاز دېگەندە قانچىلىك بولغاندا ، ئاندىن بۇ ئازگالدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ ؟ ( $g=10m/s^2$ دەپ ئېلىنىدۇ )

(3) دەسلەپكى تېزلىك $v_0$ بويىچە گورىزونتال ئېتىلغان بىر جىسىمنىڭ $t$ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى تېزلىكىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى $v_t$ بولسا ، $2t$ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى تېزلىكىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ توغرا ئىپادىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك :

A. $v_0+2gt$ ,  B. $v_t+gt$ ,  C. $\sqrt{v_0^2+(2gt)^2}$ ,  D. $\sqrt{v_t^2+3(gt)^2}$

(4) بىر ئايروپىلان گورىزونتال تەكشى تېزلىكتە ئۇچقان ، ئايروپىلاندىن ھەر بىر سېكۇنتتا بىردىن تۆمۈر شارچە تاشلانغان ، ئالدى-كەينى بولۇپ جەمئىي تۆت شارچە تاشلانغان ، ئەگەر ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا ، بۇ تۆت شارچە :

A . بوشلۇقتىكى ھەرقانداق پەيتتە ھامان تىزىلىپ پارابولا ھاسىل قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ يەرگە چۈشۈش نۇقتىلىرى تەڭ ئارىلىقتا بولىدۇ .

B . بوشلۇقتىكى ھەرقانداق پەيتتە ھامان تىزىلىپ پارابولا ھاسىل قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ يەرگە چۈشۈش نۇقتىلىرى تەڭ ئارىلىقتا بولمايدۇ .

C . بوشلۇقتىكى ھەرقانداق پەيتتە ھامان ئايروپىلاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تىزىلىپ ۋېرتىكال تۈز سىزىق ھاسىل قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ يەرگە چۈشۈش نۇقتىلىرى تەڭ ئارىلىقتا بولىدۇ .

D . بوشلۇقتىكى ھەرقانداق پەيتتە ھامان ئايروپىلاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تىزىلىپ ۋېرتىكال تۈز سىزىق ھاسىل قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ يەرگە چۈشۈش نۇقتىلىرى تەڭ ئارىلىقتا بولمايدۇ .

(5) ئېكۋاتورنىڭ رادىئۇسى $6.4\times10^3$km ئىكەنلىكى مەلۇم ، ئېكۋاتوردىكى جىسىمنىڭ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشى تۈپەيلىدىن ھاسىل قىلغان مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشى قانچىلىك بولىدۇ؟ بېيجىڭ رايونىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 40° بولسا ، بېيجىڭ رايونىدىكى جىسىمنىڭ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشى تۈپەيلىدىن ھاسىل قىلغان مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشى يەنە قانچىلىك بولىدۇ؟

(6) قۇياشنىڭ ماسسىسى $1.99\times10^{30}$kg ، قۇياش سامانيولى سىستېمىسىنىڭ مەركىزىدىن تەخمىنەن 30 مىڭ يورۇقلۇق يىلى (1 يورۇقلۇق يىلى $=9.46\times10^{15}$m) يىراقلىقتا ، ئۇ 250km/s سۈرئەتتە سامانيولى سىستېمىسىنىڭ مەركىزىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلسا ، قۇياشنىڭ سامانيولى مەركىزىنى ئايلىنىپ قىلغان ھەرىكىتىنىڭ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچى قانچىگە تەڭ بولىدۇ ؟

(7) $m=2.0\times10^3$kg بولغان بىر ئاپتوموبىل گورىزونتال تاشيولدا كېتىۋېتىپ ، رادىئۇسى $r=50$m بولغان ئايلانما يولدىن ئۆتكەندە ، ئەگەر ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىكى $v=72$km/h بولسا ، بۇ ئاپتوموبىلدا يانغا سىيرىلىش يۈز بېرەمدۇ-يوق ؟ چاقلار بىلەن يول يۈزى ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ تىنچ سۈركىلىش كۈچى $F_{max}=1.4\times10^4$N ئىكەنلىكى بېرىلگەن .

(8) 6-مەشىقتىكى (4) مىسالدا ، ئەگەر پىكاپنىڭ كۆۋرۈكنىڭ چوققىسىغا يېتىپ بارغاندىكى كۆۋرۈككە بولغان بېسىم كۈچىنىڭ نۆل بولۇشى ھەم پىكاپنىڭ كۆۋرۈك يۈزىدىن ئايرىلىپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنسا ، كۆۋرۈك چوققىسىغا يېتىپ بارغاندىكى تېزلىكى قانچىلىك بولۇشى كېرەك ؟

Scanned by CamScanner

بىپايان ئالەمدە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان، شەكلى ھەرخىل بولغان سان-ساناقسىز ئاسمان جىسىملىرى، مەسىلەن، ئاي، يەر شارى، قۇياش، كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار ... بار، بۇ ساناقسىز ئاسمان جىسىملىرىدىن تۈزۈلگەن كۆز يەتكۈسىز ئالەم كىشىلەر ئەزەلدىن چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان ساھەدۇر.

بۇ بابتا ئىنسانلارنىڭ ئەقىل-پاراستىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئالەملىك تارتىشىش كۈچىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنىڭ بايقىلىشى ھەم ئۇنىڭ ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىدىكى رولى بىلەن تونۇشىمىز.

## §1 . سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتى

قەدىمكى دەۋردە كىشىلەردە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا يەر مەركىزى تەلىماتى ۋە قۇياش مەركەز تەلىماتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل قارىمۇقارشى كۆزقاراش بار ئىدى . يەر مەركەز تەلىماتى يەرشارى ئالەمنىڭ مەركىزى بولۇپ ، ئۇ ھەرىكەت قىلماي تىنچ تۇرىدۇ ، قۇياش ، ئاي ۋە باشقا سەييارىلەرنىڭ ھەممىسى يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ ، دەپ قارايدۇ ؛ قۇياش مەركەز تەلىماتى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ، قۇياش ھەرىكەت قىلماي تىنچ تۇرىدۇ ، يەر شارى ۋە باشقا سەييارىلەرنىڭ ھەممىسى قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ ، دەپ قارايدۇ .

يەر مەركەز تەلىماتى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىگە بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى (قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ ، غەربكە پېتىشى خۇددى قۇياش يەر شارىنى ئايلىنىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ ) ، شۇنداقلا دىنىي ئىلاھىيەتشۇناسلىقنىڭ يەر شارى بولسا ئالەمنىڭ مەركىزى دەيدىغان تەبىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ تەلىمات ئۇزۇن مەزگىلگىچە كىشىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ كەلدى . لېكىن كىشىلەرنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان ئۈزلۈكسىز تەتقىقاتىغا ئەگىشىپ ، يەر مەركەز تەلىماتى تەسۋىرلىگەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى مۇرەككەپ بولۇپلا قالماي ، يەنە ئۇنىڭدا نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ بارلىقى بايقالدى . ئەگەر يەر شارىنى ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىي ئورنىدىن ئاددىي بولغان ، قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان سەييارىنىڭ ئورنىغا يۆتكەپ ، باشقا بىر نۇقتىدا تۇرۇپ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە ئويلاشقاندا ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ ، سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەشمۇ ئاددىيلىشىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن قۇياش مەركەز تەلىماتى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئاستا-ئاستا قوبۇل قىلىنىپ ، ھەقىقەت ئاخىر سەپسەتە ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى .

يەر مەركەز تەلىماتى بىلەن قۇياش مەركەز تەلىماتىنىڭ تالىشىشى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەر بار، سىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەيلى يەر مەركەز تەلىماتى بولسۇن ياكى قۇياش مەركەز تەلىماتى بولسۇن ، قەدىمكى كىشىلەر ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى مۇقەددەس بىلىپ ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى مۇقەررەر ھالدا ئەڭ مۇكەممەل ، ماسلاشقان چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت بولىدۇ ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن يەر يۈزىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ بويسۇنىدىغان قانۇنىيەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ ، دەپ قارايتتى . گېرمانىيە ئاسترونومىيە ئالىمى كېپلېر (1571～1630 ) دەسلەپتە ئۇستازى ، يەنى دانىيە ئۇلۇغ ئاسترونومىيە ئالىمى تايكوبراخ (1546～1601 ) نىڭ سەييارىلەرنىڭ ئورنىغا نىسبەتەن ئۇدا 20 يىل ئۆلچەپ خاتىرىلىگەن سانلىق مەلۇماتلىرىنى تەتقىق قىلغاندىمۇ ، سەييارىلەرنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىش مودېلى بويىچە مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان ، لېكىن ئۇنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىسى بىلەن تايكوبراخنىڭ ئۆلچىگەن سانلىق مەلۇماتى ئارىسىدا ئاز دېگەندە ′8 بولۇڭ خاتالىق پەرقى بولغان . ئەينى چاغدا كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغان تايكوبراخنىڭ ئۆلچىشىنىڭ خاتالىق پەرقى ′2 تىن ئاشمايتتى ، كېپلېر بۇنى ، نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان بۇ ′8 بەلكىم كىشىلەرنىڭ سەييارىلەر قۇياشنى چۆرىدەپ



Scanned by CamScanner

چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، دېم
ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇزۇندىن بېرى ھەقىقەت دەپ قارىلىپ كەلگەن قاراش
ئاسمان جىسىملىرىنىڭ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىشى توغرىسىدىكى قىتىم گۇمانىنى قوزغىدى. كېيىن
كېپلېر يەنە تايكوبراخ كۆزەتكەن ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، تۆت يىلدىن ئارتۇق
قېتىرقىنىپ ھېسابلاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 19 خىل پەرەزنى ئىنكار قىلىپ
تاشلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا تۆۋەندىكىلەرنى بايقىدى: **بارلىق سەييارىلەرنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىش
ئوربىتىسى ئېللىپس شەكىللىك بولىدۇ، قۇياش بۇ ئېللىپسلارنىڭ بىر فوكۇسىدا بولىدۇ** (كېپلېرنىڭ
بىرىنچى قانۇنى)؛ **بارلىق سەييارىلەرنىڭ ئوربىتىلىرىنىڭ يېرىم ئۇزۇن ئوقىنىڭ كۇبى بىلەن قۇياش
ئەتراپىدا ئايلىنىش دەۋرىنىڭ كۋادراتىنىڭ نىسبەت قىممەتلىرى ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ** (كېپلېرنىڭ ئۈچىنچى
قانۇنى[①]).



1.6–رەسىم

$R$ ئارقىلىق ئېللىپس شەكىللىك ئوربىتىنىڭ يېرىم ئۇزۇن ئوقىنى (1.6–رەسىم)، $T$ ئارقىلىق قۇياشنى ئايلىنىش دەۋرىنى ئىپادىلىسەك، يۇقىرىقى باياندىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$\frac{R^3}{T^2}=k \quad .$$

نىسبەت قىممەت $k$ بولسا سەييارىلەرگە مۇناسىۋەتسىز بىر تۇراقلىق مىقداردۇر.

كېپلېرنىڭ سەييارىلەر ھەرىكىتى ھەققىدىكى توغرا بولغان تەسەۋۋۇرلىرى كىشىلەرنى سەييارىلەرنىڭ كىنېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئاساسقا ئىگە قىلىپلا قالماستىن، كىشىلەرنىڭ ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان سىرلىق، مۇجمەل تونۇشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىنىڭ دىنامىكا مەسىلىلىرىدىكى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈردى.

## §2. ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنى

سەييارىلەرنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىلەرگە بولغان چۈشەنچە بىرقەدەر
ئېنىق بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر «سەييارىلەر نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ھەرىكەت قىلىدۇ» دېگەن مەسىلە
ئۈستىدە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ مۇلاھىزە ئېلىپ باردى. كىشىلەر بۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە XVII ئەسىردىن
ئىلگىرىمۇ مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان، لېكىن ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ بىلىشىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى-
دىن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر چەمبەر بويلىما ھەرىكەت ئەڭ مۇكەممەل بولغانلىقتىن، مۇقەددەس ۋە
مەڭگۈلۈك بولغان ئاسمان جىسىملىرى مۇقەررەر ھالدا چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇنىڭغا
باشقا سەۋەب كېرەك ئەمەس دەپ قارىغان. كېپلېر دەۋرىگە كەلگەندە، ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىگە
مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئوخشاش بولمىغان دىنامىكىلىق چۈشەندۈرۈشلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلىدى.
مەسىلەن، گالىلېي: بارلىق جىسىملار بىرىكىش يۈزلىنىشىگە ئىگە، بۇنداق يۈزلىنىش جىسىملارنىڭ
چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارىغان؛ كېپلېر: سەييارىلەر قۇياشنى
ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغاندا، چوقۇم قۇياشتىن كەلگەن ماگنىت كۈچىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تەسىرگە
ئۇچرايدۇ، دەپ قارىغان؛ فرانسىيە فىزىكا ئالىمى دېكارت (1596~1650): سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتى
سەييارىلەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان ماددا (ئېفىر)نىڭ سەييارىلەرگە تەسىر قىلغانلىقىدىن بولىدۇ،

---

① كېپلېرنىڭ ئىككىنچى قانۇنى: ھەربىر سەييارىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قۇياش بىلەن سەييارىلەرنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق تەڭ ۋاقىتلار ئىچىدە تەڭ يۈزلەرنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

Scanned by CamScanner

يۇنىڭ بىلەن سەييارىلەر قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ ، دەپ قارىغان . نيۇتون بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان بىر قىسىم ئالىملار ، مەسىلەن ، ھوك ، ھاللىي قاتارلىقلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان ، ھوك قاتارلىقلار سەييارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ھەرىكەت قىلىشىدىكى سەۋەب قۇياشنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تارتىش كۈچىگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولغان دەپ قارىغان ، ھەتتا ئەگەر سەييارىنىڭ ئوربىتىسى ئېللىپس شەكلىدە بولسا ، ئۇ ئۇچرىغان تارتىش كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى سەييارىدىن قۇياشقىچە بولغان ئارىلىقنىڭ كۋادراتىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان . لېكىن ئۇلار ئېللىپس شەكىللىك ئوربىتىدا تارتىشىش كۈچىنىڭمۇ مۇشۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالمىغان ، بۇ خىل تارتىشىش كۈچىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرىنى يۇقىرى تەلەپتە تېخىمۇ ئىسپاتلاپ چىقالمىغان .

نيۇتون ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا ، كامالەتكە يەتكەن ماتېماتىكا ئىقتىدارىغا تايىنىپ تۆۋەندىكىدەك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى : ئەگەر قۇياش بىلەن سەييارە ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچى ئارىلىقنىڭ كۋادراتىغا تەتۈر تاناسىپ بولسا ، بۇ سەييارىنىڭ ئوربىتىسى ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئومۇمىي مەنىدىكى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى شەرھلەپ چىقتى .

تۆۋەندە بىز نيۇتوننىڭ ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى قانداق بايقىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى . سەييارىلەرنىڭ ئېللىپس شەكىللىك ئوربىتىسىنى تەقرىبىي ھالدا چەمبەر شەكىللىك ئوربىتا دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقتىن ، مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ، بىز نيۇتوننىڭ ئېللىپس شەكىللىك ئوربىتا ئارقىلىق ئىسپاتلىغان مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ چەمبەر شەكىللىك ئوربىتا ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلىمىز .

ئەگەر سەييارە قۇياشنى چۆرىدەپ چەمبەر بويىچە تەكشى ھەرىكەت قىلىدۇ دېسەك ، قۇياشنىڭ سەييارىگە بولغان تارتىش كۈچى $F$ سەييارە ئۇچرىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك ، يەنى

$$F=m\frac{v^2}{r}$$

ئىپادىدىكى $r$ قۇياش بىلەن سەييارە ئارىسىدىكى ئارىلىق ، $v$ سەييارە ھەرىكىتىنىڭ سىزىقلىق تېزلىكى ، $m$ سەييارىنىڭ ماسسىسى .

چەمبەر بويىچە ھەرىكەتتىكى دەۋر $T$ ۋە تېزلىك $v$ نىڭ مۇناسىۋەت ئىپادىسى $v=\frac{2\pi r}{T}$ نى يۇقىرىقى ئىپادىگە قويساق مۇنداق بولىدۇ :

$$F=4\pi^2\left(\frac{r^3}{T^2}\right)\frac{m}{r^2}$$

كېپلېر تەسۋىرلىگەن سەييارىلەر ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىدىن $\frac{r^3}{T^2}$ نىڭ بىر تۇراقلىق مىقدار ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ : سەييارە بىلەن قۇياش ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچى سەييارىنىڭ ماسسىسىغا ئوڭ تاناسىپ ، سەييارىدىن قۇياشقىچە بولغان ئارىلىقنىڭ كۋادراتىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ .

نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنىغا ئاساسەن ، سەييارىنىڭ قۇياشنى ئۆزىگە تارتىش كۈچى بىلەن قۇياشنىڭ سەييارىنى ئۆزىگە تارتىش كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزئارا تەڭ ھەمدە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ . نيۇتون بۇ تارتىش كۈچى بىلەن سەييارىنىڭ ماسسىسى ئوڭ تاناسىپ بولغانىكەن ، ئەلۋەتتە قۇياشنىڭ ماسسىسى بىلەنمۇ ئوڭ تاناسىپ بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان . شۇڭا $m'$ ئارقىلىق قۇياشنىڭ ماسسىسىنى ئىپادىلىسەك ، ئۇ ھالدا

$$F\propto\frac{m'm}{r^2}$$



Scanned by CamScanner

بولىدۇ، تەڭلىك شەكلىدە يازساق

$$F=G\frac{m'm}{r^2}$$

بولىدۇ، $G$ بىر تۇراقلىق مىقدار بولۇپ، ھەرقانداق سەييارىگە نىسبەتەن ئوخشاش بولىدۇ.

نيۇتون يەنە ئاي شارىنىڭ يەر شارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىش ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچىنىڭمۇ قۇياش بىلەن سەييارىلەر ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچىگە ئوخشاش قانۇنىيەتكە بويسۇنىدىغانلىقىنى بايقىدى.

نيۇتون بۇ نۇرغۇنلىغان ئوخشاش بولمىغان جىسىملار ئارىسىدا ئوخشاش قانۇنىيەتكە بويسۇنىدىغان تارتىشىش كۈچىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ قانۇنىيەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق ئىككى جىسىمغىچە كېڭەيتىپ، 1687-يىلى **ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنى**نى رەسمىي ئېلان قىلدى:

**تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق ئىككى جىسىم ئۆزئارا تارتىشىدۇ، تارتىشىش كۈچلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بۇ ئىككى جىسىم ماسسىلىرىنىڭ كۆپەيتمىسىگە ئوڭ تاناسىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئارىلىقنىڭ كۋادراتىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ.**

ئەگەر $m_1$ ۋە $m_2$ ئارقىلىق ئىككى جىسىمنىڭ ماسسىلىرىنى، $r$ ئارقىلىق ئۇلار ئارىسىدىكى ئارىلىقنى ئىپادىلىسەك، ئۇ ھالدا ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى تۆۋەندىكى فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

$$F=G\frac{m_1m_2}{r^2}$$

ئىپادىدىكى ماسسىنىڭ بىرلىكىگە kg، ئارىلىقنىڭ بىرلىكىگە m، كۈچنىڭ بىرلىكىگە N ئېلىنىدۇ. $G$ تۇراقلىق مىقدار بولۇپ، **ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقى** دەپ ئاتىلىپ، ھەرقانداق ئىككى جىسىمغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇ سان قىممەت جەھەتتە ماسسىلىرى ئوخشاشلا 1kg بولغان ئىككى جىسىمنىڭ ئۆزئارا ئارىلىقى 1m بولغاندىكى ئۆزئارا تەسىر كۈچىگە تەڭ بولىدۇ، ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقىنىڭ ئۆلچەملىك قىممىتى $G=6.67259\times10^{-11}\mathrm{N\cdot m^2/kg^2}$، ئادەتتە $G=6.67\times10^{-11}\mathrm{N\cdot m^2/kg^2}$ ئېلىنىدۇ.

ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىدىكى ئىككى جىسىمنىڭ ئارىلىقى دېگىنىمىز، ئۆزئارا ئارىلىقى يىراق بولغان ھەمدە ماددىي نۇقتا دەپ قاراشقا بولىدىغان ئىككى جىسىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ ئىككى ماددىي نۇقتىنىڭ ئارىلىقىدىن ئىبارەت بولىدۇ؛ تەكشى شار جىسىملارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىككى شار مەركىزىنىڭ ئارىلىقىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

يەر يۈزىدىكى ئېغىرلىق كۈچى بىلەن يەر شارىنىڭ ئاي شارىنى تارتىش كۈچى ۋە قۇياشنىڭ سەييارىلەرنى تارتىش كۈچىنىڭ ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئوخشاش قانۇنىيەتكە بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، نيۇتون يەنە مەشھۇر «ئاي—يەر» سىنىقى ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ ئاساسىي تەسەۋۋۇرى مۇنداق: ئەگەر ئېغىرلىق كۈچى بىلەن ئاسمان جىسىملىرى ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچى ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىك كۈچ بولۇپ، ھەممىسى ئارىلىقنىڭ كۋادراتىغا تەتۈر تاناسىپ بولسا، ئۇ ھالدا ئاي شارىنىڭ يەر شارىنى ئايلىنىپ تەقرىبىي ھالدا چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلغاندىكى مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشى يەر يۈزىدىكى ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشىنىڭ 1/3600 بولىدۇ، چۈنكى ئاي مەركىزىدىن يەر مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىق يەر شارى رادىئۇسىنىڭ 60 ھەسسىسىگە تەڭ. نيۇتون ئاي شارىنىڭ مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشىنى ھېسابلاپ، ئۆز تەسەۋۋۇرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنى ئىنقلاپ، ئۆزىڭىز ئاي شارىنىڭ يەر شارىنى ئايلىنىپ چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلغاندىكى مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشنى ھېسابلاپ چىقىپ، بۇنىڭ يەر يۈزىدىكى ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشىنىڭ 1/3600 بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىغا قاراڭ.

ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنىڭ بايقىلىشى XVII ئەسىردىكى تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەر يۈزىدىكى جىسىملار ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى فىزىكا بىلەن ئاسترونومىيىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ تۇنجى بولۇپ تەبىئەتتىكى ئاساسلىق



Scanned by CamScanner

بىر خىل ئۆزئارا تەسىرنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تونۇش تارىخىدا بىر ئابىدە تىكلىدى.

ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنىڭ بايقىلىشى، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نيۇتون دەۋرىدىن ئىلگىرى، كىشىلەر ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىدە بىلگىلى بولمايدىغان قانۇنىيەت يوشۇرۇنغان دەپ قاراپ كەلگەن. نيۇتوننىڭ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىشى ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ئاسمان ۋە يەر ئارىسىدىكى ھەرخىل شەيئىلەرنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى تىكلەندى. بۇنداق ئىشەنچ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، پەن-مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئاكتىپ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

## §3. ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقىنى ئۆلچەش

نيۇتون گەرچە ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى بايقىغان بولسىمۇ، لېكىن توغرا بولغان تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقىنى ئۆلچەپ بېرەلمىگەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئادەتتە جىسىملار ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچى ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، تەجرىبە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنى ئىپادىلەپ بېرىش ناھايىتى قىيىنغا توختىغان.

1798-يىلى، يەنى نيۇتون ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى بايقاپ 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى كاۋېندىش (1731~1810) تولغانما تارازا قۇرۇلمىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، تۇنجى قېتىم تەجرىبىخانىدا تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقىنى بىرقەدەر توغرا ئۆلچەپ چىقتى.




2.6-رەسىم. كاۋېندىش تەجرىبىسى سخېمىسى

كاۋېندىش تولغانما تارازىسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى يېنىك ھەم مۇستەھكەم بولغان T شەكىللىك جازىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بىر تال مېتال سىمنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىغا دۇم ئېسىلغان. T شەكىللىك جازىنىڭ گورىزونتال قىسمىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ماسسىلىرى $m$ بولغان بىردىن شارچە ئېسىلغان. T شەكىللىك جازىنىڭ ۋېرتىكال قىسمىغا بىر كىچىك تەكشى يۇزلۈك ئەينەك $M$ ئورنىتىلغان، ئۇ چۈشكەن نۇرلارنى قايتۇرۇپ شكالىلىق گەز (سىزغۇچ) گە چۈشۈرىدۇ (2.6-رەسىم)، بۇنىڭ بىلەن مېتال سىمنىڭ تولغىنىشىنى بىرقەدەر ئېنىق ئۆلچىگىلى بولىدۇ.

تەجرىبە ئىشلىگەندە، ماسسىلىرى $m'$ بولغان ئىككى چوڭ شارچىنى 2.6-رەسىمدە كۆرسىتىلگەن ئورۇنلارغا قويىمىز ھەمدە ئۇلار بىلەن كىچىك شارچىلار ئارىسىدىكى ئارىلىقنى ئۆزئارا تەڭ قىلىمىز. $m$ بولسا $m'$ نىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، T شەكىللىك جازا كۈچ مومېنتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئايلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مېتال سىم تولغىنىپ، قارىمۇقارشى بولغان تولغاش كۈچ مومېنتى ھاسىل قىلىپ، T شەكىللىك جازىنىڭ ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ ئىككى كۈچ مومېنتى تەڭپۇڭلاشقاندا، T شەكىللىك جازا ھەرىكەت قىلماي توختاپ قالىدۇ. بۇ چاغدا مېتال سىمنىڭ تولغانغان بۇلۇڭىنى كىچىك ئەينەك $M$ دىن قايتقان يورۇقلۇق نۇقتىسىنىڭ شكالىلىق گەزدىكى سىلجىغان ئارىلىقىدىن تېپىشقا بولىدۇ، يەنە مېتال سىمنىڭ تولغاش كۈچ مومېنتى بىلەن تولغىنىش بۇلۇڭىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، بۇ چاغدىكى تولغاش كۈچ مومېنتىنى ھېسابلاپ چىقىپ، بۇنىڭدىن $m$ بىلەن $m'$ نىڭ تارتىشىش كۈچى $F$ نى تېپىشقا بولىدۇ. كاۋېندىش كۆپ قېتىم تەجرىبە ئىشلەش



Scanned by CamScanner

ئارقىلىق، نيۇتوننىڭ ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى ھەمدە ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقىنى ئۆلچەپ چىقتى. ئۇنىڭ تەجرىبە نەتىجىسى بىلەن ھازىرقى ئۆلچەش نەتىجىسى ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ.

ئويلاپ بېقىڭ، قانداق قىلىپ يەر يۈزىدىكى ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشكە ئاساسەن يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى تاپقىلى بولىدۇ؟

ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقىنى ئۆلچەپ چىقىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ تەجرىبە ئارقىلىق ئالەملىك تارتىشىش كۈچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي قوللىنىلىش قىممىتىگە ئىگە قىلدى. مەسىلەن، يەر شارى يۈزىدىكى جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشىنى ئۆلچەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى ئۆلچەشكە بولىدۇ. دەل مۇشۇ قوللىنىلىش ئۇسۇلى تۇرغۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن، كاۋېندىش كىشىلەر تەرىپىدىن «يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى ئۆلچىيەلەيدىغان كىشى» دەپ ئاتالدى.

ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقى ناھايىتى كىچىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇچرىتىدىغان جىسىملارنىڭ ماسسىسىمۇ بەك چوڭ بولمىغانلىقتىن، بىز جىسىملار ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچىنى سېزەلمەيمىز. مەسىلەن، ماسسىلىرى 50kg بولغان ئىككى كىشىنىڭ ئۆزئارا ئارىلىقى 1m بولغاندا، ئۇلار ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچى نەچچە يۈز دانە چاڭ-توزاننىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭداش كېلىدۇ. لېكىن جىسىملارنىڭ ماسسىسى ناھايىتى چوڭ بولغاندا، بۇ تارتىشىش كۈچىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يەر شارىنىڭ يەر يۈزىدىكى جىسىملارغا بولغان تارتىش كۈچى ئىنتايىن روشەن بولىدۇ، قۇياش بىلەن يەر شارى ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچى تېخىمۇ چوڭ بولۇپ، تەخمىنەن $3.56\times10^{22}$N بولىدۇ. بۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى كۈچ دىئامېتىرى 9000km بولغان پولات تۈۋرۈككە تەسىر قىلسا، بۇ پولات تۈۋرۈكنى ئۈزۈۋېتەلەيدۇ! دەل قۇياشنىڭ يەر شارىغا نىسبەتەن مۇشۇنداق چوڭ تارتىش كۈچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، يەر شارى قۇياشتىن ئايرىلىپ كېتەلمەي ئۇنى چۆرىدەپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

## 1 - مەشىق

(1) ھەرقانداق جىسىملار ئارىسىدا تارتىشىش كۈچى مەۋجۇت، ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن ئىككى ئادەم ئۆزئارا يېقىنلاشقاندا بىر-بىرىگە تارتىشىپ قالمايدۇ؟

(2) ئىككى پاراخوتنىڭ ماسسىلىرى ئايرىم-ئايرىم $5.0\times10^{7}$kg ۋە $1.0\times10^{8}$kg، ئۆزئارا ئارىلىقى 10km بولسا، ئۇلار ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچىنى تېپىڭ. بۇ كۈچنى ئۇلار ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىگە سېلىشتۇرغاندا، قانچە ھەسسە پەرقلىنىدىغانلىقىغا قاراپ چىقىڭ.

(3) ئاسمان جىسىملىرى ئىچىدە چوڭ ماگېللان يۇلتۇز تۇمانلىقىنىڭ ماسسىسى قۇياش ماسسىسىنىڭ $10^{10}$ ھەسسىسىگە تەڭ، يەنى $2.0\times10^{40}$kg، كىچىك ماگېللان يۇلتۇز تۇمانلىقىنىڭ ماسسىسى قۇياش ماسسىسىنىڭ $10^{9}$ ھەسسىسىگە تەڭ، يەنى $2.0\times10^{39}$kg، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى $5\times10^{4}$ يورۇقلۇق يىلى (بىر يورۇقلۇق يىلى $9.5\times10^{15}$m غا تەڭ) بولسا، ئۇلار ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچىنى تېپىڭ.

(4) بىر دانە پروتون ئىككى دانە u كۋاركى، بىر دانە d كۋاركتىن تۈزۈلگەن. بىر دانە كۋاركنىڭ ماسسىسى $7.1\times10^{-30}$kg بولسا، ئىككى دانە كۋارك ئارىسىدىكى ئارىلىق $1.0\times10^{-16}$m بولغاندىكى ئۆزئارا تارتىشىش كۈچىنى تېپىڭ (پروتوننىڭ رادىئۇسى $1.0\times10^{-15}$m).

(5) پەقەت ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقى $G$، يەر شارى رادىئۇسى $R$ ۋە ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشى $g$ دىن پايدىلىنىپلا يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى تېپىپ چىقالامسىز؟



Scanned by CamScanner

## §4. ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنىڭ ئاسترونومىيىدىكى قوللىنىلىشى

ئاسمان جىسىملىرى ئارىسىدىكى تەسىر كۈچ ئاساسلىقى ئالەملىك تارتىشىش كۈچىدىن ئىبارەت. ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنىڭ بايقىلىشى ئاسترونومىيىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. تۆۋەندە بىز مىساللار ئارقىلىق ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنىڭ ئاسترونومىيىدىكى قوللىنىلىشىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

**ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ماسسىسىنى ھېسابلاش** ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىدىن پايدىلىنىپ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ماسسىسىنى ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىكى پىكىر قىلىش يولى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: سەييارە (ياكى ھەمراھ)نىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، سەييارە (ياكى ھەمراھ)نىڭ مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشىنى تېپىشقا بولىدۇ، مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچىنى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تەمىنلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەڭلىمە تۈزۈش ئارقىلىق مەركىزىي ئاسمان جىسمى (قۇياش ياكى سەييارە)نىڭ ماسسىسىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ.

ئەگەر قۇياشنىڭ ماسسىسىنى $m'$، مەلۇم سەييارىنىڭ ماسسىسىنى $m$، ئۇلار ئارىسىدىكى ئارىلىقنى $r$، سەييارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىش دەۋرىنى $T$ دەپ پەرەز قىلساق، سەييارىنىڭ چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلغاندىكى مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچى

$$F=mr\omega^2=mr\left(\frac{2\pi}{T}\right)^2$$

بولىدۇ. سەييارە ھەرىكىتىنىڭ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچىنى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تەمىنلىگەن، شۇڭا

$$G\frac{m'm}{r^2}=mr\left(\frac{2\pi}{T}\right)^2$$

بولىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك بولىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ:

$$m'=\frac{4\pi^2r^3}{GT^2}$$

ئەگەر سەييارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىش دەۋرى $T$ ھەمدە سەييارە بىلەن قۇياش ئارىسىدىكى ئارىلىق $r$ ئۆلچەپ چىقىلسا، قۇياشنىڭ ماسسىسىنى ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش ئوربىتىسىنىڭ رادىئۇسى $1.50\times10^{11}$m، قۇياشنى ئايلىنىش دەۋرى $3.16\times10^{7}$s بولسا، قۇياشنىڭ ماسسىسى مۇنداق بولىدۇ:

$$m'=\frac{4\times3.14^2\times(1.50\times10^{11})^3}{6.67\times10^{-11}\times(3.16\times10^{7})^2}\text{kg}$$
$$=2.0\times10^{30}\text{kg}$$

ئوخشاش قائىدە بويىچە، ئاي شارىنىڭ يەر شارىنى ئايلىنىش ئوربىتىسىنىڭ رادىئۇسى ۋە دەۋرىگە ئاساسەن، يەر شارىنىڭ ماسسىسى $5.98\times10^{24}$kg بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

> بىر ئىلمىي نەزەرىيە مەلۇم پاكىتلارنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، يەنە ئېنىق ۋاقىتتا تېخى نامەلۇم بولغان پاكىتلارنىمۇ ئال-دىن ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

**نامەلۇم ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بايقىلىشى** نېپتۇننىڭ بايقىلى-شى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنى قوللىنىلىپ ئېرىشىلگەن پارلاق نەتىجىلەرگە دائىر مىسالدۇر.

XVIII ئەسىردە كىشىلەر قۇياش سىستېمىسىدا يەتتە سەييارىنىڭ بارلى-قىنى بىلگەن ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1781-يىلى بايقالغان يەتتىنچى



Scanned by CamScanner

سەييارە —— ئۇراننىڭ ھەرىكەت ئوربىتىسى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىغا ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىر-
ىلغان ئوربىتىدىن ھامان مۇئەييەن ئېغىشقان . ئەينى ۋاقىتتا بەزىلەر : ئۇران ئوربىتىسىنىڭ سىرتىدا
تېخى بايقالمىغان بىر سەييارە بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇرانغا نىسبەتەن تەسىرى ئۇران ئوربىتىسىنىڭ ئېغىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقان . ئەنگلىيە كىمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
ئوقۇغۇچىسى ئادامىس ۋە فرانسىيىلىك ياش ئاسترونومىيە ھەۋەسكارى لېۋېرئېرلار ئۇراننى كۆزىتىش
ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن ، ھەرقايسىسى مۇستەقىل ھالدا ئالەملىك تارتىشىش كۈچى
قانۇنىدىن پايدىلىنىپ بۇ يېڭى سەييارىنىڭ ئوربىتىسىنى ھېسابلاپ چىققان . 1846-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈ-
نى كەچتە گېرمانىيىلىك گالىي لېۋېرئېر ئالدىن ئېيتىپ بەرگەن ئورۇن ئەتراپىدا بۇ يېڭى سەييارىنى
بايقىغان . كېيىن ئاسترونوملار بۇ سەييارىنى نېپتۇن دەپ ئاتىغان .

نېپتۇننىڭ بايقىلىشى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنىڭ ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىنى تەتقىق
قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيىتىنى نامايان قىلدى .

## § 5 . يەر شارىنىڭ سۈنئىي ھەمراھى ۋە ئالەم تېزلىكى



3.6-رەسىم

**يەر شارىنىڭ سۈنئىي ھەمراھى** يەر شارىنىڭ ئەتراپىدىكى جىسىملارغا قارىتا ئۈزىگە تارتىش رولى بار ، شۇڭا ئېتىپ چىقىرىلغان جىسىملار يەر يۈزىگە قايتىپ چۈشىدۇ . ئەمما ئېتىلغان چاغدىكى دەسلەپكى تېزلىكى قانچە چوڭ بولسا ، جىسىم شۇنچە يىراققا بارىدۇ . نيۇتون ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى مۇلاھىزە قىلغاندا مۇنداق قىياس قىلغان : ئېگىز تاغدىن ئوخشاشمىغان گورىزونتال تېزلىكلەر بويىچە جىسىمنى ئاتقاندا ، تېزلىكى بىر قېتىملىقى يەنە بىر قېتىملىقىدىن چوڭ ، يەرگە چۈشكەن نۇقتىسىمۇ بىر قېتىملىقى يەنە بىر قېتىملىقىغا قارىغاندا تاغ باغرىدىن يىراق بولىدۇ . ئەگەر ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى بولمىسا ، تېزلىك يېتەرلىك چوڭ بولغاندا ، جىسىم مەڭگۈ يەر يۈزىگە چۈشمەي يەر شارىنى چۆرگىلەپ ئايلىنىپ ، **يەر شارىنىڭ سۈنئىي ھەمراھىغا** ئايلىنىدۇ . 3 .6-رەسىم بولسا نيۇتون ئەسىرىدە سىزىپ كۆرسەتكەن يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ پرىنسىپ سخېمىسىدىن ئىبارەت .

**ئالەم تېزلىكى** يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغاندىكى تېزلىكى زادى قانچىلىك چوڭلۇقتا بولۇشى كېرەك ؟ تۆۋەندە بىز بۇنى ھېسابلاپ كۆرەيلى . بۇنىڭ ئۈچۈن سۈنئىي ھەمراھنىڭ چەمبەر شەكىللىك ئوربىتىنى بويلاپ يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغان چاغدىكى تېزلىكىنى بىلىشىمىز لازىم . يەر شارى بىلەن سۈنئىي ھەمراھنىڭ ماسسىلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا $m'$ ۋە $m$ ، سۈنئىي ھەمراھتىن يەر مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقنى $r$ ، سۈنئىي ھەمراھنىڭ تېزلىكىنى $v$ دەپ پەرەز قىلساق ، سۈنئىي ھەمراھنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تەمىنلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ،

$$\frac{Gm'm}{r^2}=\frac{mv^2}{r}$$

بولىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىنى تېپىشقا بولىدۇ :

$$v=\sqrt{\frac{Gm'}{r}} \qquad (1)$$



Scanned by CamScanner

(1) ئىپادىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۈنئىي ھەمراھ يەر مەركىزىگە يىراق بولغانسېرى، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى شۇنچە كىچىك بولىدۇ. گەرچە يەر يۈزىگە يىراق بولغان سۈنئىي ھەمراھنىڭ ھەرىكەت تېزلىكى يەر يۈزىگە يېقىن بولغان سۈنئىي ھەمراھنىڭ ھەرىكەت تېزلىكىدىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرى ئوربىتىغا سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش تۆۋەن ئوربىتىغا سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىشكە قارىغاندا قىيىنغا توختايدۇ. چۈنكى يۇقىرى ئوربىتىغا سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بەرگەندە، راكېتا يەر شارىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تارتىش كۈچىنى يېڭىپ تېخىمۇ كۆپ ئىش ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ.

يەر يۈزى ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان سۈنئىي ھەمراھلارغا نىسبەتەن بۇ چاغدىكى $r$ نى تەخمىنەن يەر شارىنىڭ رادىئۇسى $R$ غا تەڭ دەپ قارىساق، ئىپادە (1) دە $r$ ئورنىغا يەر شارى رادىئۇسى $R$ نى ئالساق، تۆۋەندىكىنى تېپىشقا بولىدۇ:

$$v=\sqrt{\frac{GM}{R}} \qquad a=\frac{GM}{r^2} \qquad g_h=\frac{GM}{(R+h)^2} \qquad M=\frac{4\pi^2 R^3}{GT^2}$$

$$\omega=\sqrt{\frac{GM}{R^3}} \qquad \rho=\frac{4\pi R^3}{GT^2r^3} \qquad T=2\pi\sqrt{\frac{R^3}{GM}} \qquad g=\frac{GM}{R^2}$$

$$v_1=\sqrt{\frac{Gm'}{R}}$$

$$=\sqrt{\frac{6.67\times10^{-11}\times5.98\times10^{24}}{6.37\times10^{6}}}\ \mathrm{m/s}$$

$$=7.9\mathrm{km/s}$$




4.6-رەسىم. ئۈچ ئالەم تېزلىكى

مانا بۇ سۈنئىي ھەمراھنىڭ يەر يۈزى ئەتراپىدا يەر شارىنى ئايلىنىپ چەمبەر بويىچە تەكشى ھەرىكەت قىلغاندا ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك تېزلىك بولۇپ، بۇ، **بىرىنچى ئالەم تېزلىكى** دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر سۈنئىي ھەمراھنىڭ يەر يۈزى ئەتراپىدىكى ئوربىتىغا كىرىش تېزلىكى 7.9km/s تىن چوڭ، 11.2km/s تىن كىچىك بولسا، ئۇنىڭ يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىش ئوربىتىسى چەمبەر شەكلىدە بولماستىن، بەلكى ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ (4.6-رەسىم). جىسىمنىڭ تېزلىكى 11.2km/s قا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولغاندا، يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن قۇتۇلىدۇ-دە، يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلمايدۇ، بىز بۇ تېزلىكنى **ئىككىنچى ئالەم تېزلىكى** دەپ ئاتايمىز.

ئىككىنچى ئالەم تېزلىكىگە يەتكەن جىسىم يەنە قۇياشنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. جىسىمنى قۇياشنىڭ بوغۇپ تۇرۇشىدىن ئاجرىتىپ، قۇياش سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تېزلىكىنى 16.7km/s قا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ قىلىش كېرەك، بۇ تېزلىك **ئۈچىنچى ئالەم تېزلىكى** دەپ ئاتىلىدۇ.

## قارا ئۆڭكۈر




يېقىنقى زامان ئالەملىك تارتىشىش كۈچى نەزەرىيىسىدىن ئالدىن ئېيتىلغان بىر خىل ئالاھىدە ئاسمان جىسمى — **قارا ئۆڭكۈرنى** يۇقىرىدا ئۆگەنگەن بىلىملەردىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. نەزەرىيىۋى ھېسابلاشلار يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ يەر شارىدىن ئايرىلىش تېزلىكىنىڭ بىرىنچى ئالەم تېزلىكىنىڭ $\sqrt{2}$ ھەسسىسىگە تەڭ، يەنى $v=\sqrt{\frac{2Gm'}{r}}$ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇنىڭدىن ئاسمان جىسىمىنىڭ ماسسىسى قانچە چوڭ، رادىئۇسى قانچە كىچىك بولسا، ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى جىسىمنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشىنىڭ شۇنچە قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ماسسىسى قۇياشنىڭ ماسسىسىغا ئاساسەن يېقىنلاشقان، ئەمما رادىئۇسى يەر شارىنىڭ رادىئۇسىغا ئاساسەن تەڭ بولغان ئاق مىتتە يۇلتۇزنىڭ ئايرىلىش تېزلىكى $6.5\times10^{3}$km/s بولىدۇ؛ ماسسىسى قۇياشنىڭ ماسسىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، رادىئۇسى پەقەت 10km ئەتراپىدا بولغان نېيترون يۇلتۇزنىڭ



Scanned by CamScanner

ئايرىلىش تېزلىكى بولسا $1.6\times10^5$km/s غا يېتىدۇ .

ئەگەر مەلۇم ئاسمان جىسمىنىڭ ماسسىسى ناھايىتى چوڭ ، رادىئۇسى ناھايىتى كىچىك دەپ قىياس قىلساق ، ئۇنىڭ ئايرىلىش تېزلىكى يورۇقلۇق تېزلىكىدىن ئېشىپ كېتىشى ، يەنى $v=\sqrt{\frac{2Gm'}{r}}>c$ بولۇشى مۇمكىن . ئېينىشتېيننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ھەرقانداق جىسمىنىڭ تېزلىكىنىڭ يورۇقلۇق تېزلىكىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن . بۇنىڭدىن ، بۇ خىل ئاسمان جىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ھەرقانداق جىسمىنىڭ ئۇنىڭ بوغۇشىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ، ھەتتا يورۇقلۇقنىڭمۇ ئېتىلىپ چىقالمايدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ . بۇ خىل ئاسمان جىسمى بىز كۆپ ئاڭلايدىغان قارا ئۆڭكۈردىن ئىبارەت .

قارا ئۆڭكۈرنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى نەزەرىيىۋى فىزىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالماي ، ئاسمان جىسىملىرى فىزىكىسى ، كائىناتشۇناسلىق قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم . 1990-يىلى بوشلۇققا قويۇپ بېرىلگەن ھۇببىل ئالەم بوشلۇقى تېلېسكوپىنىڭ بىرقانچە يىللىق كۆزىتىش نەتىجىسى قارا ئۆڭكۈر نەزەرىيىسىنى قۇۋۋەتلەيدۇ . 1997-يىل 2-ئايدا ئۇسكۇنىلىرى يېڭىلانغان ھۇببىل تېلېسكوپى تېخىمۇ ئېنىق ھەم تېخىمۇ تولۇق بولغان نۇرغۇنلىغان كۆزىتىش ماتېرىياللىرىنى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن تەييارلاپ بەردى .

## 2 - مەشىق

(1) ئوربىتىدا ئايلىنىپ يۈرگەن مەلۇم يەر شارىنىڭ سۈنئىي ھەمراھىنىڭ دەۋرى $5.6\times10^3$s ، ئوربىتا رادىئۇسى $6.8\times10^3$km بولسا ، يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى تەخمىنىي ھېسابلاڭ .

(2) نېپتۇننىڭ ماسسىسى يەر شارى ماسسىسىنىڭ 17 ھەسسىسىگە تەڭ ، ئۇنىڭ رادىئۇسى يەر شارى رادىئۇسىنىڭ 4 ھەسسىسىگە تەڭ بولسا ، نېپتۇن يۈزىنى ئايلىنىپ چەمبەر بويىلىما ھەرىكەت قىلدۇرغان ئالەم كېمىسىنىڭ ھەرىكەت تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ ؟

(3) ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭىزدىن پايدىلىنىپ بىرىنچى ئالەم تېزلىكىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ $v=\sqrt{gR}$ ئىكەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىڭ .

(4) يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئوربىتا رادىئۇسى ئاتموسفېرانىڭ قارشىلىق كۈچى تەسىرى تۈپەيلىدىن بارا-بارا كىچىكلەپ كەتسە ، ئۇنىڭ سىزىقلىق تېزلىكى قانداق ئۆزگىرىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟ دەۋرى قانداق ئۆزگىرىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

(5) بىرەيلەن فورمۇلا $v=r\omega$ غا ئاساسەن مۇنداق دېگەن : سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئوربىتا رادىئۇسى 2 ھەسسە چوڭايسا ، سۈنئىي ھەمراھنىڭ تېزلىكىمۇ 2 ھەسسە ئاشىدۇ . ئەمما فورمۇلا $v=\sqrt{\frac{Gm'}{r}}$ دىن بىلىشكە بولىدۇكى ، ئوربىتا رادىئۇسى چوڭايغاندا ، سۈنئىي ھەمراھنىڭ تېزلىكى كىچىكلەيدۇ . قانداق قىلغاندا بۇ مەسىلىنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ ؟

(6) بىر ساۋاقداش مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ فورمۇلىسى $F=m\frac{v^2}{r}$ قا ئاساسەن مۇنداق دېگەن : ئەگەر سۈنئىي ھەمراھنىڭ ماسسىسى ئۆزگەرمەي ئوربىتا رادىئۇسى چوڭىيىپ ئەسلىدىكىنىڭ 2 ھەسسىسى بولغاندا ، سۈنئىي ھەمراھقا كېرەك بولىدىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ كىچىكلەپ ئەسلىدىكىنىڭ 1/2 ى بولىدۇ ؛ يەنە بىر ساۋاقداش سۈنئىي ھەمراھنىڭ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچىنىڭ يەر شارىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا بولغان تارتىش كۈچىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئاساسەن ، فورمۇلا $F=G\frac{m_1m_2}{r^2}$ دىن مۇنداق خۇلاسە چىقارغان : ئوربىتا رادىئۇسى چوڭىيىپ ئەسلىدىكىنىڭ 2 ھەسسىسى بولغاندا ، سۈنئىي ھەمراھقا كېرەك بولغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ كىچىكلەپ ئەسلىدىكىنىڭ 1/4 ى بولىدۇ . قايسى ساۋاقداشنىڭ ئېيتقىنى توغرا ؟ خاتا ئېيتقان بولسا خاتالىقى نەدە ؟ ئاساسىڭىزنى چۈشەندۈرۈڭ .

(7) ۋېنېرانىڭ رادىئۇسى يەر شارى رادىئۇسىنىڭ 0.95 ھەسسىسىگە ، ماسسىسى يەر شارى ماسسىسىنىڭ 0.82 ھەسسىسىگە تەڭ بولسا ، ۋېنېرا يۈزىدىكى ئەركىن چۈشكەن جىسىمنىڭ تېزلىنىشى قانچىلىك بولىدۇ ؟ ۋېنېرانىڭ بىرىنچى ئالەم تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ ؟

Scanned by CamScanner

## § 6 . سەييارە ، تۇرغۇن يۇلتۇز ، يۇلتۇزلار سىستېمىسى ۋە ئالەم

**سەييارە ۋە تۇرغۇن يۇلتۇز** بىز قۇياش ئەتراپىدا توققۇز چوڭ سەييارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلىمىز (قايسى توققۇز سەييارە؟). قۇياش ئەتراپىدىكى توققۇز چوڭ سەييارە ۋە تۈزگۈنلىگەن كىچىك سەييارە، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار بىلەن قوشۇلۇپ (5.6-رەسىم)، بىر شارىدىن، يەنى ئاي شارى سىستېمىسىدىنمۇ يۇقىرى بولغان ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسى، يەنى قۇياش سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇياش تۇرغۇن يۇلتۇز ھېسابلىنىدۇ.



5.6-رەسىم. «ھېيىل — بوپ» قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى. 1997-يىل 3-ئايدا تارتىلغان

قۇياشقا ئوخشاش كۆيۈپ تۇرغان گازلاردىن تۈزۈلگەن، ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق تارقىتىدىغان ۋە شار شەكلىدە بولغان ئاسمان جىسىملىرى تۇرغۇن يۇلتۇزلار (1-رەڭلىك رەسىم) دەپ ئاتىلىدۇ، تۇرغۇن يۇلتۇزنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاسمان جىسىملىرى سەييارىلەر دەپ ئاتىلىدۇ، سەييارىلەرنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاسمان جىسىملىرى بولسا ھەمراھلار دەپ ئاتىلىدۇ.

قەدىمكى كىشىلەر تۇرغۇن يۇلتۇزلارنى ھەرىكەت قىلماي، تىنچ تۇرىدۇ دەپ قاراپ كەلگەن، شۇڭا ئۇلارنى «تۇرغۇن» يۇلتۇزلار دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتە بولسا تۇرغۇن يۇلتۇزلارمۇ ھەرىكەت قىلىدۇ، پەقەت يەر شارىغا بەك يىراق بولغانلىقتىن، ئالاھىدە ياسالغان ئاسترونومىيىلىك ئەسۋابلارغا تايانماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بايقىغىلى بولمايدۇ. بارلىق تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى ئالەم بوشلۇقىدا يۇقىرى سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، قۇياشمۇ $2.46\times10^8$ يىلنى دەۋر قىلىپ سامانيولى سىستېمىسىنىڭ مەركىزىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

قۇياش بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان بىر تۇرغۇن يۇلتۇزدۇر. قۇياش سىستېمىسىدا گەرچە پەقەت قۇياشتىن ئىبارەت بىرلا تۇرغۇن يۇلتۇز بولسىمۇ، لېكىن قۇياش سىستېمىسىنىڭ سىرتىدا سانسىزلىغان تۇرغۇن يۇلتۇزلار بار. ئەمەلىيەتتىمۇ تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئالەم (كائىنات)دىكى ئاساسىي ئاسمان جىسىملىرىدۇر. كېچىسى بىز ئاسمانغا قارىغىنىمىزدا كۆرگەن سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدە بەش دانە چوڭ سەييارىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى قۇياشقا ئوخشاش تۇرغۇن يۇلتۇزلاردۇر.

قۇياشنى بىر قانچىلىغان سەييارىلەر ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغان ھەمدە ئۇلار ئىچىدە ئىنتايىن ئالاھىدە بولغان بىر سەييارە —— يەر شارى بار بولغانىكەن، ئۇنداقتا قۇياش سىستېمىسىدىن تاشقىرى، ئالەمدە باشقا سەييارىلەر سىستېمىسىمۇ مەۋجۇتمۇ؟ بۇ كىشىنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلىدىغان بىر مەسىلىدۇر، چۈنكى ئەگەر باشقا سەييارىلەر سىستېمىسى مەۋجۇت بولسا، شارائىتى يەر شارىنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان سەييارىلەر بولۇشى، يەنى ئۇلاردا يەر شارىدىكىدىن باشقا ھاياتلىق مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. ئالىملار قۇياشتىن باشقا، ئالەمدە ئۆزىنىڭ سەييارىسىگە ئىگە يەنە بەزى تۇرغۇن يۇلتۇزلار بار، دەپ قىياس قىلىشماقتا. ھەتتا بەزىلەر سامانيولى سىستېمىسىدا تەخمىنەن 10% تۇرغۇن يۇلتۇزنىڭ ئۆزىنىڭ سەييارىدىلەر سىستېمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان. لېكىن بۇ سەييارىلەر ئۆزى يورۇقلۇق چىقارمايدىغان



Scanned by CamScanner

لىقى ھەممە بىز بىلەن بولغان ئارىلىقى ئىنتايىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ، بىز ھازىرغىچە تېلېسكوپلار ئارقىلىق ئۇلارنى تېخى كۆرەلمىدۇق . يىراق سەييارىلەرنىڭ تورغۇن يۇلتۇزلارنى چۆرىدەپ قىلغان ھەرىكىتى تورغۇن يۇلتۇزلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ، شۇڭا تورغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىغا ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ . قۇياش سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى سەييارىلەر سىستېمىسىنى بايقاش ياكى بايقىيالماسلىق ، يەر شارىدىن باشقا مەدەنىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان رەسەتخانىلار بۇ جەھەتتە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارماقتا .

**يۇلتۇزلار سىستېمىسى ۋە ئالەم** ھازىرقى كۆزىتىشلەر ئالەملىك تارتىشىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن ، تورغۇن يۇلتۇزلارنىڭ «يىغىلىش» تەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىسپادىلەيدۇ . ناھايىتى كۆپ تورغۇن يۇلتۇزلار ئوخشاشمىغان قەۋەتلەرگە ئىگە تورغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى تۈزىدۇ ، ئەڭ ئاددىي بولغان تورغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسى ئۆزئارا بىر-بىرىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغان ئىككى دانە قوش يۇلتۇزلاردىن ئىبارەت . بىرلىكتە ئايلىنىدىغان تورغۇن يۇلتۇزلارنىڭ سانى ئۈچتىن ئاشقاندا ، بۇ يۇلتۇزلار توپى دەپ ئاتىلىدۇ . سانسىزلىغان تورغۇن يۇلتۇز ، قوش يۇلتۇز ، يۇلتۇزلار توپى بىرلىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق سىستېما — **يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى** تەشكىل قىلىدۇ . قۇياش سىستېمىسى تۇرغان يۇلتۇزلار سىستېمىسى **سامانيولى سىستېمىسى** دەپ ئاتىلىدۇ .

سامانيولى سىستېمىسى بىزگە بىرقەدەر تونۇش بولغان يۇلتۇزلار سىستېمىسىدۇر . ھاۋا ئوچۇق كېچىسى ئاسمانغا قارىساق ، قېنىق كۆك ، شۇنداقلا سۈس كۆل رەڭ ئاسماندا تۇتۇق بولغان كۈمۈشرەڭلىك يورۇقلۇق بەلۋېغىنى كۆرىمىز ، مانا بۇ سامانيولىدۇر (6 .6-رەسىم) .



6.6-رەسىم. سامانيولى

سامانيولى سىستېمىسىدىن باشقا ، كىشىلەر يەنە نۇرغۇن باشقا يۇلتۇزلار سىستېمىلىرىنىمۇ بايقىدى ۋە بۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ **سامانيولى سىستېمىسىدىن باشقا يۇلتۇزلار سىستېمىلىرى** دەپ ئاتىدى (3-رەڭلىك رەسىم) . يۇلتۇزلار سىستېمىلىرىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا ، ھازىر كۆزىتىلگەن يۇلتۇزلار سىستېمىلىرىنىڭ سانى $10^9$ سانلىق مىقدار دەرىجىسىگە يەتتى . يۇلتۇزلار سىستېمىلىرى ئارىسىدىكى ئارىلىق ئىنتايىن يىراق بولۇپ ، بىۋاسىتە كۆز ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدىغان ئەڭ يېقىن سامانيولى سىستېمىسىدىن باشقا يۇلتۇزلار سىستېمىسى چوڭ ماگېللان يۇلتۇز تۈمىنى (پەقەت جەنۇبىي يېرىم شاردىكى ئاھالىلەر كۆرەلەيدۇ) دىن سامانيولى سىستېمىسىغىچە بولغان ئارىلىقمۇ 169 مىڭ يورۇقلۇق يىلى كېلىدۇ . كۆزىتىش تېخنىكىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ، ھازىر كىشىلەر 15 مىليارد يورۇقلۇق يىلى يىراقلىقتىكى سامانيولى سىستېمىسىدىن باشقا يۇلتۇزلار سىستېمىلىرىنى كۆزىتەلەيدىغان بولدى .

يۇلتۇزلار سىستېمىسىمۇ تورغۇن يۇلتۇزلارغا ئوخشاشلا ئۆزئارا يىغىلىپ ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق سىستېما — **يۇلتۇزلار سىستېمىسى توپى ، ئادەتتىن تاشقىرى يۇلتۇزلار سىستېمىسى توپىنى** تۈزىدۇ . بۇ كىچىكتىن چوڭغىچە ، ئوخشاش بولمىغان قاتلاملارغا ئىگە ئاسمان جىسىملىرى دۇنياسى **پۈتكۈل ئالەمنى** تەشكىل قىلىدۇ . ھازىر كۆزەتكىلى بولىدىغان ئالەمدىكى ئاسمان جىسىملىرى قاتلاملىرىنى تۆۋەندىكى



Scanned by CamScanner

ئەۋلادىكىدەك ئىپادىلەشكە بولىدۇ .

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ھازىرقى كۆزىتىشلەر سامانيولى سىستېمىسى ئەتراپىدىكى بىرقانچە يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىن باشقا ، يۇلتۇزلار سىستېمىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سامانيولى سىستېمىسىدىن يىراقلىشىۋاتقانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىراقلىشىش تېزلىكى بىلەن ئارىلىقنىڭ ئوڭ تاناسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى ، بۇ ، ئالەمنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . بۇ كۆزىتىش نەتىجىسى ھازىرقى زامان ئالەمشۇناسلىقىدىكى بىرقەدەر يېتىلگەن نەزەرىيە — ئالەمنىڭ چوڭ پارتىلىشى نەزەرىيىسىگە ئاساس سالدى .

## ھەرخىل ئاسمان جىسىملىرى قاتلىمى

| ئاسمان جىسىملىرى قاتلىمى | سەييارە (يەر شارى) | تۇرغۇن يۇلتۇز (قۇياش) | يۇلتۇزلار توپى (شار شەكىلدە) | يۇلتۇزلار سىستېمىسى | ئالەم |
|---|---|---|---|---|---|
| $R$/m (مېتىر/رادىئۇس) | $10^{6}$ | $10^{8}$ | $10^{17}$ | $10^{20}$ | $10^{26}$ |
| $\bar{s}$/m (مېتىر/ئوتتۇرىچە ئارىلىق) | $10^{11}$ | $10^{16}$ | $10^{19}$ | $10^{22}$ | — |
| $m$/kg (كىلوگرام/ماسسا) | $10^{24}$ | $10^{30}$ | $10^{36}$ | $10^{41}$ | $10^{51}$ |
| $\bar{\rho}/(g.cm^{-3})$ ئوتتۇرىچە زىچلىق گرام ھەر كۇبسانتىمېتىر | 1 | 1 | $10^{-21}$ | $10^{-23}$ | $10^{-30}$ |
| $t$/K (كېلۋىن/تېمپېراتۇرا) | $10^{4}$ | $10^{7}$ | — | — | — |

چوڭ پارتلاش نەزەرىيىسى ئالەم تەخمىنەن 20 مىليارد يىللار ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق چوڭ پارتلاشتىن باشلانغان ، دەپ قارايدۇ . پارتلاشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، ئالەمدىكى ھازىر كۆرگىلى بولىدىغان ماددىلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلغان ، ئالەمنىڭ زىچلىقى ئىنتايىن چوڭ ، تېمپېراتۇرىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى . كېيىن ئالەمنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ، تېمپېراتۇرا تەدرىجىي تۆۋەنلەپ ، يۇلتۇزلار سىستېمىسى ، تۇرغۇن يۇلتۇز ، سەييارە ، ھاياتلىق قاتارلىقلار ئاستا-ئاستا شەكىللىنىپ ، ھازىر بىز تۇرۇۋاتقان ئالەم پەيدا بولغان . ئەلۋەتتە ، بۇنداق تەدرىجىي ئۆزگىرىش ۋە پەيدا بولۇشلار ئىنتايىن ئاستا بولىدۇ .

يۇقىرىدا بىز ئالەمنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ ئۆتمۈشىنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇق ، ئۇنداقتا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالەم قانداق تەرەققىي قىلىپ ، ئۆزگىرىپ بارىدۇ ؟

ئالەملىك تارتىشىش كۈچىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ، ئالەمدىكى ھەربىر يۇلتۇزلار سىستېمىسى باشقا يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ تارتىشىش كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ، بۇنداق تارتىشىش كۈچى ئالەمنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ ؛ لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئالەم ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەنلىكتىن ، يۇلتۇزلار سىستېمىسى ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچلىرى ئۈزلۈكسىز كىچىكلەيدۇ ، بۇنىڭ بىلەن چەكلەش رولىمۇ تەدرىجىي ئاجىزلىشىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدىكى ئېھتىماللىق پەقەت تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ : ياكى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى يېتەرلىك چوڭ بولۇپ ، ئالەمنىڭ كېڭىيىشىنى ئاستىلىتىپ ، توختىتىدۇ ، ئاندىن تارايتىدۇ ؛ ياكى كېڭىيىش بەك تېز بولۇپ كېتىپ ، يۇلتۇزلار سىستېمىسى ئارىسىدىكى ئارىلىق تېز سۈرئەتتە چوڭىيىپ ، تارتىشىش كۈچى ئاساسلىق رول ئوينىيالماي ، ئالەم مەڭگۈ كېڭىيىپ بارىدۇ .



Scanned by CamScanner

ئالەمنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ، يەنە قانداق ئۆزگىرىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ۋە تېمىلارنى بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىشىمىزغا ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

## بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە

بۇ بابتا بىز سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتى قانۇنىيىتىدىن باشلاپ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى، شەكىللىنىشى، ئۆزگىرىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى ئالاھىدە ئۆگەندۇق. بۇ باپنىڭ مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىش ناھايىتى مۇھىم، ئۆگىنىش جەريانىدا ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىۋېلىشىمۇ ناھايىتى پايدىلىق ئىشتۇر. سىز تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، بۇ بابتا ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭىزنى سىستېمىلاشتۇرۇپ چىقىڭ.

(1) كېپلېرنىڭ سەييارىلەر ھەرىكىتى قانۇنىيىتى تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق تۆھپىسى نېمە؟

(2) نيۇتون ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى قانداق كەلتۈرۈپ چىقارغان؟

(3) كاۋېندىشنىڭ ئاساسلىق تۆھپىسى نېمە؟

(4) قانداق قىلغاندا ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنى ھەمدە سەييارە ياكى ھەمراھنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن قۇياش ياكى سەييارىنىڭ ماسسىسىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ؟

(5) سىز بىرىنچى ئالەم تېزلىكىنى ھېسابلاپ چىقالامسىز؟ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئالەم تېزلىكى دېگەن نېمە؟

## كۆنۈكمە

(1) بىر جىسىمنىڭ يەر يۈزىدە ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچى $G$ ، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى يەر شارى رادىئۇسىنىڭ 2 ھەسسىسى بولغاندا ، ئۇ ئۇچرىغان تارتىشىش كۈچى

① $G/2$ ② $G/3$ ③ $G/4$ ④ $G/9$

(2) سىز ئۇچرىغان قۇياشنىڭ تارتىش كۈچى قانچىلىك؟ بۇنى سىز ئۇچرىغان يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن سېلىشتۇرسىڭىز ، بۇنىڭدىن قانداق يەكۈن چىقىرىسىز؟ قۇياشنىڭ ماسسىسى $1.99\times10^{30}$kg ، يەر شارىدىن قۇياشقىچە بولغان ئارىلىق $1.5\times10^{11}$m ، ئۆزىڭىزنىڭ ماسسىڭىزنى 60kg دەپ ئېلىڭ .

(3) مەلۇم سەييارىنىڭ ماسسىسى $m$ ، ئۇنى ئايلىنىپ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلىدىغان ھەمراھنىڭ ئوربىتا رادىئۇسى $R$ ، دەۋرى $T$ بولسا ، ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ھەمراھنىڭ ئوربىتىدىكى مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشىنى تېپىڭ .

(4) ئەگەر يەر شارىنىڭ سۈنئىي ھەمراھى يەر شارىنى ئايلىنىپ چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلغان بولسا، يەر يۈزىگە قانچىكى يېقىن بولغان ھەمراھنىڭ

① تېزلىكى شۇنچە چوڭ بولىدۇ .

② بۇلۇڭلۇق تېزلىكى شۇنچە چوڭ بولىدۇ .

③ مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشى شۇنچە چوڭ بولىدۇ .

④ دەۋرى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ .

(5) يەر شارىنىڭ ماسسىسى ئاي شارى ماسسىسىنىڭ تەخمىنەن 81 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ . بىر ئۇچۇش ئەسۋابى يەر شارى بىلەن ئاي شارى ئارىلىقىدا تۇرغاندا ، يەر شارىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تارتىش كۈچى بىلەن ئاي شارىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تارتىش كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى تەڭ بولغاندا ، بۇ ئۇچۇش ئەسۋابىنىڭ يەر مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقى بىلەن ئاي شارى مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقىنىڭ نىسبىتى



Scanned by CamScanner

$G\frac{mm'}{R_1^2} = G\frac{mm'}{R_2^2}$ $\quad \frac{mm'}{R_1^2} = \frac{81mm'}{R_2^2}$ $\quad \frac{1}{R_1^2} = \frac{81}{R_2^2}$. $\quad \frac{R_2}{R_1} = \left(\frac{81}{1}\right)^{\frac{1}{2}} = \frac{9}{1}$.

① 1:9 ② 9:1 ③ 1:27 ④ 27:1

(6) مەلۇم نېيترون يۇلتۇزنىڭ ماسسىسى تەخمىنەن قۇياش ماسسىسى بىلەن تەڭ بولۇپ، $2\times10^{30}$kg، لېكىن ئۇنىڭ رادىئۇسى پەقەتلا 10km بولسا، تۆۋەندىكىلەرنى تېپىڭ:

① بۇ نېيترون يۇلتۇز يۈزىدىكى ئەركىن چۈشۈش تېزلىنىشى.

② نېيترون يۇلتۇز يۈزىگە تېگىشكەن، چەمبەر شەكىللىك ئوربىتىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلغان كىچىك ھەمراھنىڭ تېزلىكى.

(7) يەر شارىنىڭ ئىككى دانە سۈنئىي ھەمراھى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماسسىلىرىنىڭ نىسبىتى $m_1 : m_2 = 1 : 2$، ھەرىكەت تېزلىكلىرىنىڭ نىسبىتى $v_1 : v_2 = 1 : 2$ بولسا:

① ئۇلارنىڭ دەۋرلىرىنىڭ نىسبىتى $T_1 : T_2 =$ ______

② ئۇلارنىڭ ئوربىتا رادىئۇسلىرىنىڭ نىسبىتى $r_1 : r_2 =$ ______

③ مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىشلىرىنىڭ نىسبىتى $a_1 : a_2 =$ ______

④ ئۇچرىغان مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچلىرىنىڭ نىسبىتى $F_1 : F_2 =$ ______

$m = 2\times10^3 kg$, $r = 10km = 10000m$.

$g = \frac{GM}{R^2} = \frac{6.67\times10^{-11}\times2\times10^3}{(10000)^2} = 1.3\times10^8 m/s^2$.

$v = \sqrt{\frac{GM}{R}} = \sqrt{\frac{6.67\times10^{-11}\times2\times10^3}{10000}} = 1.15\times10^8 m/s$.

Scanned by CamScanner

بىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېنېرگىيە ھەققىدىكى دەسلەپكى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، تەبىئەت دۇنياسىدا ئوخشاشمىغان ھەر خىل شەكىللەردىكى ئېنېرگىيىلەر، يەنى مېخانىك ئېنېرگىيە (ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ۋە پوتېنسىئال ئېنېرگىيە)، ئىچكى ئېنېرگىيە، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، خىمىيىلىك ئېنېرگىيە، يادرو ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلارنى بىلگەندۇق، يەنە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردىكى ئېنېرگىيىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ئايلىنىش جەريانىدا ئومۇمىي ئېنېرگىيىنىڭ ئۆزگەرمەي ساقلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندۇق، لېكىن ئېنېرگىيە ۋە ئېنېرگىيىلەرنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىشى ھەققىدە مىقدارلىق تەتقىقات ئېلىپ بارمىدۇق.

بىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە يەنە ئىش ھەققىدىكى دەسلەپكى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئىش بىلەن ئېنېرگىيىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندۇق. ئەسلىدە ئىش ئىشلەش جەريانى ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت، قانچىلىك ئىش ئىشلەنسە، شۇنچىلىك ئېنېرگىيە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەنگەن ئىشنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ئارقىلىق، ئېنېرگىيە ۋە ئېنېرگىيىلەرنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىشىنى مىقدارلىق تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ بابتا ئالدى بىلەن ئىش سۆزلىنىدۇ، ئارقىدىن ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى، پوتېنسىئال ئېنېرگىيە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىشى مىقدارلىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

## § 1 . ئىش

**ئىش** بىر جىسىم كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كۈچ يۆنىلىشىدە بىر بۆلەك ئارىلىققا يۆتكەلگەن بولسا، بۇ كۈچ جىسىمغا نىسبەتەن ئىش ئىشلىگەن بولىدۇ. ئادەم ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەندە، ھارۋا ئادەمنىڭ ئىتتىرىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە بىر بۆلەك ئارىلىققا يۆتكەلسە، ئىتتىرىش كۈچى ھارۋىغا نىسبەتەن ئىش ئىشلىگەن بولىدۇ. كىران يۈك كۆتۈرگەندە، يۈك كرانىنىڭ پولات ئارغامچىسىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە بىر بۆلەك ئارىلىققا يۆتكەلسە، تارتىش كۈچى يۈككە نىسبەتەن ئىش ئىشلىگەن بولىدۇ. پويىز پاراۋوزىنىڭ سۆرەش كۈچىنىڭ تەسىرىدە بىر بۆلەك ئارىلىققا يۆتكەلسە، سۆرەش كۈچى پويىزغا نىسبەتەن ئىش ئىشلىگەن بولىدۇ. كۈچ ۋە جىسىمنىڭ كۈچنىڭ يۆنىلىشىدە يۆتكىلىشى ئىش ئىشلەشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى ئامىل ھېسابلىنىدۇ.




7.1-رەسىم

ئىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن جىسىمنىڭ كۈچ يۆنىلىشىدە يۆتكەلگەن ئارىلىقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. كۈچ قانچە چوڭ، يۆتكەلگەن ئارىلىق قانچە چوڭ بولسا، ئىشلەنگەن ئىش شۇنچە چوڭ بولىدۇ. مېخانىكىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئەگەر كۈچنىڭ يۆنىلىشى بىلەن جىسىمنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى بىردەك بولسا (7.1-رەسىم)، ئىش كۈچ بىلەن يۆتكەلگەن ئارىلىقنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدۇ. $F$ ئارقىلىق كۈچنى، $s$ ئارقىلىق يۆتكىلىشنى، $W$ ئارقىلىق $F$ كۈچ ئىشلىگەن ئىشنى ئىپادىلىسەك، ئۇ ھالدا مۇنداق بولىدۇ:

$$W=Fs$$




7.2-رەسىم

كۈچ $F$ نىڭ يۆنىلىشى بىلەن ھەرىكەت يۆنىلىشى مەلۇم بۇلۇڭ ھاسىل قىلغاندا (7.2-رەسىم)، كۈچ $F$ نى يۆتكىلىشنىڭ يۆنىلىشى بىلەن بىردەك بولغان تارماق كۈچ $F_1$ ۋە يۆتكىلىش يۆنىلىشىگە تىك بولغان تارماق كۈچ $F_2$ دىن ئىبارەت ئىككى تارماق كۈچكە ئاجرىتىشقا بولىدۇ. جىسىمنىڭ $F$ كۈچ تەسىرىدە يۆتكەلگەن ئارىلىقى $s$ بولىدۇ دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا تارماق كۈچ $F_1$ ئىشلىگەن ئىش $F_1s$ بولىدۇ.


Scanned by CamScanner

تارماق كۈچ $F_2$ نىڭ يۆنىلىشى يۆتكىلىشنىڭ يۆنىلىشىگە تىك بولسا ، جىسىم كۈچ $F_2$ نىڭ يۆنىلىشىدە يۆتكەلمەيدۇ-دە ، كۈچ $F_2$ ئىشلىگەن ئىش نۆلگە تەڭ بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، $F$ كۈچنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشى $W$ بولسا $F_1s$ قا تەڭ بولىدۇ ، $F_1=F\cos\alpha$ ، شۇڭا تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ :

$$W=Fs\cos\alpha$$

يۇقىرىقى فورمۇلا كۈچنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشى كۈچنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ، يۆتكىلىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ، كۈچ بىلەن يۆتكىلىش ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭنىڭ كوسىنۇسى قاتارلىقلارنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ .

ئىش بولسا سكالىيار . خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا ئىشنىڭ بىرلىكى **جوئۇل** ، بەلگىسى J . 1J بولسا 1N كۈچنىڭ جىسىمنى كۈچ يۆنىلىشىدە 1m ئارىلىقتا يۆتكىگەندە ئىشلىگەن ئىشى بولىدۇ .

$$1J=1N\times1m=1N\cdot m$$

**مۇسبەت ئىش ۋە مەنپىي ئىش**

ئەمدى ئىشنى ھېسابلاش فورمۇلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى :



7.3-رەسىم. شارچە گورىزونتال ئۈستەل يۈزىدە ھەرىكەت قىلغاندا، ئېغىرلىق كۈچى $G$ بىلەن تىرەش كۈچى $F$ ئىش ئىشلىمەيدۇ

( 1) $\alpha=\frac{\pi}{2}$ بولغاندا ، $\cos\alpha=0$ بولۇپ ، $W=0$ بولىدۇ . بۇ ، $F$ كۈچنىڭ يۆنىلىشى بىلەن يۆتكىلىش $s$ نىڭ يۆنىلىشى تىك بولغاندا ، $F$ كۈچنىڭ ئىش ئىشلىمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن ، جىسىم گورىزونتال ئۈستەل يۈزىدە ھەرىكەت قىلغاندا ، ئېغىرلىق كۈچى $G$ بىلەن تىرەش كۈچى $F$ يۆتكىلىشنىڭ يۆنىلىشىگە تىك بولىدۇ-دە ، بۇ ئىككى كۈچ ئىش ئىشلىمەيدۇ (7.3-رەسىم ) .

( 2) $\alpha<\frac{\pi}{2}$ بولغاندا ، $\cos\alpha>0$ بولۇپ ، $W>0$ بولىدۇ . بۇ ، $F$ كۈچنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن مۇسبەت ئىش ئىشلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن ، ئادەم كۈچ ئىشلىتىپ ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئىلگىرىلىگەندە ، ئادەمنىڭ ئىتتىرىش كۈچى $F$ ھارۋىغا نىسبەتەن مۇسبەت ئىش ئىشلەيدۇ (7.4-رەسىم ) .

( 3) $\frac{\pi}{2}<\alpha\leqslant\pi$ بولغاندا ، $\cos\alpha<0$ بولۇپ ، $W<0$ بولىدۇ . بۇ ، كۈچنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن مەنپىي ئىش ئىشلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن ، ئادەم كۈچ ئىشلىتىپ ھارۋىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغاندا ، ئادەمنىڭ ئىتتىرىش كۈچى $F$ ھارۋىغا نىسبەتەن مەنپىي ئىش ئىشلەيدۇ (7.5-رەسىم ) .





7.5-رەسىم. ئادەم ھارۋىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغاندا، ئادەمنىڭ ئىتتىرىش كۈچى مەنپىي ئىش ئىشلەيدۇ





7.4-رەسىم. ئادەم ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەندە، ئادەمنىڭ ئىتتىرىش كۈچى ھارۋىغا نىسبەتەن مۇسبەت ئىش ئىشلەيدۇ

كۈچنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن مەنپىي ئىش ئىشلىگەنلىكىنى ، كۆپ ھاللاردا جىسىم بۇ كۈچنى يېڭىپ ئىش ئىشلىدى (مۇتلەق قىممىتى ئېلىنىدۇ ) دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . مەنا جەھەتتىن بۇ ئىككى خىل ئېيتىلىش پۈتۈنلەي ئوخشاش . مەسىلەن ، ۋېرتىكال يۇقىرىغا ئېتىلغان شارچە يۇقىرىغا قارىتا ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا ، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ −6J ئىش ئىشلىگەنلىكىنى شارچە ئېغىرلىق كۈچىنى يېڭىپ



Scanned by CamScanner

ئىش ئىشلىدى دېيىشكە بولىدۇ . 6J




6.7-رەسىم. سىرتقى كۈچلەر ئىشلىگەن ئومۇمىي ئىش ھەرقايسى كۈچلەر ئىشلىگەن ئىشلارنىڭ ئالگېبرالىق يىغىندىسىغا تەڭ بولىدۇ

جىسىم بىرقانچە كۈچنىڭ ئورتاق تەسىرىدە بىر بۆلەك $s$ ئارىلىقتا يۆتكەلگەندە ، بۇ بىرقانچە كۈچنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئومۇمىي ئىشى ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشلىرىنىڭ ئالگېبرالىق يىغىندىسىغا تەڭ بولىدۇ . مەسىلەن ، 6.7-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ، گورىزونتال تەكشىلىكتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىم تارتىش كۈچى $F_1$ ، سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى $F_2$ ، ئېغىرلىق كۈچى $G$ ۋە تىرەش كۈچى $F_3$ (ئېغىرلىق كۈچى بىلەن تىرەش كۈچى رەسىمدە سىزىپ كۆرسىتىلمىدى )تىن ئىبارەت تۆت كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . ئېغىرلىق كۈچى بىلەن تىرەش كۈچى ئىش ئىشلىمەيدۇ ، شۇڭا سىرتقى كۈچلەر ئىشلىگەن ئومۇمىي ئىش $W$ تارتىش كۈچى $F_1$ بىلەن سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى $F_2$ لەر ئىشلىگەن ئىشلارنىڭ ئالگېبرالىق يىغىندىسىغا تەڭ بولىدۇ ، يەنى

$$W = F_1 s\cos\alpha - F_2 s$$

جىسىم بىرقانچە كۈچنىڭ ئورتاق تەسىرىدە بىر بۆلەك ئارىلىقتا يۆتكەلگەندە ، بۇ بىرقانچە كۈچنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئومۇمىي ئىشى بۇ بىرقانچە كۈچنىڭ يىغىندى كۈچىنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشىغا تەڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ .

**【مىسال】** ماسسىسى $m = 2\text{kg}$ بولغان جىسىم گورىزونتال يۆنىلىش بىلەن 37° بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان يانتۇ يۇقىرىغا قارىتا يۆنەلگەن تارتىش كۈچى $F_1 = 10\text{N}$ نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، گورىزونتال يەر يۈزىدە $s = 2\text{m}$ ئارىلىقتا يۆتكەلگەن (7.7-رەسىم). جىسىم بىلەن يەر يۈزى ئارىسىدىكى سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى $F_2 = 4.2\text{N}$ بولسا، سىرتقى كۈچلەرنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئومۇمىي ئىشنى تاپايلى.




7.7-رەسىم

**يېشىش** تارتىش كۈچى $F_1$ نىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشى $W_1 = F_1 s\cos 37° = 16\text{J}$ .

سۈركىلىش كۈچى $F_2$ نىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشى $W_2 = F_2 s\cos 180° = -8.4\text{J}$ .

سىرتقى كۈچلەرنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئومۇمىي ئىشى $W$ بولسا $W_1$ بىلەن $W_2$ نىڭ ئالگېبرالىق يىغىندىسىغا تەڭ بولىدۇ، يەنى

$$W = W_1 + W_2 = 7.6\text{J}$$




## ئۆزگىرىشچان كۈچلەرنىڭ ئىشلىگەن ئىشى

ئەگەر تەسىر كۈچ $F$ تۇراقلىق ، يەنى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن يۆنىلىشىدە ئۆزگىرىش بولمىسا ھەمدە كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىغان جىسىم بەلگىلەنگەن يۆنىلىشكە قاراپ تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلسا ، بۇ چاغدا تەسىر كۈچ بىلەن يۆتكىلىش ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ $\alpha$ مۇ مۇقىم بولىدۇ ، جىسىمنىڭ $F$ كۈچ تەسىرىدە يۆتكەلگەن ئارىلىقى $s$ مەلۇم بولغاندا ، فورمۇلا $W = Fs\cos\alpha$ گە ئاساسەن تۇراقلىق كۈچ ئىشلىگەن ئىشنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ . ئەگەر تەسىر قىلغان كۈچ ئۆزگىرىشچان كۈچ ، يەنى كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن (ياكى ) يۆنىلىشى ئۆزگەرسە ياكى جىسىم ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلسا ، بۇ چاغدا $F$ كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغانلىقتىن ، كۈچ بىلەن يۆتكىلىش ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ $\alpha$ مۇ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى فورمۇلىدىن بىۋاستە پايدىلىنىپ ئىشنى ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدۇ ، بۇنداق ئەھۋالدا ئىشنى قانداق ھېسابلاش كېرەك ؟

7.8-رەسىمدە بىر جىسىمنىڭ ئۆزگىرىشچان كۈچنىڭ تەسىرىدە ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىپ ، $O$ نۇقتىدىن ھەرىكەت قىلىپ $O'$ نۇقتىغا ... ئەمدى بىز بۇ ئەگرى سىزىقنى رەسىمدىكى $AB$ بۆلەك ، $CD$

Scanned by CamScanner



8.7-رەسىم

بۆلەك قاتارلىق نۇرغۇن ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلىمىز ، ھەربىر كىچىك بۆلەك شۇنچىلىك كىچىك بولسۇنكى ، بىز ئۇلارنى تۈز سىزىق دەپ قارىغىدەك دەرىجىدە بولسۇن . جىسىم ھەربىر بۆلەكتىن ئۆتكەندىكى ۋاقىت شۇنچىلىك قىسقا بولسۇن ، بۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۈچنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى كىچىك بولغانلىقتىن ، ئۇنى تۇراقلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ھەربىر كىچىك بۆلەككە نىسبەتەن فورمۇلا $W=Fs\cos\alpha$ نى قوللىنىپ ئىشنى ھېسابلىغىلى بولىدۇ . جىسىمنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلەردىن ئۆتكەندە ئىشلىگەن ئىشلىرىنى قوشساق ، ئۆزگىرىشچان كۈچنىڭ پۈتكۈل جەرياندا ئىشلىگەن ئىشىغا تەڭ بولىدۇ .

### 1 - مەشىق

(1) بىر ئادەم ۋېلىسىپىتنى ئىتتىرىپ گورىزونتال يولدا ئالدىغا ماڭسا ، ۋېلىسىپىت قايسى كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ؟ بۇنىڭ ئىچىدە قايسى كۈچ ئىش ئىشلەپ ، قايسى كۈچ ئىش ئىشلىمەيدۇ ؟ قايسى كۈچ مۇسبەت ئىش ئىشلەپ ، قايسى كۈچ مەنپىي ئىش ئىشلەيدۇ ؟

(2) 9.7-رەسىمدە جىسىم $F$ كۈچنىڭ تەسىرىدە گورىزونتال تەكشىلىكتە بىر بۆلەك $s$ ئارىلىققا يۆتكەلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن ، بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالدا كۈچ $F$ نىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشنى ئايرىم-ئايرىم ھېسابلاڭ . بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالدا كۈچ ۋە يۆتكىلىشلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىنسۇن : $F=10N$ ، $s=2m$ . بۇلۇڭ $\theta$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك .



9.7-رەسىم

(3) كران ئارقىلىق ئېغىرلىقى $2.0\times10^4N$ بولغان يۈكنى تەكشى تېزلىكتە 5m ئېگىزلىككە كۆتۈرۈشتە ، پولات سىمنىڭ تارتىش كۈچى قانچىلىك ئىش ئىشلەيدۇ ؟ ئېغىرلىق كۈچى قانچىلىك ئىش ئىشلەيدۇ ؟ يۈك ئېغىرلىق كۈچىنى يېڭىپ قانچىلىك ئىش ئىشلەيدۇ ؟

(4) ماسسىسى $m=3kg$ بولغان جىسىم يانتۇ تەكشىلىككە پاراللېل ھالدا يۇقىرىغا يۆنەلگەن تارتىش كۈچى $F=20N$ نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، سىلىق يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ يۇقىرىغا قارىتا $s=2m$ ئارىلىققا يۆتكەلگەن . يانتۇ تەكشىلىكنىڭ ئېغىش بۇلۇڭى $\theta=30°$ بولسا ، ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشلىرىنى ھەمدە ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئومۇمىي ئىشنى تېپىڭ .

(5) ئېغىرلىقى 10N بولغان بىر جىسىم 15N گورىزونتال تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە ، بىر قېتىم سىلىق گورىزونتال تەكشىلىكتە 0.5m ئارىلىققا يۆتكەلگەن ، يەنە بىر قېتىم يىرىك گورىزونتال تەكشىلىكتە ئوخشاش ئارىلىققا يۆتكەلگەن ، يىرىك تەكشىلىك بىلەن جىسىم ئارىسىدىكى سىيرىلما سۈركىلىش كۈچى 2N . بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا ، تارتىش كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرى ھەرقايسىسىدا قانچىلىك بولىدۇ ؟ ئىشلەنگەن ئىشلار ئوخشاش بولامدۇ - يوق ؟

## §2 . قۇۋۋەت

ئوخشاش بولمىغان جىسىملار ئوخشاش بىر ئىشنى ئىشلىگەندە كېتىدىغان ۋاقىت كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولمايدۇ ، يەنى ئىش ئىشلەشنىڭ تېز-ئاستىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ . بىر كران 1min ئىچىدە



Scanned by CamScanner

1t كېلىدىغان يۈكنى بەلگىلەنگەن ئېگىزلىككە چىقارغان ، يەنە بىر كران بولسا پەقەت 30s ئىچىدىلا ئوخشاش ئىشنى ئىشلىگەن بولسا ، ئىككىنچى كران بىرىنچى كرانغا قارىغاندا ئىشنى بىر ھەسسە تېز ئىشلىگەن بولىدۇ .

فىزىكىدا ئىش ئىشلەشنىڭ تېز-ئاستىلىقى قۇۋۋەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . ئىش $W$ نىڭ مۇشۇ ئىشنى تاماملاش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت $t$ غا بولغان نىسبىتى قۇۋۋەت دەپ ئاتىلىدۇ . $P$ ئارقىلىق قۇۋۋەتنى ئىپادىلىسەك ، مۇنداق بولىدۇ :

$$P=\frac{W}{t}$$

خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا قۇۋۋەتنىڭ بىرلىكى ۋات، بەلگىسى W ، $1W=1J/s$ . ۋاتتىن ئىبارەت بۇ بىرلىك نىسبەتەن كىچىك بولغانلىقتىن ، تېخنىكىدا كۆپ ھاللاردا كىلوۋات (kW) قۇۋۋەتنىڭ بىرلىكى[1] قىلىنىدۇ ، يەنى $1kW=1000W$ .

قۇۋۋەتنى كۈچ ۋە تېزلىك ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەشكە بولىدۇ . تەسىر كۈچىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن يۆتكىلىشنىڭ يۆنىلىشى ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا $W=Fs$ بولىدۇ ، بۇ فورمۇلىنى قۇۋۋەت فورمۇلىسىغا كىرگۈزسەك $P=Fs/t$ قا ئېرىشىمىز ، $s/t=v$ بولغانلىقتىن ، تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ :

$$P=Fv$$

دېمەك ، كۈچ $F$ نىڭ قۇۋۋىتى كۈچ $F$ بىلەن جىسىمنىڭ ھەرىكەت تېزلىكى $v$ نىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدۇ . جىسىم ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قىلغاندا ، يۇقىرىقى فورمۇلىدىكى $v$ ۋاقىت $t$ ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكنى ئىپادىلەيدۇ ، $P$ كۈچ $F$ نىڭ بۇ بۆلەك ۋاقىت ئىچىدىكى **ئوتتۇرىچە قۇۋۋىتىنى** ئىپادىلەيدۇ . ئەگەر ۋاقىت $t$ نى يېتەرلىك كىچىك قىلىپ ئالساق ، ئۇ ھالدا يۇقىرىقى فورمۇلىدىكى $v$ مەلۇم پەيتتىكى **پەيتلىك تېزلىكنى** ، $P$ بولسا شۇ پەيتتىكى **پەيتلىك قۇۋۋەتنى** ئىپادىلەيدۇ .

فورمۇلا $P=Fv$ دىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ئاپتوموبىل ، پويىز قاتارلىق قاتناش قوراللىرى ماتورلىرىنىڭ چىقىرىش قۇۋۋىتى $P$ بەلگىلىك بولغاندا ، سۆرەش كۈچى $F$ بىلەن تېزلىك $v$ تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ ، سۆرەش كۈچىنى چوڭايتىش ئۈچۈن ، تېزلىكنى كىچىكلىتىشكە توغرا كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئاپتوموبىل دۆڭگە چىققىچە شوپۇر خوت يۆتكەش ئۇسۇلى ئارقىلىق تېزلىكنى كىچىكلىتىپ ، بىرقەدەر چوڭ سۆرەش كۈچىگە ئېرىشىدۇ .

تېزلىك $v$ مۇقىم بولغاندا ، سۆرەش كۈچى $F$ بىلەن قۇۋۋەت $P$ ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئاپتوموبىل دۆڭگە چىققاندا تېزلىكنى ئۆزگەرتمەسلىك ئۈچۈن ، چوقۇم ماي كلاپاننى چوڭ ئېچىپ ، چىقىرىش قۇۋۋىتىنى چوڭايتىش ئارقىلىق بىرقەدەر چوڭ سۆرەش كۈچىگە ئېرىشىشكە توغرا كېلىدۇ .

سۆرەش كۈچى $F$ نى ئۆزگەرتمەي ساقلىغاندا ، قۇۋۋەت $P$ بىلەن تېزلىك $v$ ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ . كران ۋېرتىكال يۆنىلىشتە تەكشى تېزلىكتە مەلۇم جىسىمنى كۆتۈرگەندە ، سۆرەش كۈچى بىلەن جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى تەڭ بولۇپ ، سۆرەش كۈچى ئۆزگەرمىسە ، ماتور چىقارغان قۇۋۋەت قانچە چوڭ بولسا ، كۆتۈرۈلۈش تېزلىكىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ .

**【مىسال】** ماسسىسى $m=3kg$ بولغان جىسىم گورىزونتال كۈچ $F=6N$ نىڭ تەسىرىدە سىلىق گورىزونتال تەكشىلىكتە تىنچ ھالەتتىن باشلاپ ھەرىكەت قىلغان، ھەرىكەت قىلىش ۋاقتى $t=3s$ بولسا، تۆۋەندىكىلەرنى تاپايلى:

① $F$ كۈچنىڭ $t=3s$ ئىچىدە جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشى.

② $F$ كۈچنىڭ $t=3s$ ئىچىدە جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشنىڭ ئوتتۇرىچە قۇۋۋىتى.

③ 3s نىڭ ئاخىرىدا $F$ كۈچنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشنىڭ پەيتلىك قۇۋۋىتى.

① قۇۋۋەتنىڭ بىرلىكلىرىدىن يەنە «ئات كۈچى» بار ، بىر ئات كۈچى 735 ۋاتقا تەڭ . ئات كۈچى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىك بىرلىك .



Scanned by CamScanner

**تەھلىل** جىسىم گورىزونتال كۈچنىڭ تەسىرىدە گورىزونتال تەكشىلىكتە تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلغان، نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىدىن تېزلىنىش $a=F/m=2\text{m/s}^2$ بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ، $t=3\text{s}$ ئىچىدە جىسىمنىڭ يۆتكەلگەن ئارىلىقى $s=at^2/2=9\text{m}$، جىسىمنىڭ 3s نىڭ ئاخىرىدىكى تېزلىكى $v=at=6\text{m/s}$ بولىدۇ. $F$، $s$ ۋە $v$ لارنى بىلگەندىن كېيىن، ئىش بىلەن قۇۋۋەتنى ھېسابلاپ چىقىقىلى بولىدۇ.

**يېشىش** ① $F$ كۈچنىڭ $t=3\text{s}$ ئىچىدە جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشى

$$W=Fs=6\times 9\text{J}=54\text{J}$$

② $F$ كۈچنىڭ $t=3\text{s}$ ئىچىدە جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشىنىڭ ئوتتۇرىچە قۇۋۋىتى

$$P=\frac{W}{t}=\frac{54}{3}\text{W}=18\text{W}$$

③ 3s نىڭ ئاخىرىدا $F$ كۈچنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشىنىڭ پەيتلىك قۇۋۋىتى

$$P=Fv=6\times 6\text{W}=36\text{W}$$

$F$ كۈچنىڭ $t=3\text{s}$ ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە قۇۋۋىتىنى يەنە مۇنداق ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ: جىسىمنىڭ $t=3\text{s}$ ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېزلىكى $v=s/t=3\text{m/s}$، ئوتتۇرىچە قۇۋۋىتى $P=Fv=6\times 3\text{W}=18\text{W}$ بولىدۇ.

## 2 ـ مەشىق

(1) ماسسىسى $m=2\text{kg}$ بولغان جىسىم يەر يۈزىدىن 45m ئېگىز بولغان جايدىن ئەركىن چۈشكەن بولسا، $t=2\text{s}$ ۋاقىت ئىچىدە ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشى قانچىلىك بولىدۇ؟ بۇ بۆلەك ۋاقىت ئىچىدە ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ ئوتتۇرىچە قۇۋۋىتى قانچىلىك بولىدۇ؟ 2s نىڭ ئاخىرىدا ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ پەيتلىك قۇۋۋىتى قانچىلىك بولىدۇ؟

(2) بىر ئېلېكتىر ماتورىنىڭ قۇۋۋىتى 10kW بولسا، بۇ ئېلېكتىر ماتور ئارقىلىق $2.7\times 10^4\text{kg}$ كېلىدىغان يۈكنى تەكشى تېزلىكتە كۆتۈرۈشتە، كۆتۈرۈش تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟ ($g=10\text{m/s}^2$ دەپ ئېلىنسۇن)

(3) بىر سۇ ناسوسى سېكۇنتىغا 30kg سۇنى 10m ئېگىزلىكتىكى سۇ مۇنارىغا تارتىپ چىقىرالىسا، پايدىسىز ئىشنىڭ خورىشىنى ئېتىبارغا ئالمىغاندا، بۇ سۇ ناسوسىنىڭ چىقىرىش قۇۋۋىتى قانچىلىك؟ ئەگەر مۇشۇ چىقىرىش قۇۋۋىتىنى ساقلىسا، يېرىم سائەتتە قانچىلىك ئىش ئىشلىيەلەيدۇ؟ ($g=10\text{m/s}^2$ دەپ ئېلىنسۇن)

(4) بىر كران تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىپ ماسسىسى $m=1.0\times 10^3\text{kg}$ بولغان يۈكنى تىنچ ھالەتتىن ۋېرتىكال يۇقىرىغا كۆتۈرگەندە، 2s نىڭ ئاخىرىدا يۈكنىڭ تېزلىكى $v=4.0\text{m/s}$ قا يەتكەن. $g=10\text{m/s}^2$ دەپ ئېلىنىپ، پايدىسىز ئىش ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، تۆۋەندىكىلەرنى تېپىڭ.

① كراننىڭ بۇ 2s ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە چىقىرىش قۇۋۋىتى.

② كراننىڭ 2s نىڭ ئاخىرىدىكى پەيتلىك چىقىرىش قۇۋۋىتى.

# §3. ئىش ۋە ئېنېرگىيە

ئىش بىلەن ئېنېرگىيە مۇناسىۋىتى زىچ بولغان فىزىكىلىق مىقدارلاردۇر، بىر جىسىم سىرتقا نىسبەتەن ئىش ئىشلىيەلىسە، بىز بۇ جىسىم ئېنېرگىيىگە ئىگە دەيمىز. ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى سۇ تۈربىنىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىش ئىشلىيەلىسە، ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ئېنېرگىيىگە ئىگە بولىدۇ. ئېگىز كۆتۈرۈلگەن جىسىم تۆۋەنگە چۈشكەندە، ياغاچ قوزۇقنى قېقىپ يەرگە كىرگۈزۈپ ئىش ئىشلىيەلىسە، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن جىسىم ئېنېرگىيىگە ئىگە بولىدۇ. قىسىلغان پۇرژىنا قويۇپ بېرىلگەندە، جىسىمنى قاڭقىتىپ ئىش ئىشلىيەلىسە، قىسىلغان پۇرژىنا ئېنېرگىيىگە ئىگە بولىدۇ.

بىز ئۇخشاشمىغان شەكىللەردىكى ئېنېرگىيىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئايلىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ئايلىنىش



Scanned by CamScanner

جەرياندا ساقلىنىدىغانلىقىنى بىلىمىز . بۇنداق ئايلىنىش جەرياندا ، ئىش مۇھىم رول ئوينايدۇ .

ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى جىسىمنى كۆتۈرگەندە ، جىسىمغا نىسبەتەن ئىش ئىشلەپ ، جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى ئاشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەنھەرىكەتچى تېنىدىكى خىمىيىۋى ئېنېرگىيىنى سەرپ قىلىدۇ . تەنھەرىكەتچى قانچىلىك ئىش ئىشلىگەن بولسا ، شۇنچىلىك خىمىيىۋى ئېنېرگىيە ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ .

قىسىلغان پۇرژىنا قويۇپ بېرىلىپ شارچىنى قاڭقىتىپ چىقارغاندا ، شارچىنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ئاشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۇرژىنىنىڭ ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى كېمىيىدۇ . پۇرژىنا شارچىغا نىسبەتەن قانچىلىك ئىش ئىشلىگەن بولسا ، شۇنچىلىك ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيە ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ .

پويىز پاراۋوزىنىڭ سۆرەش كۈچىنىڭ تەسىرىدە تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلغاندا ، پويىزنىڭ مېخانىك ئېنېرگىيىسى ئاشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پاراۋوزنىڭ ئىسسىقلىق دۋىگاتېلى ئىچكى ئېنېرگىيىنى سەرپ قىلىدۇ . سۆرەش كۈچى پويىزغا نىسبەتەن قانچىلىك ئىش ئىشلىگەن بولسا ، شۇنچىلىك ئىچكى ئېنېرگىيە مېخانىك ئېنېرگىيىگە ئايلىنىدۇ .

كران يۈكنى كۆتۈرگەندە ، يۈكنىڭ مېخانىك ئېنېرگىيىسى ئاشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كراننىڭ ئېلېكتر ماتورىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى خورايدۇ . كراننىڭ پولات ئارغامچىسىنىڭ تارتىش كۈچى يۈككە نىسبەتەن قانچىلىك ئىش ئىشلىگەن بولسا ، شۇنچىلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مېخانىك ئېنېرگىيىگە ئايلىنىدۇ .

ئىش ئىشلەش جەريانى ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىش جەريانىدۇر ، قانچىلىك ئىش ئىشلەنگەن بولسا ، شۇنچىلىك ئېنېرگىيىدە ئايلىنىش بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىش بولسا ئېنېرگىيە ئايلىنىشىنىڭ ئۆلچىمىدۇر . ئىش بىلەن ئېنېرگىيىنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋىتىنى بىلگەندىن كېيىن ، قانچىلىك ئىش ئىشلەنگەنلىكىگە ئاساسەن ، ئېنېرگىيە ۋە ئۇنىڭ ئايلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مىقدارلىق ھالدا تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ . تۆۋەندە مېخانىك ئېنېرگىيىنى مىقدارلىق ھالدا تەتقىق قىلىمىز .

## §4 . ھەرىكەت ئېنېرگىيە ۋە ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسى

**ھەرىكەت ئېنېرگىيە** بىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ، جىسىمنىڭ ھەرىكەت تۈپەيلىدىن ئىگە بولغان ئېنېرگىيىسى ھەرىكەت ئېنېرگىيە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئۆگەنگەنىدۇق . جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى جىسىمنىڭ ماسسىسى بىلەن تېزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . تۆۋەندە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەنگەن بىر تەجرىبىنى تەكرارلاپ ئۆتىمىز .

**تەجرىبە**



10.7-رەسىم

10.7-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، سىيرىلغۇچ $A$ سىلىق رېلىستىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ياغاچ پارچىسى $B$ غا ئۇرۇلۇپ، ياغاچ پارچىسىنى ئىتتىرىپ ئىش ئىشلەيدۇ. ئوخشاش بىر سىيرىلغۇچنى ئوخشاش بولمىغان ئېگىزلىكلەردىن سىيرىلدۇرساق، ئېگىزلىك قانچە يۇقىرى بولسا، سىيرىلغۇچ ياغاچ پارچىسىنى شۇنچە يىراققا ئىتتىرىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشنىڭ شۇنچە كۆپ بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ماسسىلىرى ئوخشاش بولمىغان سىيرىلغۇچلارنى ئوخشاش بىر ئېگىزلىكتىن سىيرىلدۇرساق، ماسسىسى چوڭ بولغان سىيرىلغۇچنىڭ ياغاچ پارچىسىنى يىراققا ئىتتىرىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

Scanned by CamScanner

تەجرىبە جىسىمنىڭ ماسسىسى قانچە چوڭ ، تېزلىكى قانچە چوڭ بولسا ، ئۇنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . ھەرىكەت ئېنېرگىيىنى قانداق قىلغاندا مىقدارلىق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ ؟

بىر ئايروپىلان سۈرەش كۈچىنىڭ تەسىرىدە (قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ) ، كۆتۈرۈلۈش يولىدا تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىپ ، تېزلىكى بارغانسىرى چوڭىيىپ ، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى بارغانسىرى چوڭايغان . بۇنىڭدا سۈرەش كۈچى قانچىلىك ئىش ئىشلىگەن بولسا ، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى شۇنچىلىك ئاشىدۇ . تۆۋەندە بىز ئىشلەنگەن ئىشنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ئاساسەن ، ھەرىكەت ئېنېرگىيىنى مىقدارلىق ھالدا ئېنىقلايمىز .



11.7-رەسىم

بىر جىسىمنىڭ ماسسىسىنى $m$ ، دەسلەپكى تېزلىكىنى $v_1$ ، ھەرىكەت يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بولغان تۇراقلىق كۈچ $F$ نىڭ تەسىرىدە يۆتكەلگەن بىر بۆلەك ئارىلىقىنى $s$ ، ئاخىرقى تېزلىكىنى $v_2$ دەپ پەرەز قىلايلى (11.7-رەسىم) . بۇ جەرياندا كۈچ $F$ نىڭ ئىشلىگەن ئىشى $W=Fs$ بولىدۇ . نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىغا ئاساسەن $F=ma$ ؛ تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت فورمۇلىسى $v_2^2-v_1^2=2as$ قا ئاساسەن $s=\frac{v_2^2-v_1^2}{2a}$ بولىدۇ ، بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ :

$$W=Fs=ma\frac{v_2^2-v_1^2}{2a}$$

$$W=\frac{1}{2}mv_2^2-\frac{1}{2}mv_1^2 \qquad (1)$$

يۇقىرىقى فورمۇلىدىن كۈچ $F$ نىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ $\frac{1}{2}mv^2$ تىن ئىبارەت بۇ فىزىكىلىق مىقدارنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . فىزىكىدا $\frac{1}{2}mv^2$ تىن ئىبارەت بۇ مىقدار ئارقىلىق جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ئىپادىلىنىدۇ . ھەرىكەت ئېنېرگىيىنى $E_k$ ئارقىلىق ئىپادىلىسەك ، ئۇ ھالدا مۇنداق بولىدۇ :

$$E_k=\frac{1}{2}mv^2$$

جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ئۇنىڭ ماسسىسى بىلەن تېزلىك كۋادراتى كۆپەيتمىسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولىدۇ .

ھەرىكەت ئېنېرگىيە سكالىيار بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرلىكى ئىشنىڭ بىرلىكىگە ئوخشاش ، خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا ھەر ئىككىسى جوئۇل . بۇنىڭ سەۋەبى $1kg \cdot m^2/s^2=1N \cdot m=1J$ .

مەسىلەن ، مەملىكىتىمىز قويۇپ بەرگەن تۇنجى يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ماسسىسى 173kg ، ئوربىتا تېزلىكى 7.2km/s بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى

$$E_k=\frac{1}{2}mv^2=\frac{1}{2}\times173\times(7.2\times10^3)^2J=4.48\times10^9J$$

**ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسى** ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ مىقدارلىق ئىپادىلىنىشى بولغاندىن كېيىن ، يۇقىرىقى فورمۇلا (1) نى تۆۋەندىكىدەك يېزىشقا بولىدۇ :

$$W=E_{k2}-E_{k1} \qquad (2)$$

بۇنىڭدىكى $E_{k2}$ ئاخىرقى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $\frac{1}{2}mv_2^2$ نى ، $E_{k1}$ دەسلەپكى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $\frac{1}{2}mv_1^2$ نى ئىپادىلەيدۇ .



Scanned by CamScanner

يۇقىرىقى فورمۇلا سىرتقى كۈچلەر ئىشلىگەن ئىشنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. سىرتقى كۈچلەر مۇسبەت ئىش ئىشلىگەندە، ئاخىرقى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى دەسلەپكى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىدىن چوڭ بولۇپ، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ئاشىدۇ. سىرتقى كۈچلەر مەنپىي ئىش ئىشلىگەندە، ئاخىرقى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى دەسلەپكى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىدىن كىچىك بولۇپ، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى كېمىيىدۇ.

ئەگەر جىسىم بىرقانچە كۈچنىڭ ئورتاق تەسىرىگە ئۇچرىسا، فورمۇلا (2) دىكى $W$ ھەرقايسى كۈچلەر ئىشلىگەن ئىشلارنىڭ ئالگېبرالىق يىغىندىسىغا تەڭ بولىدىغانلىقىنى، يەنى يىغىندى كۈچنىڭ ئىشلىگەن ئىشى بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يىغىندى كۈچنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشى جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەڭ بولىدۇ.

بۇ خۇلاسە ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان كۈچ ھەم ئېغىرلىق كۈچى، ئېلاستىك كۈچ، سۈركىلىش كۈچى بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى باشقا ھەرقانداق كۈچ بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان فورمۇلا (2) جىسىم تۇراقلىق كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەمدە جىسىم تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلغان ئەھۋالدا ئېرىشىلگەن. شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، جىسىم ئۇچرىغان كۈچ ئۆزگىرىشچان كۈچ بولۇپ، جىسىم ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلغاندا، فورمۇلا (2) يەنىلا توغرا بولىدۇ. بۇ چاغدا فورمۇلا (2) دىكى $W$ ئۆزگىرىشچان كۈچ ئىشلىگەن ئىش بولىدۇ. ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسى دەل ئۆزگىرىشچان كۈچلەرگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقتىن، ئۇ كەڭ قوللىنىشقا ئىگە بولماقتا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇناسىۋەتلىك مېخانىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

**【مىسال】** بىر رېئاكتىپ ئايروپىلاننىڭ ماسسىسى $m=5.0\times10^3$kg، كۆتۈرۈلۈش جەريانىدا تىنچ ھالەتتىن باشلاپ كۆتۈرۈلگىچە بولغان مۇساپە $s=5.3\times10^2$m بولغاندا يەتكەن كۆتۈرۈلۈش تېزلىكى $v=60$m/s، بۇ جەرياندا ئايروپىلان ئۇچرىغان ئوتتۇرىچە قارشىلىق كۈچى ئايروپىلان ئېغىرلىقىنىڭ 0.02 ھەسسىسىگە تەڭ بولسا ($k=0.02$)، ئايروپىلان ئۇچرىغان سۆرەش كۈچىنى تاپايلى.




12.7 ـ رەسىم

**تەھلىل** ئايروپىلان ئەسلىدە تىنچ تۇرغاچقا، دەسلەپكى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $E_{k1}=0$ بولىدۇ. ئايروپىلان گورىزونتال يۆنىلىشتە سۆرەش كۈچى $F_1$ ۋە قارشىلىق كۈچى $F_2=kmg$ دىن ئىبارەت سىرتقى كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ (12.7ـ رەسىم)، كۆتۈرۈلۈش يولىدا بىر بۆلەك ئارىلىق $s$ قا بارىدۇـدە، سىرتقى كۈچ ئايروپىلانغا نىسبەتەن ئىش ئىشلەپ، ئايروپىلاننىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ئاشىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا تېزلىكى ئۇچۇش تېزلىكىگە يېتىدۇ، بۇ چاغدا ئايروپىلاننىڭ ئاخىرقى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $E_{k2}=\frac{1}{2}mv^2$ بولىدۇ. سىرتقى كۈچلەر ئىشلىگەن ئومۇمىي ئىش

$$W=F_1s-F_2s=F_1s-kmgs$$

بولىدۇ، شۇڭا ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسىدىن سۆرەش كۈچىنى تېپىشقا بولىدۇ.

**يېشىش** ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسىدىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$F_1s-kmgs=\frac{1}{2}mv^2$$



Scanned by CamScanner

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ:

$$F_1=\frac{mv^2}{2s}+kmg$$

سانلىق قىممەتلەرنى ئورنىغا قويساق $F_1=1.8\times10^4\text{N}$ بولىدۇ.

مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسىدىن پايدىلىنىپ مېخانىكا مەسىلىلىرىنى يېشىشتە، جىسىمنىڭ دەسلەپكى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى بىلەن ئاخىرقى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنى ئېنىقلىۋېلىش، جىسىمنىڭ كۈچ تەسىرىگە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ھەمدە ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرىنى تىزىپ چىقىپ، ئاندىن كېيىن ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسىدىن پايدىلىنىپ يېشىش كېرەك.

ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسى جىسىمنىڭ ھەرىكەت جەريانىدىكى تېزلىنىشى بىلەن ۋاقىتقا چېتىلمىغاچقا، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بىرقەدەر ئاسان بولىدۇ.

بۇ مىسالنى نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى ۋە تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت فورمۇلىسىدىن پايدىلىنىپ يەشكەندىمۇ ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى ۋە تۈز سىزىقلىق تەكشى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت فورمۇلىسىدىن پايدىلىنىپ يەشكەندە، سۈرەش كۈچىنى تۇراقلىق كۈچ دەپ پەرەز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتە سۈرەش كۈچىنىڭ تۇراقلىق كۈچ بولۇشى ناتايىن. ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسى ئۆزگىرىشچان كۈچلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ سۈرەش كۈچى ئۆزگىرىشچان كۈچ بولغاندىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ، بۇ چاغدا تېپىلغان $F$ كۈچ سۈرەش كۈچىنىڭ يۆتكىلىشكە نىسبەتەن ئوتتۇرىچە قىممىتى بولىدۇ.

## 3 ـ مەشىق

(1) ئاپتوموبىلنىڭ ماسسىسى ۋە تېزلىكىنى ئۆزگەرتكەندە، ئاپتوموبىلنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلغىلى بولىدۇ، تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل ئەھۋالدا، ئاپتوموبىلنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ ھەرقايسى ئەسلىدىكىسىنىڭ قانچە ھەسسىسى بولىدۇ؟

① ماسسىسى ئۆزگەرمەي، تېزلىكى چوڭىيىپ ئەسلىدىكىسىنىڭ 2 ھەسسىسى بولىدۇ.

② تېزلىكى ئۆزگەرمەي، ماسسىسى چوڭىيىپ ئەسلىدىكىسىنىڭ 2 ھەسسىسى بولىدۇ.

③ ماسسىسىنىڭ يېرىمى كېمىيىپ، تېزلىكى ئارتىپ ئەسلىدىكىسىنىڭ 4 ھەسسىسى بولىدۇ.

④ تېزلىكىنىڭ يېرىمى كېمىيىپ، ماسسىسى ئارتىپ ئەسلىدىكىسىنىڭ 4 ھەسسىسى بولىدۇ.

(2) ماسسىسى 10g، 0.8km/s تېزلىكتە ئۇچۇۋاتقان ئوق بىلەن ماسسىسى 60kg، 10m/s تېزلىكتە يۈگۈرۈۋاتقان تەنھەرىكەتچىنى سېلىشتۇرغاندا، قايسىسىنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى چوڭ بولىدۇ؟ قايسىسىنىڭ ھەرىكەت مىقدارى چوڭ بولىدۇ؟

(3) ئوخشاش تېزلىكتە ۋېرتىكال يۆنىلىش ۋە گورىزونتال يۆنىلىشكە قارىتا ئېتىلغان ماسسىلىرى ئۆزئارا تەڭ بولغان ئىككى جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىلىرى ئوخشاش بولامدۇ-يوق؟ ھەرىكەت مىقدارلىرى ئوخشاش بولامدۇ-يوق؟




13.7 ـ رەسىم

(4) بىر ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىكىنى 10km/h تىن تېزلىتىپ 20km/h قىلىش بىلەن بۇ ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىكىنى 50km/h تىن تېزلىتىپ 60km/h قىلغاندىكى ئەھۋالنى سېلىشتۇرغاندا، قايسى خىل ئەھۋالدا كۆپرەك ئىش ئىشلىنىدۇ؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ.

(5) ماسسىسى $m=500\text{g}$ بولغان جىسىمنىڭ ئەسلىدىكى تېزلىكى $v_1=2\text{m/s}$ بولۇپ، ئۇ ھەرىكەت يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بولغان كۈچ $F=4\text{N}$ نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، $s=2\text{m}$ ئارىلىقتا يۆتكەلگەن بولسا، جىسىمنىڭ ئاخىرقى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى قانچىلىك بولىدۇ؟

W = Ek₂ − Ek₁ = ½×0.002×100² − ½×0.002×300² = −80J. W=F·s => f = W/s = −80/0.05 = −1600N

(6) ماسسىسى 2g بولغان ئوق 300m/s تېزلىكتە قېلىنلىقى 5cm بولغان بىر ياغاچ تاختىغا گورىزونتال ئېتىلىپ كىرىپ (7 .13_رەسىم) ، ئۇنىڭدىن چىققاندىن كېيىن تېزلىكى 100m/s بولغان بولسا ، ئوق تاختىنى تېشىپ ئۆتۈش جەريانىدا ئۇچرىغان ئوتتۇرىچە قارشىلىق كۈچى قانچىلىك بولىدۇ ؟



14.7_رەسىم

(7) سىلىق گورىزونتال تەكشىلىكتىكى جىسىم تەكشىلىكنى بويلىغان $F_1$ ۋە $F_2$ دىن ئىبارەت ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان (7 .14_رەسىم) . تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا جىسىم تىنچ ھالەتتىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىپ 2m ئارىلىققا يۆتكەلگەندە ئېرىشكەن ھەرىكەت ئېنېرگىيىلىرىنىڭ ھەرقايسىسى قانچىلىكتىن بولىدۇ ؟

① $F_1=10N$ ، $F_2=0$

② $F_1=0$ ، $F_2=10N$

③ $F_1=F_2=5N$

## § 5 . ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى


15.7_رەسىم

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە جىسىم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشتىن ئىگە بولىدىغان ئېنېرگىيىنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئۆگەنگەنىدۇق . قوزۇق قېقىش ماشىنىسىنىڭ بازغىنى ئېگىزدىن پەسكە چۈشكەندە ، سېمونت قوزۇقنى ئۇرۇپ يەرگە كىرگۈزىدۇ_دە ، بازغان ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىگە ئىگە بولىدۇ (7 .15_رەسىم) . ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى جىسىمنىڭ ماسسىسى بىلەن ئېگىزلىككە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . بازغاننىڭ ماسسىسى قانچىكى چوڭ ، قانچىكى ئېگىزگە كۆتۈرۈلسە ، سېمونت قوزۇقنى يەرگە شۇنچە چوڭقۇر كىرگۈزىدۇ . بۇنىڭدىن جىسىمنىڭ ماسسىسى قانچە چوڭ ، ئېگىزلىكى قانچە يۇقىرى بولسا ، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . قانداق قىلىپ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنى مىقدارلىق ھالدا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ ؟



16.7_رەسىم

**ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى** بىر جىسىمنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە ئېغىرلىق كۈچىنى يېڭىپ ئىش ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى ئاشىدۇ . بىر جىسىم ئېگىز ئورۇندىن تۆۋەنگە چۈشكەندە ئېغىرلىق كۈچى ئىش ئىشلەيدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى كېمىيىدۇ . دېمەك ، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىش ئىشلىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ .

ماسسىسى $m$ بولغان جىسىم ئېگىزلىكى $h_1$ بولغان $A$ ئورۇندىن ئېگىزلىكى $h_2$ بولغان $B$ ئورۇنغا چۈشكەن دەپ پەرەز قىلساق (7 .16_رەسىم) ، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشى مۇنداق بولىدۇ :

$$W_G=mg\Delta h=mgh_1-mgh_2 \qquad (1)$$

بىز $W_G$ نىڭ $mgh$ تىن ئىبارەت بۇ مىقدارنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز . فىزىكىدا $mgh$ تىن ئىبارەت بۇ فىزىكىلىق مىقدار ئارقىلىق جىسىمنىڭ **ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى** ئىپادىلىنىدۇ . ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنى $E_p$ ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز ، يەنى



Scanned by CamScanner

$$E_p = mgh$$

جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدۇ. ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى سكالياردۇر. ئۇنىڭ بىرلىكى ئىشنىڭ بىرلىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا جوئۇل، يەنى

$$1kg \cdot m \cdot s^{-2} \cdot m = 1N \cdot m = 1J$$

مەسىلەن، ماسسىسى 2kg بولغان بىر ئۆلچەش ئەسۋابى تەجرىبە ئۈستىلىگە قويۇلغان، ئۈستەلنىڭ ئېگىزلىكى 0.8m بولسا، بۇ ئەسۋاب ئىگە بولغان ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيە مۇنداق بولىدۇ:

$$E_p = mgh = 2 \times 9.8 \times 0.8J = 15.7J$$

ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ مىقدارلىق ئىپادىلىنىشى بولغاندىن كېيىن، فورمۇلا (1) نى تۆۋەندىكىدەك يېزىشقا بولىدۇ:

$$W_G = E_{p1} - E_{p2} \quad (2)$$

بۇنىڭدا $E_{p1} = mgh_1$ جىسىمنىڭ دەسلەپكى ئورۇندىكى ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنى، $E_{p2} = mgh_2$ ئاخىرقى ئورۇندىكى ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىنى ئىپادىلەيدۇ.

جىسىم ھەرىكەت قىلىپ ئېگىز ئورۇندىن تۆۋەن ئورۇنغا كەلگەندە، ئېغىرلىق كۈچى مۇسبەت ئىش ئىشلەيدۇ، يەنى $W_G > 0$، بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، $E_{p1} > E_{p2}$. ئېغىرلىق كۈچى مۇسبەت ئىش ئىشلىگەندە، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى كېمىيىدۇ، كېمەيگەن ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى ئېغىرلىق كۈچىنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشىغا تەڭ بولىدۇ.

جىسىم ھەرىكەت قىلىپ تۆۋەن ئورۇندىن يۇقىرى ئورۇنغا چىققاندا، ئېغىرلىق كۈچى مەنپىي ئىش ئىشلەيدۇ، يەنى $W_G < 0$، بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، $E_{p1} < E_{p2}$. جىسىم ئېغىرلىق كۈچىنى يېڭىپ ئىش ئىشلىگەن (ئېغىرلىق كۈچى مەنپىي ئىش ئىشلىگەن)دە، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى ئاشىدۇ، ئاشقان ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچىنى يېڭىپ ئىشلىگەن ئىشىغا تەڭ بولىدۇ.

يۇقىرىقى مۇھاكىمىلەردە، جىسىم ۋېرتىكال يولنى بويلاپ باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا بارغان. شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشى پەقەت دەسلەپكى ئورنىنىڭ ئېگىزلىكى $h_1$ بىلەن ئاخىرقى ئورنىنىڭ ئېگىزلىكى $h_2$ بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، جىسىمنىڭ ھەرىكەت يولىغا مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ. پەقەت باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن ئاخىرلىشىش نۇقتىسىنىڭ ئورۇنلىرى ئوخشاش بولسىلا، جىسىمنىڭ قانداق يولنى بويلاپ باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا بېرىشى، يەنى تۈز سىزىقلىق ياكى ئەگرى سىزىقلىق يولنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىشىدىن قەتئىينەزەر فورمۇلا (2) قۇرۇلۇۋېرىدۇ.

**ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ نىسپىيلىكى** بىزنىڭ جىسىم ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى $mgh$ قا ئىگە دېيىشىمىز، ھامان مەلۇم گورىزونتال تەكشىلىككە نىسبەتەن ئېيتىلغان، بۇ تەكشىلىكنىڭ ئېگىزلىكى نۆل بولسا، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىمۇ نۆل بولىدۇ، بۇ گورىزونتال تەكشىلىك پايدىلىنىش تەكشىلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. قايسى گورىزونتال تەكشىلىكنى پايدىلىنىش تەكشىلىكى قىلىپ تاللاش، تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئادەتتە يەر يۈزى پايدىلىنىش تەكشىلىكى قىلىپ تاللىنىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان پايدىلىنىش تەكشىلىكلىرىنى تاللىغاندا، جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ سانلىق قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ، ئەمما بۇ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە

Scanned by CamScanner

بەلگىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغىنى ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيە-سىنىڭ ئايرىما قىممىتىدىن ئىبارەت، بۇ ئايرىما قىممەت ئوخشاش بولمىغان پايدىلىنىش تەكشىلىكى تاللانغانلىقى سەۋەبىدىن ئوخشاش بولماي قالغان ئەمەس.



17.7-رەسىم. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پولىنى پايدىلىنىش تەكشىلىكى قىلغاندا، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيدىكى جىسىم $A$ مۇسبەت ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىگە ئىگە بولىدۇ، بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۆيدىكى جىسىم $B$ مەنپىي ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىگە ئىگە بولىدۇ

تاللانغان پايدىلىنىش تەكشىلىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پايدىلىنىش تەكشىلىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى جىسىمنىڭ ئېگىزلىكى مۇسبەت قىممەتلىك بولسا، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىمۇ مۇسبەت قىممەتلىك بولىدۇ؛ پايدىلىنىش تەكشىلىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جىسىمنىڭ ئېگىزلىكى مەنپىي قىممەتلىك بولسا، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىمۇ مەنپىي قىممەتلىك بولىدۇ (17.7-رەسىم). جىسىمنىڭ مەنپىي ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىگە ئىگە بولۇشى، جىسىمنىڭ شۇ ئورۇندا ئىگە بولغان ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ پايدىلىنىش تەكشىلىكىدە ئىگە بولغان ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىگە قارىغاندا ئاز بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيە** دېفورماتسىيە هاسىل قىلغان جىسىم ئەسلى ھالىتىگە قايتىشتا سىرتقا نىسبەتەن ئىش ئىشلەيدۇ، شۇڭا جىسىم ئېنېرگىيىگە ئىگە بولىدۇ، بۇ خىل ئېنېرگىيە **ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيە** دەپ ئاتىلىدۇ. چىڭ يۆگەلگەن سائەت پۇرژىنىسى، سوزۇلغان ياكى قىسىلغان پۇرژىنا، ئېگىلگەن يا، توپ ئۇرۇلغان چاغدىكى تور (تېننىس) توپ پالىقى ياكى پەي توپ پالىقى، خادىغا تايىنىپ ئېگىز سەكرەش تەنھەرىكەتچىسى تايانغان خادا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيىگە ئىگە بولىدۇ (18.7-رەسىم).



18.7-رەسىم. دېفورماتسىيە هاسىل قىلغان جىسىم ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيىگە ئىگە بولىدۇ

ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيە دېفورماتسىيىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، پۇرژىنىنىڭ ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى پۇرژىنىنىڭ سوزۇلغان ياكى قىسىلغان ئۇزۇنلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، سوزۇلغان ياكى قىسىلغان ئارىلىقى قانچە ئۇزۇن بولسا، ئەسلى ھالىتىگە قايتىشتا سىرتقا نىسبەتەن ئىشلەيدىغان ئىشى شۇنچە كۆپ بولۇپ، پۇرژىنىنىڭ ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

پوتېنسىئال ئېنېرگىيە ئورۇن ئېنېرگىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئۆز-ئارا تەسىرلەشكەن جىسىملارنىڭ نىسپىي ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى يەر شارى بىلەن يەر يۈزىدىكى جىسىمنىڭ نىسپىي ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيە بولسا دېفورماتسىيە هاسىل قىلغان جىسىمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ نىسپىي ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز يەنە باشقا شەكىلدىكى پوتېنسىئال ئېنېرگىيىلەرنىمۇ ئۆگىنىمىز.

## 4-مەشىق

تۆۋەندىكى مىساللاردا يەر يۈزى پايدىلىنىش تەكشىلىكى قىلىنىدۇ.

(1) ماسسىسى 3kg بولغان جىسىم 0.9m ئېگىزلىكتىكى ئۈستەل يۈزىگە قويۇلغان بولسا، ئۇ قانچىلىك ئېغىرلىق

$E_p = mgh = 3\times10 \times 0.9 = 27J$



Scanned by CamScanner

كۆچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىگە ئىگە بولىدۇ؟

(2) ماسسىسى 50kg كېلىدىغان بىر ئادەم ئۇزۇنلۇقى 150m، يانتۇلۇق بۇلۇڭى 30° بولغان يولنى بويلاپ دۆڭ چوققىدا، ئېغىرلىق كۈچى ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانچىلىك ئىش ئىشلىگەن بولىدۇ؟ ئۇ ئېغىرلىق كۈچىنى يېڭىپ قانچىلىك ئىش ئىشلەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى قانچىلىك ئاشىدۇ؟



19.7-رەسىم

(3) 19.7-رەسىمدە بىرنەچچە يانتۇ تەكشىلىك كۆرسىتىلگەن، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكلىرى ئوخشاش، ئەمما يانتۇلۇق بۇلۇڭلىرى ئوخشاش ئەمەس. ماسسىلىرى ئوخشاش بولغان جىسىمنى يانتۇ تەكشىلىكنى بويلىتىپ تىنچ ھالەتتىن باشلاپ چوققا ئۇچىدىن ھەرىكەت قىلدۇرۇپ ئاستىنقى ئۇچىغا چۈشۈرۈلۈق. ئاندىن ئىشنىڭ فورمۇلىسىغا ئاساسەن جىسىمنىڭ ئوخشاش بولمىغان يانتۇ تەكشىلىكنى بويلىغان چاغدىكى ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنى تېپىڭ ھەمدە بۇ ئىشنىڭ يانتۇ تەكشىلىكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاڭ.

(4) ماسسىسى 100g بولغان شارچە 1.8m ئېگىزلىكتىكى ئورۇندىن گورىزونتال تاختىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئاندىن يەنە قاڭقىپ 1.25m ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن بولسا، پۈتكۈل جەرياندا ئېغىرلىق كۈچى شارچىغا نىسبەتەن قانچىلىك ئىش ئىشلەيدۇ؟ شارچىنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى قانچىلىك ئۆزگەرگەن بولىدۇ؟




20.7-رەسىم

(5) 20.7-رەسىمدە يانتۇ يۇقىرىغا ئېتىلغان بىر جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئوربىتىسى كۆرسىتىلگەن. جىسىمنىڭ ماسسىسى $m$ بولسا:

① جىسىم ئېتىلغان ئورۇن 1 دىن ھەرىكەت قىلىپ ئەڭ ئېگىز ئورۇن 2 گە يەتكەن چاغدا، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشى قانچىلىك بولىدۇ؟ جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچىنى يېڭىپ ئىشلىگەن ئىشى قانچىلىك بولىدۇ؟ جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى قانچىلىك ئاشىدۇ؟

② ئورۇن 2 دىن ھەرىكەت قىلىپ ئورۇن 1 بىلەن ئوخشاش بولغان گورىزونتال تەكشىلىكتىكى ئورۇن 3 كە كەلگەندە، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشى قانچىلىك بولىدۇ؟ جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى قانچىلىك كېمىيىدۇ؟

③ ئورۇن 1 دىن ھەرىكەت قىلىپ ئورۇن 3 كە كەلگەندە، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشى قانچىلىك بولىدۇ؟ جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى قانچىلىك ئۆزگىرىدۇ؟

④ ئەگەر ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، جىسىمنىڭ ئورۇن 1 دىكى تېزلىكى $v_1$ بىلەن ئورۇن 3 تىكى تېزلىكى $v_3$ نىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولامدۇ-يوق؟

## § 6. مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى

بىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى بىلەن ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۆگەنگەنىدۇق. جىسىم ئەركىن چۈشكەندە ئېگىزلىكى بارغانسېرى كىچىكلەپ، تېزلىكى بارغانسېرى چوڭىيىدۇ. ئېگىزلىكنىڭ كىچىكلىشى، جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ كېمەيگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ؛ تېزلىكنىڭ چوڭىيىشى، جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ ئاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ چاغدا ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ. ۋېرتىكال يۇقىرىغا ئېتىلغان جىسىم يۇقىرى ئۆرلەش جەريانىدا، تېزلىكى بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئېگىزلىكى بارغانسېرى چوڭىيىدۇ. تېزلىكنىڭ كېمىيىشى، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ كېمەيگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشى، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ ئاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ چاغدا ھەرىكەت ئېنېرگىيە ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ.

بىر شارچىنى ئىنچىكە يىپقا ئېسىپ، شارچىنى بەلگىلىك ئېگىزلىكتىكى $A$ نۇقتىغا تارتىپ چىقىرىپ قويۇۋەتسەك، شارچە تەۋرىنىش (پولاڭلاش)كە باشلايدۇ. شارچە تەۋرىنىش جەريانىدا ھەرىكەت ئېنېرگىيە بىلەن ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى ئۆزئارا ئايلىنىدۇ. بىز شارچىنىڭ تەۋرىنىپ $A$ نۇقتا بىلەن ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى $C$ نۇقتىغا چىققانلىقىنى كۆرىمىز (21.7ـ رەسىم $A$).

ئەگەر مەلۇم نۇقتىدا گەز ئارقىلىق ئىنچىكە يىپنى توسۇۋالساق، شارچە تەۋرىنىپ $C$ نۇقتىغا بارالمىسىمۇ، لېكىن يەنە بىر ئۇچقا تەۋرىنىپ بارغاندا، $A$ نۇقتىغا ئوخشاش بولغان ئېگىزلىككە يېتىدۇ (21.7ـ رەسىم $B$).




21.7ـ رەسىم. شارچە تەۋرىنىش جەريانىدا مېخانىك ئېنېرگىيە ساقلىنىدۇ

تەجرىبە شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، شارچە تەۋرىنىش جەريانىدا مېخانىك ئېنېرگىيە ساقلىنىدۇ.

تۆۋەندە بىز جىسىمنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىنى مىسالغا ئېلىپ مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى ئىسپاتلايمىز. 22.7ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، ماسسىسى $m$ بولغان بىر جىسىمنى ئەركىن چۈشكەن دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى $h_1$ بولغان $A$ نۇقتا (دەسلەپكى ئورنى) دىن ئۆتكەن چاغدىكى تېزلىكى $v_1$، تۆۋەنگە چۈشۈپ ئېگىزلىكى $h_2$ بولغان $B$ نۇقتا (ئاخىرقى ئورنى) غا يەتكەن چاغدىكى تېزلىكى $v_2$ بولىدۇ. ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىدە جىسىم پەقەتلا ئېغىرلىق كۈچى $G=mg$ نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ئېغىرلىق كۈچى مۇسبەت ئىش ئىشلەيدۇ. ئېغىرلىق كۈچى ئىشلىگەن ئىشنى $W_G$ دېسەك، ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسىدىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشىمىز:




22.7ـ رەسىم. جىسىمنىڭ ئەركىن چۈشكەن ھەرىكىتىدە مېخانىك ئېنېرگىيە ساقلىنىدۇ

$$W_G=\frac{1}{2}mv_2^2-\frac{1}{2}mv_1^2 \tag{1}$$

يۇقىرىقى فورمۇلا ئېغىرلىق كۈچى ئىشلىگەن ئىشنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ ئاشقان مىقدارىغا تەڭ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىش ئىشلىشى بىلەن ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن تۆۋەندىكىدەك بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز، يەنى

$$W_G=mgh_1-mgh_2 \tag{2}$$

يۇقىرىقى فورمۇلا ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ كېمەيگەن مىقدارىغا تەڭ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

فورمۇلا (1) ۋە فورمۇلا (2) دىن تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$\frac{1}{2}mv_2^2-\frac{1}{2}mv_1^2=mgh_1-mgh_2 \tag{3}$$

دېمەك، ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىدە، ئېغىرلىق كۈچى قانچىلىك ئىش ئىشلىسە، شۇنچىلىك ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى تەڭ مىقداردىكى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ. ئەزالارنى يۆتكەش ئارقىلىق تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$\frac{1}{2}mv_2^2+mgh_2=\frac{1}{2}mv_1^2+mgh_1$$



Scanned by CamScanner

ياكى

$$E_{k2}+E_{p2}=E_{k1}+E_{p1} \quad (4)$$

يۇقىرىقى فورمۇلا ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىدە، ھەرىكەت ئېنېرگىيە بىلەن ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ يىغىندىسى، يەنى ئومۇمىي مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ئۆزگەرمەي ساقلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خۇلاسە ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتىگە نىسبەتەن توغرا بولۇپلا قالماستىن، پەقەت ئېغىرلىق كۈچىلا ئىش ئىشلىگەن ئەھۋالدا، جىسىم مەيلى تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلسۇن ياكى ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلسۇن، ئۇنىڭ ھامان توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. بۇ، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى بىلەن ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆز ئارا ئايلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەرخىل ئېتىلغان جىسىم ھەرىكەتلىرى ۋېرتىكال يۇقىرىغا ۋە تۆۋەنگە ئېتىلىش ھەرىكىتى، گورىزونتال ئېتىلىش ھەرىكىتى، يانتۇ ئېتىلىش ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەقەت ئېغىرلىق كۈچىلا ئىش ئىشلىگەن ئەھۋال دېگىنىمىز، جىسىمنىڭ پەقەت ئېغىرلىق كۈچىنىڭلا تەسىرىگە ئۇچراپ، باشقا كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئەھۋالنى، مەسىلەن، ئەركىن چۈشكەن جىسىم ھەرىكىتى ۋە ھەرخىل ئېتىلغان جىسىم ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ ياكى ئېغىرلىق كۈچىدىن سىرت، يەنە باشقا كۈچلەرنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما باشقا كۈچلەر ئىش ئىشلىمىگەن ئەھۋالنى، مەسىلەن، جىسىمنىڭ سىلىق يانتۇ تەكشىلىكنى بويلىغان ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى بىلەن ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىلا بىر-بىرىگە ئايلىنىپ قالماي، ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيە بىلەن ھەرىكەت ئېنېرگىيىمۇ بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ. قىسىلغان پۇرژىنىنى قويۇۋەتسەك، ئۇنىڭغا تېگىشىپ تۇرغان شارچىنى قاڭقىتىپ چىقىرىدۇ. بۇ چاغدا پۇرژىنىنىڭ ئېلاستىك كۈچى ئىش ئىشلەپ، پۇرژىنىنىڭ ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى شارچىنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ. ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيە بىلەن ھەرىكەت ئېنېرگىيە بىر-بىرىگە ئايلىنىش جەريانىدا، ئەگەر پەقەت ئېلاستىك كۈچلا ئىش ئىشلىسە، ھەرىكەت ئېنېرگىيە بىلەن ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ يىغىندىسى ئۆزگەرمەيدۇ.

**پەقەت ئېغىرلىق كۈچى بىلەن ئېلاستىك كۈچ ئىش ئىشلىگەن ئەھۋالدا، جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى بىلەن پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ، ئەمما مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئۆزگەرمەي ساقلىنىدۇ.**

**بۇ خۇلاسە مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مېخانىكىدىكى بىر مۇھىم قانۇن بولۇپ، تېخىمۇ ئومۇمىي بولغان ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ئەھۋالىدۇر.**

### مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە

بىر شارچە ۋاكۇئۇم (ھەقىقىي بوشلۇق) دا ئەركىن چۈشكەن، ماسسىسى ئوخشاش بولغان يەنە بىر شارچە يېپىشقاقلىقى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان سۇيۇقلۇقتا تەكشى تېزلىكتە چۈشكەن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئېگىزلىكى $h_1$ بولغان ئورۇندىن ئېگىزلىكى $h_2$ بولغان ئورۇنغا چۈشكەن بولسا، بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىشلىگەن ئىشى تەڭ بولامدۇ؟ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى ھەرقايسىسىدا قايسى شەكىلدىكى ئېنېرگىيىلەرگە ئايلىنىدۇ؟

## 5 - مەشىق

(1) تۆۋەندە كەلتۈرۈلگەن ھەربىر ئەمەلىي مىسالدا (① دىن باشقىلىرىدا ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا



Scanned by CamScanner

ئېلىنمايدۇ) ، قايسى ئەھۋاللاردا مېخانىك ئېنېرگىيە ساقلىنىدۇ؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ .

① پاراشوتچى ئېچىلغان پاراشوت بىلەن ھاۋادا تەكشى تېزلىكتە تۆۋەنگە چۈشكەن .

② ئېتىلغان گرانات ياكى نەيزە بوشلۇقتا ھەرىكەت قىلغان .

③ بىر جىسىمنى سىلىق يانتۇ تەكشىلىكنى بويلىتىپ تەكشى تېزلىكتە يۇقىرىغا تارتىپ تۇرلىتىمىز (7 .23-رەسىم $A$ ) .

④ سىلىق گورىزونتال تەكشىلىكتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان شارچە پۇرژىنىغا سوقۇلۇپ، پۇرژىنىنى سىققاندىن كېيىن ، يەنە پۇرژىنا تەرىپىدىن قاڭقىپ قايتىپ كەلگەن (7 .23-رەسىم $B$ ) . ساقلىنىدۇ ،

⑤ تانىغا بىر شارچىنى چېگىپ ، شارچىنى گورىزونتال تەكشىلىكتە چەمبەر بويلىما تەكشى ھەرىكەت قىلدۇرىمىز . ساقلىنىدۇ .

⑥ تانىغا بىر شارچىنى چېگىپ ، شارچىنى ۋېرتىكال تەكشىلىكتە چەمبەر بويلىما ھەرىكەت قىلدۇرىمىز . ساقلىنىدۇ .







7 .23-رەسىم

(2) گورىزونتال يەر يۈزىدىن 10m/s دەسلەپكى تېزلىكتە يانتۇ يۇقىرىغا ئېتىلغان بىر پارچە تاشنىڭ بىرىنچى قېتىمدىكى دەسلەپكى تېزلىكى يەر يۈزى بىلەن 60° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان ، ئىككىنچى قېتىمدا يەر يۈزى بىلەن 30° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان بولسا ، تاشنىڭ يەر يۈزىگە قايتىپ چۈشكەندىكى تېزلىكلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولامدۇ-يوق؟ ھەرقايسىسى قانچىلىك بولىدۇ؟

## § 7 . مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنىڭ قوللىنىلىشى

مېخانىكىغا دائىر بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا ، ئېنېرگىيە نۇقتىسىنەزىرىدىن چىقىپ تەھلىل قىلغان ۋە مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ يەشكەندە ، كۆپ ھاللاردا قولايلىق بولىدۇ . مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى قوللىنىپ مېخانىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىمۇ ، جىسىمنىڭ كۈچ تەسىرىگە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش لازىم . ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ۋە ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىشى جەريانىدا ، ئەگەر پەقەت ئېغىرلىق كۈچىلا ئىش ئىشلىگەن بولسا ، مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى قوللىنىپ يېشىشكە بولىدۇ .




24.7-رەسىم. جىسىم سىلىق يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ تۆۋەنگە سىيرىلـ- غاندا مېخانىك ئېنېرگىيە ساقلىنىدۇ

**【1-مىسال】** جىسىم ئېگىزلىكى 1m، ئۇزۇنلۇقى 2m بولغان سىلىق يانتۇ تەكشىلىكنىڭ چوققىسىدىن تىنچ ھالەتتىن باشلاپ تۆۋەنگە سىيرىلغان بولسا (24.7-رەسىم)، ئۇنىڭ يانتۇ تەكشىلىكنىڭ ئاستىنقى ئۇچىغا بارغان چاغدىكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟ (ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ)

**تەھلىل** يانتۇ تەكشىلىك سىلىق بولۇپ، سۈركىلىش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، شۇڭا جىسىم ئۇچرىغان كۈچلەر ئېغىرلىق كۈچى بىلەن يانتۇ تەكشىلىكنىڭ تىرەش كۈچىدىن ئىبارەت. تىرەش كۈچى جىسىمنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىگە تىك بولغاچقا، جىسىمغا نىسبەتەن ئىش ئىشلىمەيدۇ، شۇڭا جىسىم تۆۋەنگە سىيرىلىش جەريانىدا پەقەت ئېغىرلىق كۈچىلا ئىش ئىشلەيدۇ، شۇڭا مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ يېشىش كېرەك.

**يېشىش** مىسالدا جىسىمنىڭ ماسسىسى بېرىلمىگەنلىكتىن، جىسىمنىڭ ماسسىسىنى $m$ دەپ ئېلىشقا بولىدۇ. جىسىم تۆۋەنگە سىيرىلىشقا باشلىغان چاغدا، $E_{p1}=mgh$ ، $E_{k1}=0$ بولىدۇ، دەسلەپكى ھالەتتىكى مېخانىك ئېنېرگىيىسى $E_{k1}+E_{p1}=mgh$ بولىدۇ. جىسىمنىڭ يانتۇ تەكشىلىكنىڭ ئاستىنقى ئۇچىغا بارغان چاغدىكى تېزلىكىنى $v$ دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا $E_{p2}=0$ ، $E_{k2}=\frac{1}{2}mv^2$ ، ئاخىرقى ھالەتتىكى مېخانىك ئېنېرگىيىسى $E_{k2}+E_{p2}=\frac{1}{2}mv^2$ بولىدۇ.

مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىغا ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ:



Scanned by CamScanner

$$E_{k2}+E_{p2}=E_{k1}+E_{p1}$$

$$\frac{1}{2}mv^2=mgh$$

شۇنىڭ ئۈچۈن

$$v=\sqrt{2gh}=\sqrt{2\times 9.8\times 1}\text{m/s}=4.4\text{m/s}$$

بۇ مەسىلىنى نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى ۋە كىنېماتىكا فورمۇلىلىرىنى قوللىنىپ يېشىشكىمۇ بولىدۇ، ئەمما مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى قوللىنىپ يەشكەندە، پىكىر قىلىش يولى ۋە باسقۇچلار بىرقەدەر ئاددىي بولىدۇ. بۇ مەسىلىدا ئەگەر يانتۇ تەكشىلىكنىڭ ئورنىغا ئەگرى يۈز ئالماشتۇرۇلسا (25.7ـ رەسىم)، مەسىلىنى ئوخشاشلا مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى قوللىنىپ يېشىشكە بولىدۇ، ئەمما نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىنى بىۋاسىتە قوللىنىپ يەشكەندە، جىسىمنىڭ يانتۇ تەكشىلىكتە ئۇچرايدىغان كۈچى ئۆزگىرىشچان كۈچ بولغانلىقتىن، ھەل قىلىش كۆپ قىيىنلىشىدۇ. بىز تۆۋەندىكى مەسىلىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.




25.7ـ رەسىم. جىسىم سىلىق ئەگرى يۈزنى بويلاپ تۆۋەنگە سىيرىلغاندا مېخانىك ئېنېرگىيە ساقلىنىدۇ

**【2ـ مىسال】** بىر دانە شارچىنى يىپ ئارقىلىق ئېسىپ قويساق، بىر دانە ماياتنىك ھاسىل بولىدۇ (26.7ـ رەسىم). ماياتنىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى $l$، ئەڭ چوڭ ئېغىش بۇلۇڭى $\theta$ بولسا، شارچە ھەرىكەت قىلىپ ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا كەلگەندىكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟




26.7ـ رەسىم

**تەھلىل** بۇ مەسىلىنى نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى ۋە كىنېماتىكا فورمۇلىلىرىنى بىۋاسىتە قوللىنىپ ھەل قىلغاندا، ئالىي ماتېماتىكىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر بۇنى مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ يېشىمىز.

شارچە ئېغىرلىق كۈچى ۋە يىپنىڭ تارتىش كۈچىدىن ئىبارەت ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يىپنىڭ تارتىش كۈچى باشتىن ـ ئاخىر شارچىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىگە تىك بولغاچقا، ئىش ئىشلىمەيدۇ. شارچە تەۋرىنىش (ھەرىكەت قىلىش) جەريانىدا پەقەتلا ئېغىرلىق كۈچى ئىش ئىشلەيدۇ، شۇڭا مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ يېشىش كېرەك.

**يېشىش** شارچىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرغان چاغدىكى گورىزونتال تەكشىلىكنى پايدىلىنىش تەكشىلىكى قىلىپ تاللايمىز. شارچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىدا تۇرغان چاغدىكى ھالىتى دەسلەپكى ھالەت بولىدۇ، شارچىنىڭ دەسلەپكى ھالەتتىكى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $E_{k1}=0$، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى $E_{p1}=mg(l-l\cos\theta)$، مېخانىك ئېنېرگىيىسى $E_{k1}+E_{p1}=mg(l-l\cos\theta)$ بولىدۇ. شارچىنىڭ ئەڭ تۆۋەن نۇقتىدا تۇرغان چاغدىكى ھالىتى ئاخىرقى ھالەت بولىدۇ، شارچىنىڭ ئاخىرقى ھالەتتىكى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $E_{k2}=\frac{1}{2}mv^2$، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى $E_{p2}=0$، ئاخىرقى ھالەتتىكى مېخانىك ئېنېرگىيىسى $E_{k2}+E_{p2}=\frac{1}{2}mv^2$ بولىدۇ.

مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىغا ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ:

$$E_{k2}+E_{p2}=E_{k1}+E_{p1}$$

$$\frac{1}{2}mv^2=mgl(1-\cos\theta)$$

شۇنىڭ ئۈچۈن

$$v=\sqrt{2gl(1-\cos\theta)}$$

بۇ ئىككى مىسالدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى قوللىنىپ مىساللارنى يەشكەندە، بىز پەقەت ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى ھالىتى بىلەن ئاخىرقى ھالىتىنى



Scanned by CamScanner

ئويلىشىپ ، بۇ ئىككى ھالەت ئارىسىدىكى جەرياننىڭ تەپسىلاتىنى ئويلاشمىساقمۇ بولىدۇ . بۇنىڭ بىلەن نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىنى بىۋاسىتە قوللانغاندا يولۇقىدىغان قىيىنچىلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ . شۇنداقلا مەسىلىلەرنى يېشىشنىڭ باسقۇچلىرىمۇ ئاددىيلىشىدۇ . بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، مېخانىك ئېنېرگىيەنىڭ ساقلىنىش قانۇنى بىلەن بىز ئۆگىنىپ ئۆتكەن ھەرىكەت مىقدارىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى ئوخشاش بولىدۇ .

> ساقلىنىش قانۇنى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئوڭايلىق يارىتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. تەبىئەت خىلمۇخىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، لېكىن بەزى فىزىكىلىق مىقدارلار بەلگىلىك شارائىتتا ساقلىنىدۇ، مانا ئاشۇ «ساقلىنىدىغان مىقدارلار»دىن پايدىلىنىپ تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مانا بۇ، ساقلىنىش قانۇنىدۇر. «ساقلىنىدىغان مىقدارلار»نى ئىزدەش فىزىكا تەتقىقاتىدىكى بىر مۇھىم جەھەت بولۇپ قالدى. بىز فىزىكا پەنىنى ئۆگەنگەندە، ساقلىنىش قانۇنلىرىنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم.

## 6 ـ مەشىق

تۆۋەندىكى مەسىلىلەردا سۈركىلىش بىلەن ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ھەمدە $g=10m/s^2$ دەپ ئېلىنىدۇ .

(1) قوزۇق قېقىش ماشىنىسى بازغىنىنىڭ ماسسىسى 250kg ، ئۇ يەر يۈزىدىن 25m ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ، ئاندىن ئەركىن چۈشۈرۈلگەن . يەر يۈزى پايدىلىنىش تەكشىلىكى قىلىپ ئېلىنىدۇ .

① بازغاننىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىدا تۇرغان چاغدىكى ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى $E_{p1}=$ ______ ، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $E_{k1}=$ ______ ، مېخانىك ئېنېرگىيىسى $E_1=$ ______ .

② بازغاننىڭ 10m تۆۋەنگە چۈشكەن چاغدىكى ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى $E_{p2}=$ ______ ، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $E_{k2}=$ ______ ، مېخانىك ئېنېرگىيىسى $E_2=$ ______ .

③ بازغاننىڭ يەر يۈزىگە چۈشكەن چاغدىكى ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى $E_{p3}=$ ______ ، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $E_{k3}=$ ______ ، مېخانىك ئېنېرگىيىسى $E_3=$ ______ .

(2) بۇ پاراگرافنىڭ 2 ـ مەسىلىدا ماياتنىك شارچىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن نۇقتىسى تۇرغان گورىزونتال تەكشىلىك پايدىلىنىش تەكشىلىكى قىلىپ تاللانغان ، ئەمدى رەسىمدىكى $B$ نۇقتا تۇرغان گورىزونتال تەكشىلىكنى پايدىلىنىش تەكشىلىكى قىلىپ تاللىساق ، ئۇ ھالدا

① ماياتنىك شارچىسى $B$ نۇقتىدا تۇرغان چاغدا ، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى $E_{p1}=$ ______ ، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $E_{k1}=$ ______ ، مېخانىك ئېنېرگىيىسى $E_1=$ __0__ .

② ماياتنىك شارچىسى ئەڭ تۆۋەن نۇقتا $O$ دا تۇرغان چاغدا ، ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى $E_{p2}=$ __mgl(1-cos__ ، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $E_{k2}=$ ______ ، مېخانىك ئېنېرگىيىسى $E_2=$ ______ .

③ $E_2=E_1$ دىن $v=$ __√2gl(1-cosθ)__ نى تېپىڭ . h=l(1-cosθ) .

④ 2 ـ مەسىلىنىڭ نەتىجىسى بىلەن ئوخشاش بولامدۇ ؟ سىز بۇنىڭدىن قانداق خۇلاسە چىقىرىسىز ؟

(3) يەر يۈزىدىن مەلۇم ئېگىزلىكتىكى ئورۇندىن ۋېرتىكال يۇقىرىغا ئېتىلغان شارچىنىڭ ماسسىسى $m=1kg$ ، ئېتىلغاندىكى دەسلەپكى تېزلىكى $v_0=4m/s$ . ئېتىلىش نۇقتىسىدىن ئۆتكەن گورىزونتال تەكشىلىكنى پايدىلىنىش تەكشىلىكى قىلىپ ئالساق ، ئەڭ ئېگىز نۇقتىدىن پايدىلىنىش تەكشىلىكىچە بولغان ئېگىزلىكى قانچىلىك بولىدۇ ؟

(4) ماسسىسى 3kg بولغان بىر پارچە تاش 20m ئېگىزلىكتىكى تىك ياردىن 30° لۇق بۇلۇڭ ياسىغان ھالدا يانتۇ ھالەتتە يۇقىرىغا قارىتا ئېتىلغان (7 .27 ـ رەسىم) ، ئۇنىڭ ئېتىلىش دەسلەپكى تېزلىكى $v_0=5m/s$ بولسا ، تاشنىڭ يەرگە چۈشكەن چاغدىكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ ؟

تاشنىڭ يەرگە چۈشكەن چاغدىكى تېزلىكىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى تۆۋەندىكى قايسى مىقدارلارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ؟ قايسى مىقدارلارغا مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ ؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ .

① تاشنىڭ ماسسىسى .

E1=mgh+½mv²
E2=½mv²
E1=E2 ⇒ mgh+½mv² = ½mv²
v=√2gh+v0² = 20.6 m/s



Scanned by CamScanner

② تاشنىڭ دەسلەپكى تېزلىكىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى .
③ تاشنىڭ دەسلەپكى تېزلىكىنىڭ كۆرۈش (ئېتىلىش ) بۇلۇڭى .
④ تاشنىڭ ئېتىپ چىقىرىلغان چاغدىكى ئېگىزلىكى .

(5) ئىستانسا سۇپىسى ئېگىزرەك قۇرۇلغان بىر يەر ئاستى تۆمۈر يولى بار . ئېلېكتروۋوز ئىستانسىغا كىرگەندە دۆڭگە چىقىشقا ، ئىستانسىدىن چىققاندا دۆڭدىن چۈشۈشكە توغرا كېلىدۇ (28.7_رەسىم ) . ئىستانسا سۇپىسىنىڭ ئېگىزلىكى $h=2$m ، ئىستانسىغا كىرگەن ئېلېكتروۋوزنىڭ $A$ نۇقتىغا بارغان چاغدىكى تېزلىكى 25.2km/h دەپ پەرەز قىلىنسا ، بۇنىڭدىن كېيىن ماتورنىڭ ئېلېكتر مەنبەسى دەرھال ئۈزۈۋېتىلسە ، ئېلېكتروۋوز ئىستانسا سۇپىسىغا چىقالامدۇ؟ ئەگەر چىقالىسا ، سۇپىدىكى تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟



27.7_رەسىم



28.7_رەسىم

## بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە

بۇ بابنا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملەر ئاساسىدا، ئىش، ئېنېرگىيە ھەمدە ئىش ۋە ئېنېرگىيىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىپ، ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسى، مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى، ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىش ۋە ساقلىنىش نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆگەندۇق.

(1) ئىش ئىشلەشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى ئامىلى نېمىدىن ئىبارەت؟ ئىشنى ھېسابلاش فورمۇلىسى قانداق؟ قانداق ئەھۋالدا مۇسبەت ئىش ئىشلىنىدۇ؟ قانداق ئەھۋالدا مەنپىي ئىش ئىشلىنىدۇ؟

(2) قۇۋۋەت دېگەن نېمە؟ قۇۋۋەتنى ھېسابلاش فورمۇلىسى قانداق؟

(3) ھەرىكەت ئېنېرگىيە دېگەن نېمە؟ ھەرىكەت ئېنېرگىيىگە ئىپادىلىنىدىغان فورمۇلا قايسى؟ ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسىنىڭ مەزمۇنى نېمىدىن ئىبارەت؟

(4) ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى دېگەن نېمە؟ ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيە دېگەنچۇ؟ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىگە ئىپادىلىنىدىغان فورمۇلا قايسى؟ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئىش ئىشلىشىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

(5) مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنىڭ مەزمۇنى نېمىدىن ئىبارەت؟ قانداق شەرت ئاستىدا مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى (ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) قۇرۇلىدۇ؟

(6) ئىش بولسا ئېنېرگىيە ئالمىشىشى (ئايلىنىشى) نىڭ ئۆلچىمى دېگەن ھۆكۈمنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بىرقانچە ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.

(7) ئېنېرگىيە نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ مېخانىكىغا دائىر مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟ ئۆزىڭىزنىڭ ھېس قىلغانلىرىڭىزنى خۇلاسىلەپ ھەمدە ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.

(1) يانتۇلۇق بۇلۇڭى $\theta$ بولغان يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ ماسسىسى $m$ بولغان بىر ياغاچ ساندۇق يۇقىرىغا قارىتا ئىتتىرىلگەن، ئىتتىرىش كۈچى $F$ يانتۇ تەكشىلىككە پاراللېل، ئىتتىرىلگەن ئارىلىق $s$ بولسا، تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئورۇندالڭ:

① مەسىلىدا بايان قىلىنغان فىزىكىلىق ھالەتنىڭ سخېمىسىنى سىزىڭ.

② ياغاچ ساندۇقنىڭ كۈچ تەسىرىگە ئۇچراش سخېمىسىنى سىزىڭ.

③ ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ ئىش ئىشلىشىنىڭ ئىپادىلىنىش فورمۇلىسىنى يېزىڭ.

④ ھەرقايسى كۈچلەر ئىشلىگەن ئىشلارنىڭ ئالگېبرالىق يىغىندىسىنى، يەنى ئومۇمىي ئىشنىڭ ئىپادىلىنىش فورمۇلىسىنى يېزىڭ.

⑤ يىغىندى كۈچنىڭ ئىپادىلىنىش فورمۇلىسىنى يېزىڭ.

⑥ يىغىندى كۈچنىڭ ئىش ئىشلىشىنىڭ ئىپادىلىنىش فورمۇلىسىنى يېزىڭ ھەمدە ئۇنى ئومۇمىي ئىشنىڭ ئىپادىلىنىش فورمۇلىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

(2) تەنھەرىكەتچى $F=100N$ كۈچ بىلەن توپنى تەپكەندە، توپنىڭ يېتىپ بارغان ئارىلىقى $s=30m$ بولغان بولسا، ئىشنىڭ فورمۇلىسى $W=Fs$ قا ئاساسەن، تەنھەرىكەتچىنىڭ توپنى تەپكەندە ئىشلىگەن ئىشنىڭ 3000J بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاشقا بولىدۇ. مۇشۇنداق ھېسابلاش توغرىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

(3) ئاپتوموبىل زىنت توپنى سۆرەپ 36km/h تېزلىكتە تەكشى ئىلگىرىلىگەن، ئاپتوموبىل ماتورىنىڭ چىقارغان قۇۋۋىتى 60kW بولسا، ئاپتوموبىل بىلەن زىنت توپنىڭ ئىلگىرىلەش جەريانىدا ئۇچرىغان قارشىلىق كۈچىنى تېپىڭ.

(4) ئېگىزلىكى 40m بولغان شارقىراتمىدىن ھەر سېكۇنتتا ئېقىپ چۈشىدىغان سۇ مىقدارى $1.0\times10^4kg$. ئەگەر سۇنىڭ مېخانىك ئېنېرگىيىسىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىش ئۈنۈمى 25% بولسا، شارقىراتمىنىڭ توك چىقىرىش قۇۋۋىتى قانچىلىك بولىدۇ؟

(5) ئەسلىدە تىنچ تۇرغان بىر جىسىم $F$ كۈچنىڭ تەسىرىدە كۈچ يۆنىلىشى بويىچە بىر بۆلەك $s$ ئارىلىقتا يۆتكىلىپ، تېزلىك $v$ گە ئېرىشكەن. ئەگەر جىسىمنىڭ يۆتكىلىش ئارىلىقى ئۆزگەرمەي، $F$ كۈچ $n$ ھەسسە ئاشقان بولسا، ئېرىشكەن تېزلىكمۇ $n$ ھەسسە ئاشىدۇ. بۇنداق دېيىش توغرىمۇ؟ تېزلىك ئېشىپ نەچچە ھەسسە بولۇشى كېرەك؟

(6) ماسسىسى 2kg بولغان بىر جىسىم 30N گورىزونتال كۈچنىڭ تەسىرىدە سىلىق گورىزونتال تەكشىلىكتە 3m ئارىلىققا يۆتكەلگەن، ئاندىن بۇ گورىزونتال كۈچ 15N غا ئۆزگەرگەندە، جىسىم يەنە 2m ئارىلىققا يۆتكەلگەن بولسا، جىسىمنىڭ ئاشقان ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى جەمئىي قانچىلىك بولىدۇ؟

(7) تۆۋەندىكى ئېيتىلىشلار توغرىمۇ - يوق؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ.

① جىسىم تەكشى ھەرىكەت قىلغاندا، ئۇنىڭ مېخانىك ئېنېرگىيىسى چوقۇم ساقلىنىدۇ.

② جىسىم ئۇچرىغان يىغىندى كۈچنىڭ ئىشلىگەن ئىشى نۆل بولغاندا، ئۇنىڭ مېخانىك ئېنېرگىيىسى چوقۇم ساقلىنىدۇ.

③ جىسىم ئۇچرىغان يىغىندى كۈچ نۆلگە تەڭ بولمىغاندا، ئۇنىڭ مېخانىك ئېنېرگىيىسى ساقلىنىشى مۇمكىن.

④ جىسىم ئۇچرىغان يىغىندى كۈچ نۆلگە تەڭ بولغاندا، ئۇنىڭ مېخانىك ئېنېرگىيىسى چوقۇم ساقلىنىدۇ.

(8) ئېلاستىكلىقى ناھايىتى ياخشى بولغان بىر رېزىنكە توپ ۋېرتىكال تۆۋەنگە تاشلانغان، ئۇنىڭ قاتتىق يەر يۈزىگە چۈشكەندىن كېيىن قاڭقىپ ئەسلىدە تاشلانغان ئورۇندىن 2m ئېگىز بولغان ئورۇنغا چىقىشى ئۈچۈن، توپنى تاشلىغان ۋاقىتتا توپنى تۆۋەنگە تاشلاش كېرەك؟ ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ۋە توپنىڭ نۇقتىدا چوقۇم قانچىلىك چوڭلۇقتىكى تېزلىكتە يەرگە چۈشكەن چاغدىكى ئېنېرگىيىنىڭ خورىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

(9) ماسسىسى 1000kg بولغان بىر ئاپتوموبىل يانتۇلۇق بۇلۇڭى 15° بولغان يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ تەكشى تېزلىكتە يۇقىرىغا قاراپ ماڭغان، تېزلىكى 10m/s. سۈركىلىش ۋە ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، ئۇ ھالدا:

① 1s ئىچىدە، ئاپتوموبىلنىڭ ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى قانچىلىك ئاشقان بولىدۇ؟

② 1s ئىچىدە، ئاپتوموبىلنىڭ سۆرەش كۈچى ئىشلىگەن ئىشى قانچىلىك بولىدۇ؟

(10) 29.7-رەسىمدە خادىغا تايىنىپ سەكرەش ھەرىكىتىدىكى ياردەمچى يۈگۈرۈش، خادىغا تايىنىپ سەكرەش، توغرا



Scanned by CamScanner

بالداقتىن ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىرنەچچە باسقۇچ ئىپادىلەنگەن . بۇ بىرنەچچە باسقۇچتا ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى خۇسۇسىيەت جەھەتتىن چۈشەندۈرۈلۈك .




29.7ـ رەسىم



Scanned by CamScanner

**1-جەدۋەل . خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدىكى ئاساسىي بىرلىكلەر**

| فىزىكىلىق مىقدارلارنىڭ نامى | بىرلىكلەرنىڭ نامى | بىرلىكلەرنىڭ بەلگىسى |
|---|---|---|
| ئۇزۇنلۇق | مېتىر | m |
| ماسسا | كىلوگرام | kg |
| ۋاقىت | سېكۇنت | s |
| توك كۈچى | ئامپېر | A |
| تېرمودىنامىكىلىق تېمپېراتۇرا | كېلۋىن | K |
| يورۇتۇش كۈچى | كاندېلا | cd |
| ماددىنىڭ مىقدارى | مول | mol |

**2-جەدۋەل . دائىم قوللىنىلىدىغان مېخانىكىلىق مىقدارلارنىڭ خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدىكى بىرلىكلىرى**

| فىزىكىلىق مىقدارلار | | بىرلىكلەر | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| نامى | بەلگىسى | نامى | خەلقئاراچە بەلگىسى | |
| يۈز | $(S)$ ، $A$ | كۋادرات مېتىر | $m^2$ | |
| ھەجىم | $V$ | كۇب مېتىر | $m^3$ | |
| يۆتكىلىش | $s$ | مېتىر | m | |
| تېزلىك | $v$ | مېتىر ھەر سېكۇنت | m/s | |
| تېزلىنىش | $a$ | مېتىر ھەر كۋادرات سېكۇنت | $m/s^2$ | |
| بۇلۇڭلۇق تېزلىك | $\omega$ | رادىئان ھەر سېكۇنت | rad/s | |
| چاستوتا | $\nu$ ، $f$ | ھېرتس | Hz | $1Hz = 1s^{-1}$ |
| (ماسسا) زىچلىق | $\rho$ | كىلوگرام ھەر كۇب مېتىر | $kg/m^3$ | |
| كۈچ | $F$ | نيۇتون | N | $1N = 1kg \cdot m/s^2$ |
| كۈچ مومېنتى | $M$ | نيۇتون • مېتىر | N • m | |
| ھەرىكەت مىقدارى | $p$ | كىلوگرام مېتىر ھەر سېكۇنت | kg • m/s | |
| بېسىم | $p$ | پاسكال | Pa | $1Pa = 1N/m^2$ |
| ئىش | $(A)$ ، $W$ | جوئۇل | J | $1J = 1N \cdot m$ |
| ئېنېرگىيە | $E$ | جوئۇل | J | |
| قۇۋۋەت | $P$ | ۋات | W | $1W = 1J/s$ |

Scanned by CamScanner

# بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچە-ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| 力 | force | كۈچ |
| 牛顿（力的单位） | newton | نيۇتون (كۈچنىڭ بىرلىكى) |
| 重力 | gravity | ئېغىرلىق كۈچى |
| 重心 | center of gravity | ئېغىرلىق مەركىزى |
| 弹力 | elastic force | ئېلاستىك كۈچ |
| 摩擦力 | friction force | سۈركىلىش كۈچى |
| 滑动摩擦 | sliding friction | سىيرىلما سۈركىلىش |
| 静摩擦系数 | static friction factor | تىنچ سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى |
| 动摩擦因数 | dynamic friction factor | ھەرىكەتتىكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى |
| 力的合成 | composition of forces | كۈچلەرنى قوشۇش |
| 力的分解 | resolution of forces | كۈچنى ئاجرىتىش |
| 机械运动 | mechanical motion | مېخانىك ھەرىكەت |
| 参考系 | reference frame | پايدىلىنىش سىستېمىسى |
| 质点 | mass point | ماددىي نۇقتا |
| 直线运动 | rectilinear motion | تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت |
| 位移 | displacement | يۆتكىلىش |
| 速度 | velocity | تېزلىك |
| 速率 | speed | سۈرئەت |
| 平均速度 | average velocity | ئوتتۇرىچە تېزلىك |
| 平均速率 | average speed | ئوتتۇرىچە سۈرئەت |
| 瞬时速度 | instantaneous velocity | پەيتلىك تېزلىك |
| 加速度 | acceleration | تېزلىنىش |
| 自由落体 | freely falling body | ئەركىن چۈشكەن جىسىم |
| 重力加速度 | acceleration due to gravity | ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشى |
| 运动学 | kinematics | كىنېماتىكا |
| 动力学 | dynamics | دىنامىكا |
| 牛顿第一定律 | Newton first law | نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى |
| 惯性 | inertia | ئىنېرتسىيە |
| 牛顿第二定律 | Newton second law | نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى |
| 牛顿第三定律 | Newton third law | نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنى |
| 超重 | overweight | ئېغىرلىق ئېشىپ كېتىش |
| 失重 | weightlessness | ئېغىرلىق يوقىتىش |
| 惯性系 | inertial system | ئىنېرتسىيىلىك سىستېما |
| 非惯性系 | noninertial system | ئىنېرتسىيىلىك بولمىغان سىستېما |
| 惯性力 | inertial force | ئىنېرتسىيىلىك كۈچ |
| 平衡状态 | equilibrium state | تەڭپۇڭ ھالەت |



Scanned by CamScanner

| | | |
|---|---|---|
| 力矩 | moment of force | كۈچ مومېنتى |
| 曲线运动 | curvilinear motion | ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت |
| 圆周运动 | circular motion | چەمبەر بويلىما ھەرىكەت |
| 周期 | period | دەۋر |
| 频率 | frequency | چاستوتا |
| 向心力 | centripetal force | مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ |
| 向心加速度 | centripetal acceleration | مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىش |
| 万有引力 | universal gravitation | ئالەملىك تارتىشىش كۈچى |
| 万有引力定律 | law of universal gravitation | ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنى |
| 引力常量 | gravitational constant | ئالەملىك تارتىشىش كۈچى تۇراقلىقى |
| 第一宇宙速度 | first cosmic velocity | بىرىنچى ئالەم تېزلىكى |
| 第二宇宙速度 | second cosmic velocity | ئىككىنچى ئالەم تېزلىكى |
| 第三宇宙速度 | third cosmic velocity | ئۈچىنچى ئالەم تېزلىكى |
| 功 | work | ئىش |
| 焦耳(功的单位) | joule | جوئۇل (ئىشنىڭ بىرلىكى) |
| 功率 | power | قۇۋۋەت |
| 瓦特(功率的单位) | watt | ۋات (قۇۋۋەتنىڭ بىرلىكى) |
| 能 | energy | ئېنېرگىيە |
| 动能 | kinetic energy | ھەرىكەت ئېنېرگىيە |
| 动能定理 | theorem of kinetic energy | ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسى |
| 势能 | potential energy | پوتېنسىئال ئېنېرگىيە |
| 重力势能 | gravitational potential energy | ئېغىرلىق كۈچ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى |
| 弹性势能 | elastic potential energy | ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيە |
| 机械能 | mechanical energy | مېخانىك ئېنېرگىيە |
| 机械能守恒定律 | law of conservation of mechanical energy | مېخانىك ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى |

Scanned by CamScanner